# تارىم

3

1989



مەرھۇم شائىر ئابدۇكېرىم خوجا پاكىستاندا.

**باش مۇھەررىر:** ئابلىمىت سادىق.

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۇكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بورھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

3

1989

39-يىل نەشرى


## بۇ ساندا

غەلبە مۇھەممەت

### بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس

...ئۇنىڭ رۇخسارىدىكى دائىم ئۆچمەيدىغان شەپەق شولىسىدەك قىزىللىقنى خورلۇقنىڭ قارا تۇمانلىرى يۇتۇپ كەتكەن، قاپقارا نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى مېھرى - شەپقەت جۇلاسىنى ھاقارەتلىنىش ۋە ئازاب پاراكەندىچىلىكى كەلكۈندەك باستۇرۇۋالغانىدى.

*　*　*

ئادىلجان تۇنىياز

### بىر گۈزەل ناخشىغا تولدى ئانا يەر

گۈيلەردىن مەي ئىچىپ بولىمەن مەسخۇش،
جىلۋىدار نۇرلارغا پۈركەنگەن ئاخشام.
تەبىئەت سازەندە، يۈرىكىم رەققاس،
تاڭغىچە ئۇزۇلمەي ياڭرايدۇ ناخشام.

*　*　*

ئەختەم ئۆمەر

### قۇرتلاپ كەتكەن كۆل

بۇ كۆلنى بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى قاسىم باپكار دېگەن ئادەم كولاتقانىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «باپكارنىڭ كۆلى» دەپ ئاتىشاتتى، ئاياغقىم يېزىسىنى كۆكلىتىپ تۇرغىنى پەقەت مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيى ئىدى.

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


غەلىبە مۇھەممەت ........................ بۇ مۇھەببەت ئۇچۇن ئەمەس (ھېكايە) ...... 4
ئايگۇل مۆيدىن ........................ يىراقتىن كەلگەن ئەلچى (ھېكايە) ............ 37
ئەختەم ئۆمەر ........................ قۇرتلاپ كەتكەن كۆل (پوۋېست) ............ 47
زوردۇن سابىر ........................ يوقالماس كۆلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم (ئەسلىمە) ............ 71
ئارسلان ........................ «ئاق كۆكۈل» خۇشامەتچى (ھېكايە) ............ 87


## شېئىرلار


قۇندۇز مۇھەممەت ........................ ياندىن سىزىلغان سۈرەتلەر ........................ 22
پاتىگۇل مۇھەممەت ........................ خىلۋەتتىكى تاتلىق پىچىرلاش ........................ 24
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ........................ شېئىرلار ........................ 25
بۈۋىھەجەر ئارمىيە ........................ نىمشىبھىت روھىدىن تامغان شېئىرلار ........................ 28
كەرىمە ئابدۇللا ........................ تاشلىدىم كەك نەزەر كائىناتقا مەن ........................ 29
ئادالەت ئابدۇرېھىم ........................ ھاياتقا مۇھەببەت ........................ 31
رەشىدەم سىيىت ........................ شېئىرلار ........................ 32
نۇرسىمان ئابدۇقادىر ........................ ناخشا خۇمار قىزمەن ئەزەلدىن ........................ 34
خانئايىم ياقۇپ ........................ تاك بىلەن ئۇچرىشىش ........................ 35
ئايشەم كېرىم ........................ كىگانت چوققىدا ........................ 36
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ........................ بۇ يىلقى گۈللەر ئۇ ........................ 85
ئەركىن مۇھەممەت ........................ ئۈچ شېئىر ........................ 86
ئادىلجان تۇنىياز ........................ بىر گۈزەل ناخشىغا تولدى ئانا يەر ........................ 100
تۇرسۇنجان ھاشىمى ........................ سۈبھى چېچەكلىرى ........................ 102
مىرزاھىد كېرىمى ........................ بۈگۈن توغرىلىق يېڭى ناخشىلار ........................ 104
ئابابەكرى تۇيغۇن ........................ ئانا ........................ 105
باۋۇدۇن نىياز ........................ ئانامغا تەسەللى ........................ 107
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ........................ ھايات رەڭدار گىلەمدەك چاقنار ........................ 108


«تارىم» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

پەرھات تۇرسۇن ...... ئىككى شېئىر ...... 109

ئەنۋەر ساۋۇت ...... كېچىككەن چۈشلەر ...... 109

ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن ...... غەزەللەر ...... 110

تۇرسۇن مۇسا ...... شېئىرلار ...... 111

ئەزىم ناسىر ...... چېچەكلەر ۋە غۇنچىلار ...... 159


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مەمتەلى قادىر ...... «قېلىپسىز خاراكتېر» نەدە بار ئىكەن؟ ...... 113


### بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


تالانتلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ...... 134


### مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


فېي شەنيا ...... مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ بوۋىسى — ھامسۇن ...... 138


### سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن


روزى قادىردى ...... 144

خېلىل ھەمرايېۋ ...... 147


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


نېمەت ئەمەنوۋ ...... ئىككى ھەجۋى ھېكايە ...... 150


ھۆسن خەتلەرنى ئابدۇراخمان ئابلىز يازغان

uyghurkitap.com

غالىبە مۇھەممەت

# بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس

(ھېكايە)

1

ئاسىيە كەچلىك سىمېنادا ئىشلەۋاتاتتى. سائەت 11 لەر ئەتراپىدا ئۇستىبېشىدىن گۆپۆلدەپ بېنزىن پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، قولىغا مايلىشىپ، قارىداپ كەتكەن پەلەي كىيىۋالغان 40 ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاق بىر ئادەم بىھوش بىمارنى كۆتۈرگىنىچە بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— شوپۇرمەن، — دېدى ئۇ بىمارنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستىبېگە تۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەن كىيىملىرىنى تۈزۈگەچ، — كۆمۈردىن كېلىۋاتاتتىم، بۇ كىشى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا يېتىپ قاپتۇ، قارىسام، ھالى بەك يامان، شۇڭا ئۇدۇللا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

ئاسىيە پىلاندوسكوپىنى ئېلىپ بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ تنام تەرەپكە قىيشىيىپ تۇرغان بېشىنى ئوڭلىماقچى بولۇپ سەل كۆتۈرۈپ ئۆزى تەرەپكە بۇرىدى-دە، گويا دىققەتسىزلىكتىن ئۆزى ئەڭ قورقىدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇپ ئالغاندەك قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ كەينىگە داجىدى ۋە بىرنەچچە دەقىقە ئېسىگە كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— مەستكەن، — دېدى يەنە بىر سېستىرا ئاسىيەگە قاراپ.

— سىلەر بولغاندىكىن مەن قايتاي، — دېدى شوپۇر دوختۇر بىلەن سېستىرادىن ئەپۇ سورىغاندەك، — كۆمۈرنى ئاپىرىدىغان جاي خېلى يىراق. ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپلا يوقلاپ كېلىمەن.

ئاسىيە شوپۇرنىڭ سۆزى بىلەن ئېسىگە كېلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك ئارىلاش شالى قۇيۇلۇپ تۇرغان بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىردەملىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن سېستىراغا بۇيرۇدى:

— ھاراقتا زەھەرلىنىپتۇ، ئالدى بىلەن ئاشقازىنىنى يۇيۇپ ئاندىن دەرھال ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى رېتسىپ قەغىزىگە ئالدىراپ دورا ئىسىملىرىنى يازدى.

2

ئاسىيەنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قېچىپ كەتتى. كېچىنىڭ تەننى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق ھاۋاسى گويا ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى مۇزلىتىپ، ئەسەبىي تىترەك ئولاشتۇرىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاستا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ئىدى. يانچۇقىغا تىقىلغان قولى پىلاندوسكوپىنى چىڭ سىقىمداپ تۇراتتى. ئاسىيەنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ خۇددى كېزىك كېسىلىدىن ئەمدىلا قوپقان، تېخى ماغدۇرىغا كېلىپ بولالمىغان بىماردەك تىترىدى، كۆز ئالدىدا ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر پارچە قويۇق تۇمان پەيدا بولدى، مانا شۇ تۇمانغا ئۇنىڭ نېرىقى ئۆيدىكى كارىۋاتتا يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ياتقان بايىقى بىمار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ھاياتى سىڭگەن، ياق! بۇ تۇماننى ئاشۇ ھايات، ئاشۇ ھاياتتىن كۆتۈرۈلگەن ئازابلىق نالىلەر پەيدا قىلغان: ئاھ، ئاسىيەنىڭ ئاشۇ ھاياتتىن كۆلەلمەي، ئەلەم بىلەن زارلىنىپ ئۆتكەن كۈنلىرى! بۇنىڭ سەۋەبچىسى مانا مۇشۇ خۇدىنى بىلمەي ئۆزىنى ئاسىيەگە تاپشۇرۇپ ياتقان ئەر. ئاسىيە ۋۇجۇدىغا ئاشۇ ۋاقىتلاردا ياماشقان جان قاقشاتقۇچ ئاغرىقتىن ئەمدىلا قۇتۇلغاندەك قىلىۋىدى، يەنە شۇ ئەر ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاچچىق ئاغرىقلارنى ئەسلىتىپ ئالدىدا يېتىپتۇ...

*

ئاشۇ يىللاردىكى «قايتا تەربىيە» ئۇنىڭ باھار چېچەكلىرىدەك ياشناۋاتقان تۇرمۇش ئارمانلىرىنى بەرگىدەك ئۈششۈتىۋەتتى. تىببىي ئىنستىتۇتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئاسىيە چەت بىر تاغلىق رايونغا ئۆزى يالغۇز تەقسىم قىلىنىپ جۆنەپ كەتتى. ئۇ يۈك ـ تاقلىرى بېسىلغان ئات ھارۋىسىدا يىراقتىن قوغۇشۇن رەڭگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا، ئۇنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان قازاق ئۆيلىرىگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۇ تېخى ئەمدىلا خوشلاشقان مەكتەپ ھاياتى، مەكتىپى، ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى سېغىنغانىدى. ئاشۇ جۇشقۇن ھايات، كۆڭۈللۈك چاغلار راستىنلا تامام بولغانمىدۇ؟ ئۇ، ھاياتنىڭ ئاشۇ گۈزەل بىر باسقۇچىنى ياشاپ بولغانمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇلارنى بۇرۇنراق سەزمىگۈدىدىكىن؟ ئاسىيەنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار كەتكەن تېرەكلەردە سارغىيىپ ئارانلا ئېسىلىپ تۇرغان ئاخىرقى غازاڭلار تاغ تەرەپتىن سوققان ئىزغىرىن شامالنىڭ تەۋرىتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بەرگىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقاندەك تولىمۇ ئاستا پەسلەپ يەرگە قوناتتى.

ئاسىيە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللۇق يولدا تولا سىلكىنىپ ئىچ ـ باغرى ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بىئاراملىق ئىچىدە ئولتۇراتتى، لېكىن يېڭى بىر ھايات — بۈگۈندىن باشلىنىدىغان مۇستەقىل تۇرمۇش ۋە خىزمەت ھاياتى، ناتونۇش ماكان ۋە ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىش ئاسىيەنى بەكمۇ قىزىقتۇرماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ سەندە بىر لاۋشاڭ① بار، ئەنە كۆردىڭمۇ؟ ــ دېدى يول بويى گەپ-سۆزسىز كېلىۋاتقان خۇيزۇ ھارۋىكەش توساتتىن ئالدى تەرەپنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ. ئاسىيە بوينىنى سوزۇپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۈچ ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا مۇردىسىگە سېرىق سومكا ئېسىۋالغان بىرسى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ، ئۇلار كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

ــ ئابدۇ، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ ھارۋىكەش ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سورىدى ۋە ئاسىيەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، ــ قارا، سەندە بىر لاۋشاڭ كەلدى، ئۆزى دوختۇر.

ناتونۇش كۆزلەر «لاپ» قىلىپ بىر - بىرىگە قىزىقىش بىلەن باققاندىن كېيىن، ئاسىيە دەرھال نەزەرىنى يىغىپ، يىگىتنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن يۈك - تاقىسىنى تەرەپكە سىلجىدى، يىگىت ھارۋىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاسىيەگە بايىقىدەكلا قىزغىنلىق ۋە قىزىقىش بىلەن سەپسالدى ۋە:

ــ دوختۇر كېلىدىكەن دىيىشىدى، سىز كەنسىز - دە، ــ دېدى ھارۋا قوزغىلىش بىلەن تەڭلا گەپ باشلاپ، ــ ئىسمىڭىز نېمە؟

ــ ئاسىيە.

ــ مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇللا، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغانىدىم. ئىككى يىل بولدى، چارۋا دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

يول بويى مىسكىن كېلىۋاتقان ئاسىيەگە بۇ يىگىتنىڭ قىزغىنلىقى بەكمۇ يېقىپ كەتتى. ئۇ گويا بىر تۇغقان قېرىندىشىنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى.

ــ ئابدۇ، خۇش بولدىمۇ، سەندە پايداڭزا بار، ــ دېدى ھارۋىكەش قامچىسىنى ئات ئۈستىدە ئوينىتىپ قويغاندىن كېيىن كەينىگە قاراپ كۈلۈپ.

يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋە قىلدى. ئۇ بېشىدىكى كونا شەپكىسىنى بىردەم - بىردەم ئېلىپ ئۆسكىلەك، يىرىك قارا چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارايتتى، سەۋەبسىزلا كۈلەتتى ۋە ئاسىيەگە يەر تېگىدىن ئىتتىك - ئىتتىك باقاتتى. لەۋلىرى بىر شېرىنلىكنى تامشىپ قانمايۋاتقاندەك قىيا ئېچىلغانىدى.

* *

ئابدۇللا مەھەللىدىكىلەرنىڭ قىزىقسىنىپ كۈلۈشلىرىگە، ھەر خىل گەپلەر بىلەن ئاسىيەگە چېتىپ چاقچاق قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، دادۇي ئىشخانىلىرى قاتارىدىكى دوختۇرخانا قىلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن كونا ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى رېمونت قىلدى. گۈڭشې بازىرىدىن گۈللۈك قەغەز ئەكېلىپ ئۆينىڭ تورۇسىنى خۇيلىدى، ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خۇمداندىن ھاك ئەكېلىپ ئاسىيەنىڭ «بولدى، ئۆزۈم قىلاي» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆينىڭ ئىچى-تېشىنى ئاقارتىپ چىقتى. ئاسىيە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىنى ئاق داكا چىمىلدىق بىلەن ئايرىپ ياتاق ياسىدى. قالغان يەرگە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دورا- ئوكۇل ئىشكاپى ۋە ئۈستەل قويۇلدى. گەرچە ئۆي كىچىك بولسىمۇ،

---

(1) يۇرتداش.

ئەمما ئابدۇللا بىلەن ئاسىيەنىڭ تىرىشـ
چانلىقىدا بەكمۇ سەرەمجان، رەتلىـك ۋە
كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى. كۈندۈزلىرى بۇ
يەردىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەتتا
بەزى كۈنلىرى نۆۋەت ساقلاپ ئولتـۇرۇپ
كەتكەن كېسەلنىڭ جىقلىقىدىن ئالدىراشـ
چىلىقتا ئاسىيە كۈنىنىڭ قانـداق كـەچ
بولغانلىقىنى سەزمەيلا قالاتتى. كۈن تاغ
كەينىگە قايرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن،
كىشلەر شالاڭشىپ داۋىي ئىشخانىلىـرى
جايلاشقان بۇ يوغان قورۇدا ئاسىيە يالـ
غۇز قـالاتتـى. دېھقـانـلارنىڭ ئۆيـلىرى
بۇ يەردىن يىراقراق ھەم شالاڭ جايلاشـ
قانلىقى ئۈچۈن كەچ كىرگەنسېرى ئاسىـ
يەنىڭ يۈرىكىنى قورقۇش ۋە غـېرىـبىسـ
نىش ئىگىلەيتتى، بۇ سېزىم ئـۇنى ئـەنـ
دۇكـتۇرەتتى، چـۆچۈتـەتـتى، نەپەسلىـ
رىنى بوغۇپ ھەر بىر تىنىقىنى تىڭشايـ
دىغان قىلىپ قوياتتى. داۋىي باشلىقلىرى
ئۇنىڭ يېتىپ - قوپۇشىنى ئەزالارنىڭ ئۆيىـ
گە ئورۇنلاشتۇرمـاقچى بولغاندا ئۇنىمىغانـ
لىقى ئۈچۈن مىڭبىر پۇشايمان قىلدۇراتتى.
چوڭ شەھەرنىڭ تاكى تۈن تەڭ بولغۇچە
بېسىلمايدىغان شاۋقۇن - سۈرەنىگە، كۈنـ
دۈزدەك يورۇتۇپ تـۇرىـدىـغان نـۇرلۇق
چىراغلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان ئاسىيەدە بۇ
خىلۋەت قورۇدا يالغۇز قالغاندا پەيدا بولـ
دىغان بۇ خىل قورقۇنچ ئۇنى ئادەمگە موھـ
تاج قىلىپ قويدى.

پەقەت بىرلا ئابدۇللا ھەركـۈنى نا-
مازشام بىلەن يوقلاپ كىرەتتى.

ــ ياخشىمۇسىز؟ــ دەيتتى ئۇ قولىنى
قوشتۇرۇپ تۇرۇپ،ــنېمىگىز كەم، نېمىگىز
تولۇق، نېمىگىز يىراق، نېمىگىز يېقىن؟
خىزمىتىگىزگە قۇللۇق!

شۇنىڭ بىلەن ئاسىيەنىڭ غېرىبلىـ
قى غايىب بولۇپ، ئابدۇللا بىلەن ئۇزۇنـ
دىن - ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى. ئۆزىـگە ئـەتـ
كەن تاماقلىرى بىلەن مېھمان قىلاتتـى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىدە ئۇلار توي
قىلغۇدەك دېگەن مىش - مىش پاراڭ چىـ
قىشقا باشلىدى. بۇنداق پاراڭنىـڭ چىـ
قىشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى بىرنەچچىلا
داۋىي بار بىر گۇڭشېدا ئىككىـسـىدىن
باشقا مىللەتداش بولمىسا، ئىككىسى بىر
مەھەللىدە، بىرى ئادەم دوختـۇرى، بىرى
مال دوخـتـۇرى، ئۇنـىڭ ئۈستىگە، بىرى
ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشنى تازا ئـارزۇ
قىلىدىغان ياشتا كېتىپ بارغان نەۋقىران
يىگىت، يەنە بىرى ھۆسنىگە تولۇپ تەييار
بولغان قىز تۇرسا، قانداقمۇ بۇنداق گەپنى
چىقمايدۇ دېگىلى بولسۇن؟ بىراق بۇ گەپـ
تىن ئاسىيە بەكمۇ خاپا بولاتتى. شۇنداق
گەپنى قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى يىلىملىـ
ۋەتكۈسى كېلەتتى. گەپنىـڭ راسـتىنىـى
ئېيتقاندا، ئاسىيە ئابـدۇلـلانى ھۆرمـەت
قىلاتتى. بۇ يىگىتنىـڭ تـازا قـورامىـغا
يەتكەن مۇشۇنداق چاغلىرىدا شارائىتىنىڭ
يار بەرمەسلىكى تۈپەيلـىـدىن بويتـاق
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىناتتى، ئىچ
ئاغرىتاتتى، لېكىن ئاسىيە كۆڭـلـىـنـى
ھەرقانچە ئاقتۇرسىمۇ تېپىلىدىغىنى مانا
شۇلا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆڭـلـىـدە
زەررىچە نەرسە يوق. شۇڭا ئۇ تېرىكـتى،
ھەتتا بۇ گەپ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگـدى.
تەبىئىي ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىـ
دا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئابدۇلـ
لادىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىـغان
يىگىتلەرنىمۇ نەزەر كۆزىگە ئىلىپ قويـ
ماي يۈرگەنىدى. ئەمدى قانداق قىلىپ

ئۇنىڭدا ھېچقانداق سۆيۈنۈش ھېسسىياتى
قوزغىمىغان بۇ قارا مۇتىۋۇق، كېلەچىگىنى
يىگىتكە ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك؟ بۇلار-
نى ئويلىسا ئاسىيەنىڭ بەدىنىنى سوغۇق
تىتىرەك باساتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى كۈن-
لەردە ئابدۇللاغا يۇرۇنقىدەك چىراي ئاچ-
مايدىغان، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ كىرگىنى-
نىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۆز ئىشى بى-
لەن بەنت بولۇپ تۇرىۋېرىدىغان بولۇۋال-
دى. ئابدۇللاچۇ؟ ئۇ ئاسىيەنى يولدا، ھار-
ۋىدا ئۇچراتقان چاغدىلا ياخشى كۆرۈپ
قالغانىدى. ئاسىيە كەلگەن كۈندىن باش-
لاپ ئۇ بىر گۈزەل ھاياتقا قايىتىدىن
قەدەم قويغاندەك ھاياجانلىق ھېس-تۇي-
غۇلارغا چۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاسىيەنى
بىر كۈن كۆرمىسە چىدىمايتتى، ئۇنىڭ
ئوتىدا پۇچىلىنىپ تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزەتتى. بۇ ۋىسال تەشنالىقى ئۇنىڭ
يۈرىكىگە شېرىن ئازاب سېلىپ، قويغان،
ئۇتقىنىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئۇ
بۇ كۆڭۈل ئىستىكىنى ئاسىيەنىڭ قوبۇل قى-
لىشىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بىرقانچە قې-
تىم ئاسىيەگە تەلەپ قويدى. بىراق ئويلىمى-
غان يەردىن ئاسىيە ئۇنى رەت قىلدى. بۇ ئىش
ئابدۇللانى خىجىل قىلدى، رەنجىتتى ھەم
ئازابلىدى، ئەمما كۆڭلىنى قايتۇرالمىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن مەھەللىدە تۇ-
يۇقسىزلا ھاۋا ئۆزگىرىپ دەھشەتلىك بوران
چىقىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆي-ئۆيلىرىگە
قاچتى. بوراننىڭ ئەۋجىگە ئېلىپ سۈرلۈك
گۈركىرىشى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق
قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سالاتتى، كەچ كىرىپ
بوران تېخىمۇ كۈچەيدى، ئاسىيە ئىشىك-
دېرىزىلەرگە قورقۇمسىراپ قاراپ قوياتتى.
دېرىزىنىڭ ئەينەكسىز كۆزنىكىگە چاپ-
لانغان قەغەز يىرتىلىپ، بوراننىڭ زەر-
بىسىدە تېخىمۇ ئەنسىز شاراقشىپ ۋەھىمە
سالاتتى. ئۆي سوغۇق بولغانلىقتىن، ئۇ
يوتقانغا كىرىپ كىتاب كۆرمەكچى بولدى،
ئەمما سوغۇق ۋە بوراننىڭ پاراكەندى-
چىلىكىدىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە ھېچنەرسە
چۈشمىدى. ئۇ ئاخىرى كىتابىنى قو-
يۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتتى. ئال-
لىقاياقلاردىن كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك
ھۇشقۇيتۇش يەر بېغىرلاپ ئۇقتەك ئۇ-
چۇپ كېلىپ دېرىزە ئالدىدىن كېتەتتى.
نېمىلەردۇر تاراقشىپ ئۆرۈلەتتى. يىراق-
يېراقتىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋىغان ئاۋا-
زى كېلەتتى. ئاسىيە قاچانلاردا ئۇخلاپ
قالغانلىقىنى بىلمىدى. بىر چاغدا ئۇ
خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك چۆچۈپ ئوي-
غىنىپ كەتتى. كېچىسى ھۇۋۇللاپ قالدى-
غان بۇ يالغۇز قورۇدا ئۆتكۈزگەن ئۈچ
يىللىق ھايات ئۇنى تولىمۇ ھوشيار قى-
لىپ قويغانىدى. ئۇ چاشقاننىڭ تىرىق-
لىشىدىنمۇ ئويغىنىپ كېتەتتى. تۇيۇقسىز
ئۇنىڭ قۇلىقىغا غەيرى، يېقىمسىز بىر ئاۋاز
كىرگەندەك قىلدى. ئاسىيە لاپپىدە كۆ-
زىنى ئاچتى. ئەينەكسىز كۆزنەككە چاپلاپ
قويۇلغان گېزىت يىرتىلغان. جەينىكىگىچە
ئېچىدە كىرگەن بىر قول ھە دەپ تاقاق-
لىق دېرىزە قاناتلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن
ئىلگەكنى ئىزدىمەكتە ئىدى. دېرىزىگە
خۇددى شەپەرەڭدەك چاپلىشىپ تۇرغان
بىر قارا گەۋدە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇر-
غان غۇۋا يورۇقلۇقنى توسۇپ، ئۆينى
تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ئاسى-
يەنىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىپ كەتتى،
قورقۇش، ھودۇقۇش ئۇنى شۇ دەرىجىگە
يەتكۈزدىكى، ئۇ خۇددى ئېلىشىپ قالغان

www.uyghurkitap.com

ئادەمدەك چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى:
— ئوغرى كەلدى، ئابدۇللا قوپۇڭ!
ئىتتىك بولۇڭ! مانا چەيىدۇ، ياق، چى-
راغنى ياقماڭ! ... — ئاسىيە بىر تەرەپتىن،
ۋارقىرايتتى، بىر تەرەپتىن، ئۆي ئىچىدە
ئۆزىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇرۇپ نەرسە كې-
رەكلەرنى تاراقشىتاتتى. قارا گەۋدە ھاپىلا ـ
شاپىلا قولىنى تارتىپ دېرىزە ئالدىدىن
يوقالدى. ئاسىيەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى
قارا تەرگە چۆمدى، ئاۋازى بوغۇلدى.
سىرتتا بوران گۈركىرىمەكتە. يىرتىلغان
قەغەز توختىماي شاراقشىماقتا، ئاسىيە
ئۆزىنى تۇتالماي خالاقلاپ تىترەشكە
باشلىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن يامىراپ كېلى-
ۋاتقان يىغا بوغۇزىغا ئۇرۇلۇپ ھىققىداپ
كەتتى، جانىقىغا پاتماي ئۆرلەپ چىققان
ياش يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ،
ئۈن چىقارماسلىققا تىرىشىپ يوتقان بى-
لەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى، ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن
ئېزىلمەكتە. ئىچ ـ ئىچىدىن پۇغانى قايناپ
بوغۇلماقتا ئىدى.

بوران ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ توخ-
تىدى. يىراقتىن خوراز چىللاپ تاڭدىن
بەلگە بەردى. ئاسىيە قورقۇنچ، غېرىبى-
لىق، ئەلەم بىلەن ئۇزۇنغىچە ئاشۇنداق
ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا ھەممە نەر-
سە كەچتى. ئۆتكەن ھاياتى، ھازىرقى
ھاياتى ۋە كېيىنكى ھاياتى كەچتى. يىراق-
يېقىندىكى توخۇلارنىڭ كەينى ـ كەينى-
دىن قىچقىرىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ
چىقمىدى. يەر ـ جاھاننىڭ سۈتتەك يو-
رۇپ كەتكىنىنى كۆزى كۆرمىدى. ئىشقا
چىققان دېھقانلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى
خىيالىنى بۆلەلمىدى. ئۇ پەقەت قارىغۇچى
قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا ـ دېرىزىنىڭ
قەغىزى يىرتىلغان كۆزىنىكىگە تىكىلگەن
پېتى تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى،
بىر چاغدا ئىشىكنىڭ جالداقشىتىپ تار-
تىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. دەس-
لەپ ئىشىك ئالدىدا بىرنەچچە
ئادەمنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى،
ئارقىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ: «ئاسىيە
دوختۇر!» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى، ئا-
سىيە ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، بىراق
تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مادار
مۇشۇ بىر كېچىدە سەرپ بولۇپ تۈگەپ
كەتكەندەك، ئورنىدىن قىمىرلىيالمىدى.
ئۇنىڭ بېشى ھەم كۆزى چىڭقىلىپ لوقۇل-
دىماقتا، پۇت ـ قوللىرى دىر ـ دىر تىترە-
مەكتە ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە خىزمەتكە
كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم
دوختۇرخانىسىنى ئاچالمىدى. ئاسىيە يوت-
قىنىنى تارتىپ يېپىنىشقىمۇ مادارى يەتمى-
گەن ھالدا يېنىغا ئۆرۈلۈپ بۇقۇلداپ
يىغلاپ كەتتى. كېچە بولۇپ ئۆتكەن ئىش
ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئۇ، بۇ
خورلۇققا چىدىماي تولغاندى. ئاشۇ قور-
قۇنچلۇق مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلسىلا
ئۇنى سوغۇق تىترەك باساتتى. ئۇ شۇ
دەمدە نېمە ئۈچۈن ئابدۇللانى تىلغا ئې-
لىپ قالغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ
نامىدىن پايدىلىنىپ قوغدىنىشنى ئويلاپ
قالغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى.
راستىنلا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئابدۇللادىن
غايىبانىسىگە پايدىلاندىكىنە؟ ئۈچ يىلدىن
بېرى ئۇ ئابدۇللانىڭ تەلمۈرۈشلىرىگە
پىسەنت قىلماي، ھەتتا شۇ ھەقتىكى گەپ-
سۆزلەرنى ئاڭلىسىلا تېرىكىپ يۈرگەنىدى،
بىراق ئۇ ئاخشامقى قورقۇنچلۇق پەيتتە
ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنى ئاغ-

www.uyghurkitap.com

زىغا ئېلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ئاسىيە ئۇچۇن مەيدە كېرىپ ئالدىغا چىققىدىغان، ئاسىيەگە موھتاجلىق ئازابى يەتكەندە ھازىر بولىدىغان ئابدۇللادىن باشقا كىم بار؟ ئۇ ئاسىيەگە مۇشۇ توغرىلىق مىڭ مەرتىۋە، ئون مىڭ مەرتىۋە ۋەدە قىلغان ئىدىغۇ. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي ئابدۇللانى تىلغا ئالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۇرمۇشتا ئاشۇنداق بىر ھەمراھنىڭ بولۇشىغا موھتاج بولسا كېرەك. ئۇ ئەمدى ئابدۇللانىڭ ئۈچ يىلدىن بېرىقى مەجنۇنلارچە مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇھەببەت بولمىسىمۇ، بەخت، لەززەت بولمىسىمۇ، تەشۋىش بولمىسىلا، يالغۇزلۇق بولمىسىلا، ئاخشامقىدەك قورقۇنچلۇق كېچىگە دۇچار بولمىسىلا مەيلى.

بىر كۈن كەچكىچە ئويلانغان ئاسىيە ئاخىر شۇ قارارغا كەلدى.

3

ئابدۇللا بىلەن ئاسىيە ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان قوشنا ناھىيىگە يۆتكىلەلىدى. ئاسىيە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا، ئابدۇللا ناھىيىلىك مالدوختۇرلۇق پونكىتىغا ئورۇنلاشتى.

— قانداق بولۇپ بۇ كىشىگە تېگىپ قالغانتىڭىز؟ ئۆزىڭىزگە پەقەتلا ماس ئەمەسقۇ؟ — ئۇلار يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاسىيەنىڭ بەزى خىزمەتداش ھەم قوشنىلىرى ئاسىيەدىن ھەيران بولۇپ سوراشتى، — ئۆزىڭىزگە قارىسا بىر قوشۇق چاي بىلەن ئوتلاپ يۇتۇۋالغۇدەك، ئەمما ئۇ ياق ...

بىر كۈنى 40 ياشتىن ئېشىپمۇ ئۆيلەنمىگەن بىر قېرى يىگىت ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىپ كېتەر ۋاقتىدا ھېيىقمايلا مۇنداق دېدى:

— قىز بالا توي قىلغۇسى كەلسە كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەسمىش، بىز ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلىمىز چۈشمىسە قېرىپ كېتىشكە رازىمىزكى، ئۇنداق توينى قىلمايلا ئارىلىشىپ كېتىمىز. سىلەر ئۇنداق ئەمەسكەنسىلەر. ئاسىيە دوختۇر، ئالتۇن بىلىقنىڭ قارا پاتقاقتا ئۆزگىنىنى كۆرگەنمىدىڭىز، بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش - ھە؟!

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كەلسە - كەلمەس ئارىلىشىشنىڭ ئۆزى مەدەنىيەتسىزلىكقۇ، بىلگۈڭىز كەلسە ئېيتىپ بېرەي، مەن ناھايىتى بەختلىك، — ئاسىيە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

ئاسىيە ئۆز تۇرمۇشى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە كېلىپ قالغان ھەرقانداق ئادەمگە: «مەن ناھايىتى بەختلىك» دېگەن سۆزنى پەخىر ۋە ئىپتىخار بىلەن ئېيتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۇلارغا قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ، ئىچىدىن نېمىدۇر تېپىشقا تىرىشىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاسىيە بىلەن ئابدۇللانى ئەر-خوتۇن دېيىشكىمۇ ئاغزى بارماسمىش.

ئاسىيە ئابدۇللانى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلار توي قىلغان ئون يىلدىن بۇيان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇ ئالدى بىلەن ئابدۇللانى ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تىك كەلگۈدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. جېدەل - ماجىرا دېگەنغۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. ياق، ئۇلار جېدەل قىلىشقان، ئەمما پەقەت بىر قېتىملا، توينىڭ ئەتىسىلا.

ئابدۇللا شۇ كۈنى بىر كاردىۋات، بىر ئۈستەل بىلەنلا بېزەلگەن ئاددىيغىنا ئۆيدە ئاسىيەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بەختتىن يىغلىۋەتكەنىدى.

— بىلەمسىز ئاسىيە، مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىر تەۋەككۇل قىلدىم.

— نېمىگە تەۋەككۇل قىلدىڭىز؟ — ئاسىيە بېشىنى كۆتۈرمەي تولىمۇ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— مەن ... ھېلىقى كېچىسى سىزنى قورقۇتۇپ ...

— نېمە؟ — ئاسىيە ئەندىككەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى، — ئۇ، سىزمىدىڭىز؟ بۇ ياخشى ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. سىزنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىز مېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتۇ. ئىسىت بىلگەن بولسام... — ئاسىيە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مېنىڭ سىزنى قورقۇتۇش نىيىتىم يوق ئىدى ئاسىيە، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، تەلىپىمنى ئارقا - ئارقىدىن رەت قىلىۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئالجىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتىم. مېنىڭ قىلغىنىم مۇھەببەت ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن ... سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، — ئابدۇللا بەكمۇ بىچارە قىياپەتتە ئاسىيەگە تەلمۈردى.

ئاسىيە ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى. ئاسماننى ئاق تۇمان قاپلىغان، كۆك قەھرىدە مولالاق ئېتىپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان قۇشلار نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئاسىيە غەمكىن كۆزلىرىنى ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن بوشلۇققا تىككىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ئاسىيەنىڭ بىردىنلا دىلى يۇمشاپ ئابدۇللاغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. شۇڭا بېلىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوپال قوللارنى سىلكىۋېتىشتىن يالتىيىپ مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۇنجى قېتىملىق جېدەل.

ئاسىيە ئابدۇللا بىلەن توي قىلىپ خېلى كۈنلەرگىچە ئازابلىنىپ يۈردى. چۈنكى ئۇ ئارزۇسىغا — كۆڭۈل دۇنياسىغا باھار گۈزەللىكى بېغىشلايدىغان ئىنسانغا يېتەلمىگەنىدى. بىراق ئابدۇللانىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆيۈپ - پىشىپ سەكپارە بولۇشى، ئۇنى ئائىلىسى، ئېرى، بولغۇسى پەرزەنتى ئۈچۈن مۇھەببەت قويۇشقا ئۈندىدى. ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئائىلىسى ئۈچۈن تېخىمۇ جان تىكىدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئابدۇللا ئۇنى جاھاندىكى ھېچقانداق نەرسىنىڭ يېقىنچىلىقى ۋە تەڭداشسىزلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولالمايدىغان ئىككى بالىغا ئانا قىلدى. ئاسىيەنىڭ پۈتۈن پىكىر خىيالى، بارچە مەشغۇلاتى، ھەتتا ياشاش ئىستىكى پەقەت ئاشۇ ئېرى ۋە بالىلىرى

ئۇچۇنلا، ئۇلارنىڭ بەختى ئۇچۇنلا ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ دىلىنى شاد قىلىدىغان كىچىككىنە بىر پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقتا تىرىشاتتى.

... باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بۇنداق پۇرسەتتىن بىرسى كەلدى. بۈگۈن ئابدۇللانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئاسىيە ئىشتىن قايتىپ بازار ئارىلاپ يۈرۈپ بىرمۇنچە نەرسە-كېرەك ۋە ئابدۇللا ئۈچۈن نەچچە كۈن بۇرۇن كۆرۈپ قويغان چاقماق كۆڭلەكنى سېتىۋالدى. ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ، ئالدى بىلەن ئۈستەلنى تاتلىق-تۇرۇملار، تۇغۇلغان كۈن ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان تورت بىلەن راسلىدى: ھېلىقى چاقماق كۆڭلەكنى پەتنۇسقا سېلىپ ئورۇن ئۈستىگە ئېلىپ قويدى، ئاندىن ئابدۇللا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى تەييار قىلىپ، ئابدۇللانى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. بىراق ئابدۇللا شۇ ھامان سائەتكە قارىدى-دە، سىرتتا بەكمۇ مۇھىم بىر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئاسىيەنىڭ بىر كۈن كەچكىچە قىلغان تەييارلىقى بىكار بولدى. ئۇ ئىككى بالىنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىگە قاراپ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇردى. ئۇ شۇنداق ئولتۇرۇپ نەچچە سائەت ئۆتكىنىنى بىلمەي قالدى. پەقەت بالىلىرى ئۇخلايمىز، دەپ دەۋا قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، ئابدۇللانىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغان ھېلىقى كۆڭلەكنى ئېلىپ چامادانغا سېلىۋەتتى. بالىلىرىنىڭ ئورنىنى جايلاپ ئۇلارنىڭ قېشىدا خىيال بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. بۇ ئىش ئاسىيەنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئۇ كېيىم ئۈچۈن شۇنچە ئاۋارە بولغانىدى؟ ئابدۇللا ئۇنىڭ شۇنچە پايسىپتەك بولۇشلىرىنى قىلچىلىكمۇ نەزەرىگە ئېلىپ قويماي ئەجەب قىلدى-ھە؟ كاشكى، تاماقتىن كۆڭلىگە يارىشا بىرەر قوشۇق ئېغىز تەگكەن بولسىچۇ؟ بۇنداق ئىش يېقىندىن بۇيان مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئىشى چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال؟ مۇھىم ئىش دېگەن ۋاقتىدا بولمىسا بولمايدۇ-دە، ئىلاجى بولسا ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئاسىيە ئامبۇلاتورىيىدە ئۆز خىيالى بىلەن ئەنە شۇنداق سىردىشىپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ چىرايىنىڭ ئۆڭى سىلى قالمىغان ئىككى قوشنىسى ھاسىراپ-ھۆمۈدىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— بولسىلا ئاسىيەخان، چاققان بولسىلا، دەرھال قوپسىلا!

ئاسىيەنىڭ يۈرىكى ئېغىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ...

— نېمە بولدى؟ — سورىدى ئاسىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋېتىپ. ...

— چاققان بولسىلا، چاققان!

— زادى نېمە بولدى؟ — ئاسىيە ئۇچىسىدىكى ئاق خالاتنى قانداق سېلىپ تاشلىغىنىنى سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئەگەشتى. دوختۇرخانا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمچە يول ئىدى. ...

— ئۆيگە كىرسىلە بىلىلا، ئاسىيەخان. ئابدۇللاخۇن ياخشى ئادەم ئەمەسكەن، يۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە بىرىنچى قېتىم چېلىقىشى ئەمەس، خېلى ئۇزۇن

بولدى. قولۇم - قوشنىلار، كۆرەر دەپ بىزلەرنىڭغۇ كۆزىگە ئىلىنىپ قويمىسۇن، سىلىدەك ئايدەك خوتۇننى ئەسلى ئايىمىدى. سىلىگە ئىچىمىز ئاغرىپ چىدىماي قالدۇق. ھازىر ئۇلار ئۆيدە، كىرگەندە كۆرىلا.

بۇ گەپ قۇلىقىدىن كىردىمۇ ياكى يۈرىكىگە ئوق بولۇپ ئېتىلىپ كىردىمۇ، ئاسىيە بىلمەيتتى. ئۇنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا تارتتى. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىك ئىدى. ئۇ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىن قىلىپ تىڭشاپ باقتى. ئۆي ئىچى ئۈن - تىۋىشسىز جىمجىت ئىدى. ئۇ ئىشىكنى چالداقشىتىپ تارتتى.

— كىم؟ — خېلىدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئابدۇللانىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، ئىشىكنى ئېچىڭ.

ئالاھازەل ئۈن مىنۇتلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئابدۇللانىڭ چىرايىنى جىددىيلىشىش، تەمتىرەش، ئالاقزادىلىك ئىگىلىگەنىدى. ئۇچىسىدىكى ئاسىيە ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى چاقماق كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسى ئالمىشىپ ئېتىلگەنىدى.

— ئىشلىمىدىڭمۇ؟ — ئابدۇللا ھودۇقۇش ئىچىدە سورىدى.

ئاسىيە گەپ - سۆز قىلماستىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە ھېچكىم يوق، ئەمما ئورۇن - كۆرپىلەر ئېگىز - پەس تۇراتتى.

— ئىشقا بارمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئاسىيە ئادەتتىكىچە تەلەپپۇزدا.

— مىجەزىم يوق، قايتىپ كېلىپ ياتاي دەپ تۇراتتىم...

ئاسىيەنىڭ كۆزى توساتتىن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ ئاياغقا چۈشتى-دە، ئېتىلىپ بېرىپ كارىۋات ئايىغىنى قايرىدى. كارىۋاتنىڭ تېگىدە ناتونۇش بىر ئايال ئىككى پۈكلىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

— چىق بۇياققا، رەسۋا! — ئىزىدا قىمىرلىماي ياتقان ئايالغا قاراپ زەردە بىلەن بۇيرۇق قىلدى ئاسىيە.

ئايال ئاستا سوزۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ تېخى ئېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئالدى ئوچۇق كوپتىسىدىن يالىڭاچ كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسىيە ئۇنىڭغا بىر قارىدى-دە، سەسكىنىپ يۈزىنى ئۆرۈدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقماي قالدى. ئۇ ئالدىدا ئۆلۈكتەك قاتىرىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇللانى كېلىشتۈرۈپ ئىككى كاچات سالدى-دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئورۇندۇقنى قانداق تېپىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمىدى.

ئۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە كۆزلىرى نامەلۇم بىر نۇقتىغا قاراپ چەكچىيىپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغان، ئۈن - تىۋىشسىز ھالدا ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇردى. ئۆتكەن كۈنلەر، تۇرمۇش خاتىرىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپ، يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇ بېشىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، ئۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ۋۇجۇدى تەقدىر ئۇنىڭغا بۈگۈن كۆرسەتكەن رەسۋا كۆرۈنۈشنىڭ ئەلىمىدىن مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. قەلبىنى بىر خىل ئاچچىق ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت ۋە چىداپ بولماس پۇشايمان ئىگىلىگەنىدى. رۇخسارىدىكى دائىم ئۆچمەيدىغان

www.uyghurkitap.com

شەپەق شولىسىدەك قىزىللىقىنى خورلۇقنىڭ قارا تۇمانلىرى يۇتۇپ كەتكەن، قاپقارا نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى مېھرى-شەپقەت، جۇلاسىنى ھاقارەتلىنىش ۋە ئازاب پاراكەندىچىلىكى كەلكۈندەك باستۇرۇقا ئالغانىدى.

ئاسىيە ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئىشخانا ئىچى قاراڭغۇلۇققا پاتقان بولۇپ، ئەتراپ تىمتاس جىمىغانىدى. ئۇ دوختۇرخانىدا تۈنەشنى ياكى باشقا بىر ياققا كېتىشنى ئويلىمىدى. بىراق گۇناھسىز نارەسىدە باللىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇلار نېمە بولۇۋاتىدىكىن؟ ئانىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق تىكىپ تالاغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتامدىكىن؟ ئۇلار تۇغۇلغاندىن بۇيان ئاسىيە ئۇلارنى بىر كۈنمۇ يالغۇز تاشلاپ باقمىغان، بىر ۋاقىتمۇ ئىسسىقسىز قويمىغان، ئەگەر ئۆيگە كەتمىسە باللىرى تەرەپ-تەرەپكە ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىدۇ.

دېگەندەك، ئۇ ئۆيگە كەلگەندە باللار دۈگدىيىپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

— ئاپا، نەگە باردىڭ، بىز سېنى بەك ساقلاپ كەتتۇق، — دېدى ئۇلار چۇرقىرىشىپ.

ئاسىيە ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ قۇربى يەتمەي كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ، باللىرىنىڭ بېشىنى باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق مېھرى بىلەن سىلىدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چاي بەردى. ئورۇن-كۆرپىلىرىنى سېلىپ، پۇت-قوللىرىنى يۇيۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. ۋاقىت ئېغىرياتقۇ مەزگىلىدىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ باللىرىنىڭ قېشىدىلا يوتقان-كۆرپىسىز داق يەردە دۈم يېتىپ بىر كېچە ئۇنسىز يىغلاپ چىقتى.

## 4

«ئاسىيە ئابدۇللانى تۇتۇۋاپتۇ!» دېگەن سۆز چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپقا پۇر كەتتى. ئاسىيەنىڭ قولى زادى ئىشقا بارمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى قانداق بولار؟ ئۇ خورلۇق ۋە ئاھانەت كۆلەڭگىلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىنى ئۇنى خورلىغۇچى ۋە ئاھانەت قىلغۇچى ھېلىقى ئەركە قانداق توغرىسلار؟ ئۆزىنى ئابدۇللانىڭ ئەمرىگە راۋا كۆرۈپ، نىكاھقا رازىلىق بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئاسىيە ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىنى ناندەك پاك ساناپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئەزىبرايى بىرەر ئەركەككە تىكىلىپرەك قارىغان بولسا!

ئۇ ئابدۇللانىڭ قەلبىنىمۇ ئۆز قەلبىنىڭ ئەينىكى ئارقىلىق كۆزەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەلدى. بىراق تۈنۈگۈن ئۇ باشقا بىر ئەمەلىيەتنى كۆردى. پاكىت ئۇنىڭ ئىشەنچىنى بىتچىت قىلىپ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى مەنسىتمىگەن. گويا ئەقىدە خالىغان چاغدا خالىغان جايدىن تېپىۋالغىلى بولىدىغان ئەرزىمەس نەرسىدەك نەزەرىگە ئىلمىغانىدى. دېمەك، ئاسىيەنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قىممىتى، ھۆرمىتى بولمىدى. شۇڭا ئۇ قىلچە ھېيىق-

ماستىن ئاسىيەنى جاھاندىكى ئەڭ ئىپلاس ۋاستە ئارقىلىق ھاقارەت قىلدى. گەرچە ئاخشام ئابدۇللا جىنايەتچىگە خاس تەڭقىسلىق بىلەن ئۇنىڭغا «خاتالىشىپتىمەن، شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، مېنى مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرسەڭ، ئۆمۈر بويى ئايىغىڭغا سۆيۈپ ئۆتەتتىم» دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئاسىيە بەربىر ھاقارەتلەندى. بۇنى قانداقمۇ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈپ يوق قىلغىلى بولسۇن؟ بىر سەممىي قەلبتە ياڭراپ تۇرغان ھايات ناخشىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خورلۇق زارى، ئەلەم ئاھلىرى پەيدا قىلغان ئادەم ئەمدى ئاسىيەگە ئەر بولالارمۇ؟!

ئاسىيە تاماقتىن، ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇ كېچىلىرى ئاھ ئۇرۇپ، كۈندۈزلىرى ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ ئۆتتۈۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ تەمكىن تەبىئىتى ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مادارمۇ بېغىشلاۋاتاتتى. مالدوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى قاسىمجان ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئاسىيەنىڭ بىر كېلىشىنى سورىدى. ئاسىيەنىڭ ۋاپا ۋە ساداقەت بىلەن ئاچقان باغرىغا پاتماي قالغان ئابدۇللانى ئۆز نىيىتىگە لايىق نېسىۋە كۈتۈپ تۇراتتى. مالدوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ بۇ قىزىققان باشلىقى ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاسىمجان بىلەن ئابدۇللانىڭ بىر يەردە ئىشلىگەندىن بېرى پۈرچىقى پىششىماي كېلىۋاتاتتى. دېمەك، ئابدۇللانىڭ يانپاشقا چىقىدىغان قارايى كەلگەنىدى. خورلۇق يۈرىكىنى چاك ئەتكەن ئاسىيە نەچچە كېچە - كۈندۈزنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى - دە، ئېرىنىڭ ئىش ئورنىغا باردى. ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشى قاسىمجاننى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاسىيەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئاڭلىغانلىرىنى زەردىگۈش بولغان ھالدا بىرقۇر سۆزلىدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى. ئاسىيەنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتتى. قەلبى چىداپ تۇرغۇسىز ھاقارەتنىڭ زەربىدە يەنە بىر قېتىم پۈچۈلاندى. بىراق ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قاتتىق تىرىشتى:

— ئاڭلىغىنىمدەك، ئۇلارنى ئۆزىڭىز تۇتۇۋالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى قاسىمجان ئېچىنىش ئارىلاشقان سوئال نەزەرى بىلەن ئاسىيەگە قاراپ.

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق، مەن پەقەت ھېلىقى ئىككى خوتۇننىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۆيدىن ئەنسىرىدىم. قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— ۋۇي، — قاسىمجاننىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — سىز ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشۈپ قاپسىزغۇ؟

— ئۆيدە ئىككىسى بار ئىكەن، بۇ راست، بىراق مەن كىرسەم ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىككىسىدىن گۇمان قىلغۇدەك ھېچقانداق ئالامەت كۆرمىدىم. ھەتتا ۋاقىتسىز كىرىپ قالغىنىمغا خىجالەت بولۇپ قالدىم، — ئاسىيە لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى، نېپىز لېۋىدە چىشىنىڭ چوڭقۇر ئىزى قالدى.

— دېمەك، بۇ بىر ئويدۇرما گەپ دەڭ، — قاسىمجاننىڭ ئاۋازى پەسلەپ، كەيپىياتى سۇسلاشتى.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، بۇ بىر ئويدۇرما، بۇ گەپلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئوتتۇزىغا چىقىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. سىلەر ئابدۇللاغا ئىشىنىڭلار.

— لېكىن، ئۇ ئىككىسى توغرىسىدىكى پاراڭ خېلىدىن بۇيان... — قاسىمجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى تېمىدەپ چۈشۈرۈشنى بىلمەي توختاپ قالدى.

دەرۋەقە، قاسىمجانغا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. خوتۇن ئەرنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ پاكىلىقىغا گۇۋاھ بېرىپ تۇرغان يەردە باشقىلار ئەرنى قانداق قارىلىيالىسۇن؟ ئابدۇللانى راۋۇرۇس جازالاش توغرىسىدىكى پىلانى يوققا چىققان قاسىمجان بوشاشقان هالدا ئاسىيەنى ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاسىيە ئۈچۈن بۇنداق دېيىش ئاسانمىدى؟ ياق، ئۇ بۇنىڭ ئۆز ئىززەت - نەپسىگە قىلىنغان ئاسىيلىق، غۇرۇرىنى پەسلەشتۈرۈش، ئۆز ۋىجدانىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلاندى، دەسلەپ ئۆزى ئۈستىدە ئويلاندى. بۇ ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئۇنى «ئابدۇللادىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈش كېرەك، ئۇ ئارىنىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئەمەس» دېگەن قارارغا كەلتۈردى. بىراق ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ قارارى مۇجمەللەشتى. ئۇ ئەمدى ئايالىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمەس، ئانىلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئويلاندى. بۇ ئايرىلىش قالغۇز ئابدۇللا بىلەن ئاسىيە ئۈچۈنلا بولىدىغان ئايرىلىش ئەمەس، مۇھىمى، بالىلارنىڭ ياكى ئانىدىن، ياكى دادىسىدىن ئايرىلىشى بولىدۇ. ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان ئاشۇلارنى ياتلارنىڭ چىرايىغا تەلمۈرتۈش ئانا چىداپ تۇرالايدىغان ئازاب ئەمەس. ئاسىيە تېخى قېرىپ كەتمىگەندى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئامىقىنى چاكىلدىتىپ يۈرىدىغانلار ئاز ئەمەس. ھەتتا ئابدۇللادىن نەچچە ھەسسە ياخشىلىرى چىقىشى مۇمكىن. بىراق بالىلىرىغا دادا چىقمايدۇ، ھەرگىز چىقمايدۇ. ئۆز ئىززەت - نەپسى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەقلىق باشپاناھىدىن ئايرىۋېتىش ئاسىيە ئۈچۈن گۇناھ، ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ ئەمدى ئانا، ھازىر ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئويلايدىغان ۋاقتى. ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا قۇربان قىلالمايدىغان نېمىسى بار؟ ھەتتا ئىش جانغا تېگىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ!!

مانا بۇ ئويلار ئاسىيەنى ئابدۇللانى ئاقلاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئابدۇللانىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئابرويىنى قوغداپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاز بولمىغان بەدەل تۆلىدى، «دەرد پاتمانلاپ كىرىپ مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار، ئاسىيە ھېلىقى ئىپلاس مەنزىرىنى قانداق قىلىپ ئۇنتۇپ كېتىشىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ باغرى گويا بىر نىجىس كېسەللىنىڭ ئازابلىنىشىدا قالغاندەك كۈنۈ - تۈن توختىماي ئاغرىيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە شۇنچە زورلىسىمۇ بىراق يۈرىكىدە توختاپ قالغان بىر ئاغرىق ئۇنىڭغا ئۇ ئىشلارنى ھامان ئەسلىتىپ، خۇشاللىقى ۋە كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى، لېكىن ئاسىيە ھەممىنى ئىچىدە بىلىپ تى-

ۋىش چىقارمىدى. يۈرىكىدىن قان تېمىپ تۇرسىمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. قەلبى ئازاب ئاسارىتىدە غەزەپ دولقۇنى ئېتىپ تۇرسىمۇ ئۆزىگە خاتىرجەملىك تۈسى بەردى.

ئاسىيەنىڭ ئابدۇللانى ئاقلاپ چىقشى قوشنا ـ قولۇملارنى ھەيران قالدۇرۇپ، قاسىمجاننى غەزەپلەندۈردى.

— يانپاشقا ئۆزىلا يامىشىپ چىققاندى ـ دە، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە جىلى بولۇپ، — بۇ ئاسىيەنىڭ نېمە قىلغىنى، تازىمۇ ۋىجدانى يوق خوتۇنمۇ نېمە بۇ؟!

قوشنا ـ قولۇملارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مۇلاھىزىدە بولۇپ:

— ئەمدى ئۇنى قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈپ ئەر قىلىدىكىنتاڭ؟

— چىراي ـ ھۆسنى، بىلىمى بولغىنى بىلەن كۆڭلى پەس ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.

بۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزگە دارىتىملاپ دېگەنلەرمۇ بولدى. بۇنداق چاغدا ئاسىيەنىڭ يۈرىكى ئازابتىن ئېچىشىپ كېتەتتى. ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى. ئۆز ھالىغا بەكمۇ ئېچىناتتى. بىراق، مانا مۇشۇ «بىراق» لا ئاسىيەنى يەنىلا باشقىچە يول تۇتۇشقا، ئابدۇللا بىلەن يەنىلا بىر ئۆيدە ياشاشقا مەجبۇر قىلىپ تۇراتتى.

## 5

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى.

ئەتىيازدا ئاسىيە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئۈچ ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. قايتىدىغانىغا يېرىم ئاي قالدى دېگەندە كۈتۈلمىگەندە ئۇ قاسىمجاندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. قاسىمجان خەتتە قىسقىچىلا قىلىپ ئابدۇللانىڭ ھېلىقى خوتۇن بىلەن قوۋۇم ـ قوشنىلار ۋە قاسىمجان تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، ھازىر ئابدۇللانىڭ خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇلغانلىقى توغرىلىق يازغانىدى. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدىغا بۇندىن بىر يىل بۇرۇن ياماشقان ئەلەم ـ ھەسرەت ۋە خورلۇق ئوتى قايتىدىن تۇتاشتى. ئۇ بۇ ئوت ئىچىدە نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئۈنسىز ئېگراپ، تولغىنىپ كۆيدى. پۈتۈن قۇدرەت ـ مادارى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئۇ ئەمدى ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاشۇ ئىپلاس ئەر بىلەن بىللە ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. شۇڭا ئۆگىنىشنى تۈگىتىپ قايتىدىغان كۈنلەردە تەۋەككۈل قىلىپ دوختۇرخانا مەسئۇلى بىلەن مۇشۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ ئىشلەش ئارزۇسى ئۈستىدە سۆزلەشتى.

— سىز ئاۋۋال قايتىپ تۇرۇڭ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى، سىزنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىڭىزغا بىزمۇ قايىل، كەم ئورۇن يوقمۇ ئەمەس، — دېدى باشلىق ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

ئىش ھەقىقەتەن قاسىمجان خەتتە يازغاندەك بولغان. ئاسىيە كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا ھېلىقى خوتۇن بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەر ـ خوتۇندەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسى بىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاسىيەنىڭ قايتىپ بېرىپلا ئاجرىشىش توغرىلىق ئىلتىماس قىلىشى ھېچـ

كىمنى ھەيرانلىقتا قالدۇرمىدى. دوختۇر-
خانا ۋە مالدوختۇرلۇق پونكىتى ئۇنىڭ
ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلدى. ئارىدىن

6

ئەتىسى چۈش بىلەن ئاسىيە ئاب-
دۇللانىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى.
— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — دېدى
ئۇ قوللىرىنى خالتىسىنىڭ يانچۇقىغا سې-
لىپ تۇرۇپ، — بىر ئاز ياخشى بولۇپ
قالغاندەك تۇرامسىز؟
ئابدۇللا دەسلەپ ھودۇقتى، بۇ ھو-
دۇقۇشتىن ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ،
لەۋلىرىگە ئەسەبىي تىترەك ئولاشتى.
ئەمما ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تېز لا ئوڭشى-
ۋالدى - دە:
— خېلى ياخشى، — دېدى ياستۇق-
تىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ.
— بېشىڭىز يەنە ئاغرىپ تۇرامدۇ؟
— ئانچىكى.
— تاماقنى قانداق قىلىسىز؟
— تاماققا تىزىملىتىپ قويدۇم، — بۇ
گەپنى قىلىۋاتقان ئابدۇللانىڭ ئاۋازى
ئىختىيارسىز پەسلەپ كۆزى يەرگە
ئاغدى.
— دورىلارنى ۋاقتىدا ئىچىڭ، — ئا-
سىيە ئابدۇللاغا قاراپ بېشىنى يېنىك
لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى تەلمۈرۈشتىن
خۇمارلاشتى. ئاسىيەنىڭ گەۋدىسى يوقى-
لىپ خېلى ۋاقىتقىچەمۇ كۆزىنى ئىشىكتىن
ئالالماي ياتتى.
— بىزنىڭ دېگىنىمىز مۇشۇ دوخ-
تۇر، — دېدى ياتاقداشلىرىدىن بىرى ئاب-
دۇللاغا قاراپ، — ئاخشام سىزنىڭ يۈز -
كۆزىڭىزنى يۇدى، دورا ئىچكۈزدى. بۇل-

ئۇچ ئاي ئۆتكەندە ئاسىيە بالىلىرىنى ئې-
لىپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ
كەتتى.

غانغان كىيىملىرىڭىزنى سالدۇرۇپ ئېلىپ
چىقىپ كەتتى. ئۇرۇق - تۇغقىنى بولسا
كېرەك، دېيىشتۇق.
ئابدۇللا ياتاقتا بىر ھەپتە ياتتى.
بۇ جەرياندا ئاسىيە ئۇنى داۋالاشتىن
سىرت تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ تۇردى.
ئاسىيە ئابدۇللانىڭ تەلىپىگە بىنائەن
بالىلىرىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇنىڭ
قېشىغا كىرگۈزۈپ تۇردى. ئەمدى ئاب-
دۇللانىڭ چىرايىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق
ئويناپ تۇرىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىنى ھازىر، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ-
نىڭغا پەقەتلا يات بولۇپ كەتكەن بىر
تۇيغۇ — پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىۋال-
غانىدى. بوينىغا پلانىدىسكوپ ئاسقان،
ئاق دوپپا، ئاق خالاتلىق ئاسىيەنىڭ قى-
ياپىتى — ئۆزىنى تۇتۇشى، ھەتتا قەدەم
ئېلىشلىرىغىچە، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قايتا -
قايتا پەيدا بولاتتى. ئەجەب شۇ چاغلاردا
ئۇ ئاسىيەنىڭ بۈنچىلىك جەزىبىدار ئا-
يال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىكەن!؟
ئۇنىڭ ئەتكەن شۇنداق مەززىلىك تاماق-
لىرى قاچانلاردىن باشلاپ ئاغزىغا تېتى-
ماس بولۇپ قالغان بولغىيدى؟!...
بىر كۈنى سەھەردە ئاسىيە ئابدۇل-
لاغا چوڭ قىزىدىن تىترەپ تۇرغان بىر
تەخسە يۇتازا بىلەن بىر چەينەك سۈت
كىرگۈزدى. ئابدۇللا كۈندىكىدەك راھەت-
لىنىپ غىزالاندى. ئۇ ئاسىيەنىڭ كۈتۈ-
شىدە مۇشۇ ياتقانچە ئۆمۈر بويى ياتسى-
مۇ مەيلى ئىدى! بىراق ئەتىگەنلىك

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈشتە ئاسىيە ئۇنىڭغا ئەمدى ياتاقتىن چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ قان بېسىمى چۈشۈپ نورماللاشقانىدى. ئابدۇللا خالىمىسىمۇ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى، لېكىن ئاسىيەنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

— چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشەرمىكىن، — دېدى بىر سېستىرا ئۇنىڭغا مۇجەمەللا جاۋاب بېرىپ.

ئابدۇللا ئامبۇلاتورىيە بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈك يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. جىددىيلەشكەنلىكىدىنمۇ ياكى بىرنەچچە كۈن تالاغا چىقماي ياتقانلىقىدىنمۇ ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇغان هالدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ جىددىيلىكى ئاشتى. بىراق ئۇ ئۆز نىيىتىگە ئىشەنچىسى كامىل بولغاچقا كۆڭلى توق ئىدى.

ئابدۇللا يىراقتىن كەلگەن تونۇش كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق پارقىراق قارا توفلى، ئۇچىسىغا بېغىررەڭ سارجىدىن كاستۇم - يوپكا كىيگەن ئاسىيە بىر ئايال بىلەن ياندىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە تاشلىنىپ دولقۇنلاپ تۇرغان بۇدۇر چېچى ئاق چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى.

ئابدۇللانىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز سوقۇپ، تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇ هەدەپ گېلىنى قىرىپ شەپكىسىنى تۈزەيتتى. ئاسىيەگە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن كاللىسىغا هېچنېمە كىرمىدى. ئاڭغىچە ئاسىيە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالدى. ئابدۇللا ئالدىراپ ئالدىغا بىر قەدەم ئۆتۈپ ئاستا چاقىردى.

— ئاسىيە!

ئاسىيە ئابدۇللانى كۆرۈپ يېنىدىكى هەمراهىغا كۈلۈپ باش لىڭشىتىپ خوشلاشتى - دە، ئۇنىڭغا سوئال نەزەردە تىكىلدى.

— ئاسىيە، ۋاقتىڭىز بولسا ئازراق پاراڭلاشساقمىكىن دېگەنتىم.

— ئىشقا چۈشىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى، مانا قاراڭ، — ئاسىيە يېڭىنى سەل ئۆستىگە سۈرۈپ سائىتىگە قاراپ قويدى.

ئابدۇللا بىرنەچچە دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ «كەچتە، ياكى سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بار بىر چاغدا» دېگەن تەكلىپنى بېرىشنى ئويلىدى. بىراق تەقەززالىقتىن ئارامىنى يوقاتقان كۆڭلى ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىگە، هەتتا گەپنى بىر مىنۇت كېچىكتۈرۈشكىمۇ يول قويمايتتى.

— ئاسىيە، — دېدى ئابدۇللا دۇدۇقلىغان هالدا، ئۇنىڭ چىرايى سەل قىزاردى، بىراق ئاهاڭىدا بىر خىل ئىشەنچ ئۇرغۇسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، — سىزنىڭ بۇ قېتىم قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرارمەن، دەپ بەك ئويلاندىم. ئاسىيە، ئەگەر قارشى پىكرىڭىز بولمىسا يېنىشىپ قالايلى، باللىرىمىزنى بىرلىكتە بېقىپ، بەختلىك ئائىلىمىزدە بىر - بىرىمىزگە هەمراھ بولۇپ ئۆتەيلى، قانداق دەيسىز؟ — ئابدۇللا ئاسىيەنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاردى.

— بالنىتسىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولدىڭىزمۇ؟ — بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئاسىيە كۆزىنى ئابدۇللاغا دىدىل تىكىپ تۇرۇپ يۇمشاق ئاۋازدا سورىدى.

— بېجىرىپ بولدۇم، — كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا.

— ناھايىتى ياخشى، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشلار شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئابدۇللا ئاسىيەنىڭ گېپىدىن ھېچ نەرسە ئۇقالماي گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى.

— بولدى، — ئاسىيە يۇمشاق تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى، — سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدى دەپ ئويلىمىسىز، چۈشەندىم، ناھايىتى ياخشى چۈشەندىم، بىراق سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنمىدىڭىز. سىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن كۈنى ئەھۋالىڭىز ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، مەن سىزنى داۋالىدىم، بۇ مېنىڭ كەسپىي بۇرچۇم.

بىراق، ئابدۇللا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك بىر قىياپەتتە تۇراتتى. ئاسىيەنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ئاسىيە، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلاندى. ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەۋاتاتتى، — سىزدىن ئايرىلىپ مۇنداق كۈنلەرگە قالارمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى يەكمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى. ئاسىيەنىڭ كۆڭلى شۇۇررىدە ئېرىپ كۆز ئالدى غۇۋالاشتى. بىر چاغلاردىكى گۈزەل ياشلىقىغا سىرداش، جاپالىق تۇرمۇشىغا ھەمدەم بولغان ئابدۇللا ھازىر ئۇنىڭ ھايات خاتىرىسىنى قايتىدىن ۋاراقلاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ تاتلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەتكەندەك قىلدى. ئاسىيەنىڭ باغرى يېقىملىق ئەسلىمىدىن ئىللىدى. ئۇ گويا تۇنجى سۆيۈشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك بوشىشىپ قالدى. مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ خىيالى شېرىن ئايلاردا كۆرگەن لەززەتلىك چۈشلەر دېڭىزىنى كەزدى. ئانا بولۇش پەيتلىرى سۇرگەن شادلىق ۋە ئارزۇ - ئارمانلار ئۇپۇقىنى سۆيدى. ئۇنىڭ قەلبى مۇڭلاندى. ئاشۇ ئۇنتۇلۇپ بولماس خاتىرىلەرنى تەڭ يازغان بىر چاغلاردىكى ھالال جۈپتىنىڭ ھالى بۈگۈن نېمە بولغان - ھە؟! ئاسىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇللا ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن دەسسەپ - چەيلىگەن بەدبەشىرە مەنزىرە كەلدى. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدى گويا تۇيۇقسىز كوتۇرۇلگەن جۇدۇنچاپقۇندا قالغاندەك مۇزلاپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى، ئىزىدا ئەندىكىپ تەۋرەندى. ئاسىيە لېۋىنى مەھكەم چىشلىدى. ئۇ ئابدۇللاغا بىر تامچىمۇ يېشىنى كۆرسىتىشنى خالىمىدى.

ئابدۇللا ئاسىيەدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزمىدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن ئېڭىكىنى ئېچىشتۇرۇپ سىرغىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئاستا دېدى.

— بۇ چاغقىچە ئاچچىقىڭىزمۇ يېنىپ قالغاندۇ، يېنىشىپ قالايلى.

ئاسىيە ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى.

— ئايالىڭىز قېنى؟ — دېدى ئۇ پەس ئەمما كەسكىن ئاۋازدا.

— ئاجرىشىپ كەتتىم.

— دېمەك، مەن بىلەن ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرماقچى ئىكەنسىز - دە؟

ئابدۇللا بىرنەچچە دەقىقە جاۋاب

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپ هودۇققالدىن كېيىن نىھمىلەرنىـ
دۇ دەپ غـۇدۇردى. ئاسىيە بۇ غۇدۇراش
ئىچىدىن هېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدى
ھەمدە ئابدۇللاغا «يـەنە نېمە كېرەكتىڭىز
بار؟» دېگەندەك نەزەردە تىكىلدى.
ــ ئازماس ئاللا ئىكەن، ئاسىيە
بىر مەزگىل مېنى شەيتان ئازدۇرۇپ...
ــ شۇنداقمۇ؟ ــ ئاسىيەنىڭ رۇخـ
سارىغا سوغۇق كۈلكە تەپتى. راستىنلا
شەيتان ئازدۇرغانمۇ ياكى كۆڭلىڭىزنىڭ
ئەسلى خاھىشىنىڭ ۋەسۋەسىسى شۇ كويغا
سالغانمۇ؟ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بارـ
لىقىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ سىزنى شۇ نىـ
شانغا باشلاپ بارغان كۆڭۈل بۇگۈن ئەجاـ
با ۋۇجۇدىڭىزدىن جاي يۆتكەپ كەتتىمۇ؟
بايا «بەختلىك ئائىلە»، «باللار ئۈچۈن»
دەپ قالدىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزـ
نىڭ نەزەرىڭىزدە ئاللىقاچان ئەھمىيـ
تىنى يوقاتقان ئەمەسمىدى؟ مەن سىزـ
نىڭ ئادەم سىياقىڭىزنى يوقاتقانلىقىـ
ڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ
سىزنى ئاقلىدىم، بىر ئېغىز گەپ ـ سۆزـ
سىز كەچۈردۈم. بۇ بىر ئايال كىشى ئۈـ
چۈن ئاسانمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى سىز
ئۈچۈن، سىز بايا دېگەن «بەختلىك ئاـ
ئىلە» ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ بىراق سىز
بۇنى بىلمىدىڭىز. ئەكسىچە «شەيتاننىڭ
كەينىگە كىرىپ» كېتىۋەردىڭىز. مەن
ئۆزۈمنىڭ بارلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىمنى
پەقەت سىزگىلا بېرىشكە تىرىشتىم، بىراق
بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلمىدىڭىز.
مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ خوتۇن سىزگە
بېرەلىگەنچىلىك مېھرى ـ مۇھەببەت يوقـ
مىدى؟ راست گەپنى قىلسام، ئەينى چاغـ
دا مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن
ئەمەس، تـوي قىلغاندىن كېيىن گەرچە
مېنىڭ سىزگە نىسبەتەن مۇھەببىتىم بولـ

مىسمۇ ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن
ئۆزۈمدە كەم بولغان بۇ نەرسىنى يېـ
تىشتۈرۈشكە تىرىشقانىدىم، ئەمما سىز
ھەممىنى يوقىتىپ قويدىڭىز ... ئەمدى
كېچىكتىڭىز ئابدۇللا، بىر ھەپتىدىن بېرى
قىلغانلىرىم سىزدە خاتا چۈشەنچە پەيدا
قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. چۈشىنىڭكى، بۇ
ھەرگىز مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، ــ
ئاسىيە ئابدۇللاغا يەنە بىر قېتىم دىدىل
تىكىلدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىتتىك ـ
ئىتتىك قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى.
ئابدۇللا تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ
قالغاندەك گەپ ـ سۆزسىز ھالدا ئىزىدا
قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاسىيەنىڭ گەۋدىـ
سى يىراقلاشقانسېرى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىـ
دىكى ئاسىيەنىڭ ئوبرازى شۇنچە زورىـ
يىپ، بۈيۈكلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئاسىيە
بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەتكەندە ئابـ
دۇللانىڭ يۈرىكىدىن نېمىدۇر سۇغۇرۇلۇپ
چىقىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ ئىچىدە
ئۆز ـ ئۆزىگە تەكرارلايتتى:
ــ ئاشۇ ئايال بىر چاغلاردا مېنىڭ
ئايالىم ئىدى ـ ھە؟
ئاھ، ئۇ قانچىلىك بەختلىك چاغلار
ئىدى! ئاسىيە، سەندىن ئايرىلىشنىڭ بۇنـ
چىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئەجەب تەـ
سەۋۋۇر قىلالمىغان ئىكەنمەن، سەن مېـ
نىڭ قېشىمدىن قاچان كەتتىڭ ئاسىيە؟
شۇ چاغدا مېنىڭ ئەس ـ ھوشۇم ئۆز ئىلـ
كىمدە بولمىغىدى، سەن نېمىشقا مېـ
نىڭ يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ بولسىمۇ، مېنى ئۇ
ھوشسىز ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋالمىغان بولغىيـ
دىڭ؟ ئەمدى سەن ماڭا مەڭگۈ نېسىپ
بولماسسەنمۇ؟ ئاھ، ئاسىيە، ئاھ: خۇدا...!
تەھرىرلىگۈچى: سارەم ئىبراھىم.

قۇندۇز مۇھەممەت

# ياندىن سىزىلغان سۈرەتلەر

## ئەقىدەمگە قىلمىغىن چاقچاق

سەيلىگاھىڭ بولدى قارىچۇقۇم،
كىرپىكلىرىم چەيلەندى تامام.
بولدى غايىب شادلىق — ئارامىم،
كۆزلىرىمدە ياشلىرىم تارام.

يۈرىكىمدە سەن چاپتۇرۇپ ئات،
مەن تولغانسام كۈلىسەن مەغرۇر.
قامچە تەگكەن نازۇك تۇيغۇمدىن
تامچىسا قان ئالىسەن ھوزۇر.

گاھ كېلىسەن قولۇڭدا قۇياش،
يالقۇنىڭغا بېرىمەن بەرداش.
گاھ كېلىسەن شىۋىرغان باشلاپ،
باشلىرىمغا ئېتىپ مۆلدۈر — تاش.

سېنىڭ ئاشۇ ئازابلىرىڭدىن
تېنىم گويا بىر ئاجىز ياپراق.
دېسەڭ ئۈزۈلۈپ چۈشمىسۇن شاختىن،
ئەقىدەمگە قىلمىغىن چاقچاق.

## ئاق ئەتىرگۈل

ئۈتتۈڭ ماڭا ئاق ئەتىرگۈلنى،
دېدىڭ: «كۆڭلۈم ئەلچىسى بۇ گۈل.»
سەن يوقالدىڭ لېكىن دېرەكسىز،
يوقالغاندەك بوستاندىن بۇلبۇل.
قىلغان ۋەدەڭ شۇنچىلىكمىدى،
جاۋاب بەرگىن، ئەي ئۇجمە كۆڭۈل!

## يىللار ئۆتۈپ...

كۈلۈپ كىردىڭ ھاياتىمغا،
ئوتلۇق مېھرىڭدىن ئېرىدى جىسمىم،
شۇندىن بۇيان باغلاندى مەھكەم،
ساڭا دىل رىشتىم.

ئەپسۇس،
تۇيۇقسىزلا قالدىڭ ئۆزگىرىپ،
چىرايىڭنى باستى جۇت - تۇمان،
تېخىچىلا مەن كۈلكە ئىزدەپ،
كۆزلىرىڭگە باقىمەن ھامان.
يىللار ئۆتتى، تۈگىمىدى سەۋرىم،
يۈرىكىمنى قاپلاپ زىمىستان،
پەيدا بولدى يېگى مۇز داۋان.

## چېچىلغان ھېسلار

جىمجىت تۈن.
ئاق قەغەزگە تۆكۈلمەكتە مىسرالىرىم.
شۇ چاغ كۆرۈپ قالدىم

دېردزەمدىن ئۇغرىلىقچە
مارىلىغان ئاينى،
چېچىلىپ كەتتى ئىلھاملىرىم.
غەزىپىمگە پايلىماي،
چاڭگاللاپ ئېلىپ شېئىرلىرىمنى،
ئاتتىم ئاينىڭ تولۇن يۈزىگە.
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قاچتى تولۇن ئاي،
پەرۋا قىلماي مېنىڭ سۆزۈمگە.
سىڭىپ كەتتى مىسرالىرىم،
ئاينىڭ ئاشۇ نۇرلۇق ھۆسنىگە.
چاقنىدى ئۇنىڭدىن ھېسابسىز يۇلتۇز،
ئۇپۇق كۆكسىدە.

## بۈركۈت بىلەن كەپتەر

ئوقتەك شۇڭغۇپ پەسلىدى بۈركۈت،
قاماللىدى
غەمسىز دانلاپ يۈرگەن كەپتەرنى.
ئۇ شاد ئىدى ئۆز ئولجىسىغا،
بىراق، كەپتەر يىغلاپ تەلمۈرەر،
يىراقتا قالغان ئۇۋىسىغا،
پاناھسىز قالغان باچكىسىغا.
بۈركۈت ئولجىسىدىن خۇشال،
كەپتەرگە ئۇۋال...

## ئۆكسۈمىگەن، قىزچاق، ياش تۆكۈپ

ئۆكسۈمىگىن قىزچاق، ياش تۆكۈپ،
ئاھ ئۇرمىغىن ھەسرەتلەر چېكىپ.
شادلىق ئىزدە دەردلىك قەلبىڭگە،
ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن چىقىپ.

يىللار تۆككەن ئاچچىق ياشلىرىڭ،
يۇيۇپ كەتسۇن ھىجران دېغىنى.
ھايات قايناق، ھايات بەك گۈزەل،
يەڭسەڭ ئەگەر مۈشكۈل تېغىنى.

تۈنجى سۆيگۈ ئالدىدى سېنى،
بەدەل بەردىڭ مەغرۇرلۇقۇڭنى.
ئۆتمۈش قالسۇن چۈشتەك يىراقتا،
قولدىن بەرمە جەسۇرلۇقۇڭنى.

ئۆكسۈمىگىن، ئەمدى ياش تۆكۈپ،
تۇرمۇش ساڭا ھەقىقىي ئۇستاز.
ھايات يولى باشلىنار شۇنداق،
مەۋجۇت ئۇندا قىش ۋە باھار، ياز.

## ئىلھام ئىزدەپ

ئىلھام ئىزدەپ خىتاب قىلدىم تاغلارغا،
يۇتۇپ كەتتى ئاۋازىمنى چوققىلار.
دېڭىزلارغا قول ئۇزاتتىم قىرغاقتىن،
ئالقىنىمغا چىقتى پەقەت كۆپۈكلا.

ۋارقىرىسام ۋادىلارغا تەلمۈرۈپ،
بېسىپ كەتتى شوخ قۇشلارنىڭ ئاۋازى.
توسقان ئىدىم مەن شامالنىڭ ئالدىنى،
ئاڭلانمىدى ئۇنىڭ ھەتتا پەرۋازى.

يايدىم ئېتەك ئاي، قۇياشنىڭ نۇرىغا،
تۆكۈلەرمۇ دەپ ئۇنىڭدىن مەن ئىلھام.
يوقچا چىقتى شائىر بولۇش ئارزۇيۇم،
ئىزدەپ - ئىزدەپ تاپالمىغاچ ھېچ ئىنئام.

ھەسرەتلەنمە، — دېدى ئىلھام پەرىسى،
چۆك تۇرمۇشنىڭ قاينىمىغا، بول چاققان!
ئەل قەلبىدۇر شائىرلارغا خەزىنە،
ياتار ئۇندا ئىلھام ئۈچۈن پۈتمەس كان.

پاتىگۈل مۇھەممەت

# خىلۋەتتىكى تاتلىق پىچىرلاش

## مىزان

رەنجىپ كەتتىڭ ماڭا ئەزىزىم:
«ياقمىدىڭ، دەپ قەلبىمگە چىراغ».
مەن كۆزەتسەم قەلبىڭنى سىنىڭ،
قاراڭغۇدىن ئەسىر يوق، يىراق.

كۆرمىدىڭمۇ چاقناشلىرىنى،
چولپان كەبى كۆزۈمنىڭ نۇرلۇق؟
ئاشۇ نۇردىن نۇرلانسا قەلبىڭ،
بولماس ھەرگىز قىسمىتىڭ شورلۇق.

سەن ياققاندا سۆيگۈدىن پانۇس،
دىل ئۆيۈمدە قالمىغان تۇمان.
سەن بەختلىك، مەنمۇ بەختلىك،
سۆيگۈمىزدىن قىلمىغىن گۇمان.

دىل قەسرىمنى تاپشۇردۇم ساڭا،
ياشا ـ كۈلگىن ئۇندا ئىختىيار.
ساداقەتتىن ياسايمەن گۈلباغ،
چىن سۆيگۈڭگە بولۇپ ئىنتىزار.

قول ئۇزاتتىڭ، ئالمىدىڭ يىراق،
سۆيگۈم ئۈچۈن سۇنغاندا لالە.
شاراب سۇنسام مەست بولارسەنمۇ،
ئوت لىۋىمنى قىلىپ پىيالە.

بولدى يارىم، بولدى بەس ئەمدى،
غەزەپلىنىپ بەرمىگىن جازا.
سۆيگۈمىزنى باقايلى جىڭلاپ،
ئېلىپ كەلگىن ئادىل تارازا.

## چۆكتۈرەمسەن؟

مەن بۇلاقنى تاغلاردا دېسەم،
ئەسلى بۇلاق ئىكەن كۆزۈڭدە.
تولۇن ئاينى ئاسماندا دېسەم،
كۆردۈم بۈگۈن سىنىڭ يۈزۈڭدە.

چۆكتۈرەمسەن كۆزۈڭگە مېنى،
بېلىق بولۇپ ئۈزەي بەھۇزۇر.
نابۇت قىلما سۆيگۈ گۈلۈمنى،
ساڭا ئىشقىم دېڭىزدىن چوڭقۇر.

## قۇرۇتمايمەن

قۇرۇتمايمەن كۆزۈمدىن ياشنى،
سىنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگۈچە.
ئالتۇن جامدىن ئىچمەيمەن شاراب،
ئوتلۇق لەۋدە سۆيۈشمىگۈچە.

قۇرۇتمايمەن كۆزۈمدىن ياشنى،
ئۆز قولۇڭدا سۈرتمىگۈچە.
ھىجرانىڭدا تۆنىگەن دىلنى
سۆيگۈ بىلەن يورۇتمىغۇچە.

## يۈرىكىمنى قايتۇرغىن دەرھال

تونۇمايتتىم ئەسلىدە سېنى،
مېنى باشتا تونۇغان ئۆزەڭ.
نىكاھىڭغا يەم بولسام ئەجەب،
مېنى ئەمدى دەيسەنـۇ «بىزەڭ».

پىراقىڭدا ئىچىپ ئاچچىق مەي،
بولۇپ قالسام ئالدىڭدا مەستخۇش.
قانداق چىداي بۇ ھاقارەتكە،
قالمىغاندا مەندە ئەقىل - ھوش؟

يۈرىكىمنى قاچتىڭ ئوغرىلاپ،
لېكىن سېنى دېمەيمەن ئوغرى.
ئاشكارىلاپ سىرلارنى ئۆزۈڭ،
مېنى دەردتە قويساڭمۇ مەيلى!

چىن سۆيگۈمنى قىلمىساڭ قوبۇل،
يۈرىكىمنى قايتۇرغىن دەرھال.
كۆزۈم ساڭا تەلمۈرەر ھامان،
دىل بېغىمنى باسسىمۇ زاۋال.

## ئاققۇزمىغىن كۆزلىرىڭدىن ياش

ئاققۇزمىغىن كۆزلىرىڭدىن ياش،
دىل بۇلىقىڭ كەتمىسۇن قۇرۇپ.
قىيان بولۇپ تۆكۈلگەن يېشىڭ،
مېنى ئاخىر كەتمىسۇن يۇتۇپ.

ئاققۇزمىغىن كۆزلىرىڭدىن ياش،
سۆيگۈ يولى بولمىسۇن پاتقاق.
تېيىپ كېتىپ نىشاندىن بۇدەم،
بۇ سەپەردىن چىقمىسۇن چاتاق.

بىراق...

ئىنكار قىلار سۆيگۈنى سۆزۈڭ،
بىراق، سىرنى ئاچىدۇ كۆزۈڭ.

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# شېئىرلار

## ئىككى بېچارە

«س» دوختۇرخانا تۇغۇت ئۆيىگە
كىردى ياش يىگىت
تېخى ياشلا چوكاننى يۆلەپ،
ئايال يۈزىدىن قاچقانىدى قان.
تىترەر پۇتى كەتكەندەك دەرمان،
يىقىلغۇدەكلا قويساڭمۇ يۆلەپ.
دوختۇر ئاكا قويىدۇ قاراپ،
مۇنداقلارنى
كۆپ كۆرگەنمەن دېگەندەك گويا.
ياپياش سېستىرا بولىدۇ ھەيران
قىيالماستىن قارايدۇ پات - پات.
سۆزلەلمەيدۇ، تىت - تىت بولىدۇ،
بېرەلمىگەچكە
ياتاقخانىغا ئېلىشقا پەرمان.
تۇغۇت دوختۇرى سىلكىيدۇ قولنى
«باشقا دوختۇرغا بېرىڭلار پاتراق
بىزدە پەقەت يوقتۇر بوش كارىۋات.»

«ش» دوختۇرخانا تۇغۇت ئۆيىگە
كىردى ياش يىگىت
بايىقى ياش چوكاننى يۆلەپ.
ياش ئايالنىڭ تۇتقان تولغىقى،
باقار ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرى
ئاھ! دوختۇرغا باقار مۆلدۈرلەپ.
ياش دوختۇرغا يېلىنار يىگىت
ئۆمرىدە ھەتتا ئانىسىغىمۇ
باقمىغان ئۇ مۇنداق يالۋۇرۇپ.
ئۇنىڭ يېلىنىش - يالۋۇرۇشىغا

www.uyghurkitap.com

تاش بولسىمۇ كېتەتتى ئېرىپ.
ياپياش سىستىرا بولىدۇ ھەيران
بىر دوختۇرغا، بىر ئاغرىققا قاراپ.
سۆيلەلمەيدۇ، تىت - تىت بولىدۇ،
بېرەلمىگەچ دوختۇرغا پەرمان.
دوختۇر ئۇلارغا شىلتىيدۇ قولنى:
«باشقا دوختۇرغا بېرىڭلار تېزرەك
قىيىن تۇغۇت قىلالماس ئامال،
دوختۇرخانىدا شارائىت كەمرەك!»

يۈرەر يولدا بىچارە يىگىت،
ئاشۇ ياپياش چوكانىنى يۆلەپ.
ياش چوكانىنىڭ تۇتقان تولغىقى
كۆزى ئۇنىڭ قالغان مۆلدۈرلەپ.
چاچلىرىدىن قۇيۇلىدۇ تەر،
باشلىرىدىن كۆتۈرۈلەر ھو.
چىدىغۇسىز ئاغرىق ۋە ئازاب
ھەر قەدەمدە كۆچىيەر ھەدىپ.
دەرد - ئەلەمدە ماڭار ياش يىگىت،
بىچارە ياش ئايالنى يۆلەپ،
جورىسىغا باقىدۇ پات - پات
ھەسرەت، ئازاب ئىلكىدە قاراپ.
قىلالمىغاچ ھېچقانداق ئىلاج
قەلبى ئۇنىڭ بولىدۇ پارە.
گويا تولغاق يەۋاتقاندەكلا
ئازابلىنار يىگىت بىچارە.
ئاران چامدار بىچارە ئايال،
خەقلەر قاراپ - قاراپ قويىدۇ.
كىرگۈدەك بولار
ئۇيات
ئازاب ئىچىدە ئۇ
شۇ دەقىقىدە يەر يېرىلسا گەر.
ئاشۇ دەمدە پۈكۈلدى تىزى؛
ئاھ! دېدى ئۇ چېكىپ داد - پەرياد.
سىمونت يەرگە — ياتتى داق يەرگە
پۇت - قولىدىن كېتىپ ئىختىيار
تۇتتى تولغاق ئەڭ ئاداققى رەت،
يەر تىترىدى، تىترىدى، ھەيھات!
تۇتتى ئايال بولار دىپ يۆلەك
سىمونت يولنىڭ قىرىنى قاماپ.
كەتتى سىمونت قۇمدەك ئۇگۇلۈپ،
بۇ ئازابقا بېرەلمەي بەرداش،
تۇيماس ئايال
بارماقلىرى كەتسىمۇ قاناپ.

يىگىت غەمكىن
ياش ئايالنىڭ بېشىنى يۆلەر
يېڭى تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاققا،
تۇنجى تۇغۇتلۇق ياپياش ئانىغا،
چاپىنىنى سېلىپ
يېپىپ قويىدى يىگىت بىچارە.

## ئەزىزە

دېرىزىگە تىزىپ قورچاقنى
ئولتۇرىدۇ كىچىك بىر قىزچاق.
تالا - تۈزگە قارايدۇ دائىم
بىر جۈپ كۆزى خۇددى كۆزمونچاق.
بوسۇغىدىن ئاتلىماي ئۇ قىز
كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەر قانداق؟
ئالا ئاسلان بولغاچقا ھەمراھ
ئۇزۇن كۈنى كەچكىچە شۇنداق.
ئاسلانچىقى تالادىن كىرىپ
بۇ قىزچاققا سۇۋاندى شۇ دەم.
ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان بۇ قىز
ئاسلىنىغا سۆزلىدى شۇ دەم:
«يالىڭاياق ئويناپ تالادا
ئاسلانچىقىم، توڭدىمۇ پۇتۇڭ؟
ئۇلار تېخى كەلمىدى ئىشتىن،
ئاچتىمىكىن ياكى قورسۇقۇڭ؟
زېرىكتىڭمۇ ئويناپ سەن يالغۇز،
بولمىغاچقا دوستۇڭ - ئادىشىڭ؟

ياكى پاتراق بولماي كەچقۇرۇن
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكتۈگمۇ يېشىڭ؟
يوق ئىكەن دەپ سېنى نوپۇسى
ئالمىدىمۇ يەسلىگە ياكى؟
ئولتۇرامسەن چۈشكىچە ئىشتىن
ئاتا ـ ئاناڭ كەچتە ھەتتاكى؟
نوپۇسۇم يوق مېنىڭ، ئاسلىنىم،
نوپۇسى يوق ھەتتا ئانامنىڭ.
بۇ شەھەردە باردۇر نوپۇسى
شۇ بىچارە يالغۇز دادامنىڭ.
دادام ئىشلەر رېمونتخانىدا،
ئانام خەقنىڭ بالىسىن باقار.
يەكشەنبىمۇ ئارام يوق ھەتتا
كىر يۇيار ۋە نېنىنى ياقار.
ئۆرۈمچىدە يوقتۇر نوپۇسۇم
ئولتۇرىمەن شۇگىمۇ ئۆيدە.
كەل، ئاسلىنىم، چىقماي تالاغا
ئۆي ئىچىدە ئوينايلى بىللە.
ئۆيدىن ئەگەر چىقساڭ تالاغا،
پۇتۇڭ توڭار، يالاڭ ئاياغسەن.
شوخ بالىلار قويىدۇ قىيناپ
يىغلايسەن گەر يېسەڭ تاياقسەن.»

ئوماققىنە سەبى ئەزىزە،
ئەمدى تۆتكە يەتكەندۇ يېشى.
كۆپ ئىشلارنى ئويلايدۇ ئۇنىڭ
كىچىككىنە ئەقىللىق بېشى.

## دۆڭ كۆۋرۈككە ساقىدى يۇلتۇز

دۆڭ كۆۋرۈك① تە ئاچتى يايمىنى
تىجارەتچى ياپيا شلا بالا.
تۆت ئەتراپقا قارايدۇ پات ـ پات
قالغاندەك بىر ئىشلىرى چالا.
گاھ ئاپتاپتا قالغاندەك ئۇنىڭ
چېكىسىدىن تامچىيدۇ تېرى.
تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆكسۈپ تاتىراز،
پايلىغاندەك گوياكى بىرى.
خەقنىڭ مېلى سېتىلىپ تۇرار
چىللىغاچقا كىلەر خېرىدار.
نېچۈن بالا ئەلنى چىللىماس؟
نېچۈن پات ـ پات يەرگىلا قارار؟
ناچارمۇ يا ئازمىكىن ئۇنىڭ
يېيىپ قويغان يايمىدا مېلى؟
نېچۈن رەڭگى ـ روھى ئېچىلماس،
ياكى ئۇنىڭ سۇنۇقمۇ دىلى؟
تۆگەتكەندى تولۇق ئورتىنى،
بۇ يىل ئاشۇ ئۇياتچان بالا.
شۇدچە يىلدىن بېرى ئوقۇشتا
بولۇپ كەلگەندى ئۇ ئەلا.
ئېھتىياتلىق بالا ئىدى ئۇ
زور ئىشلارنى دىلىغا پۈككەن.
ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇرۇقلىرىنى
دىل ئېتىزى ئىچىگە تىككەن.
ئالتە ياشتا كىردى مەكتەپكە
ئوقۇدى ھەر سىنىپنى ئاتلاپ.
باشلانغۇچتا ئوقۇپلا ئۈچ يىل
تولۇقسىزغا سەكرىدى تاقلاپ.
ئۇستازىنى چۆمدۈرگەن زوقا
ئۇ ئىشلىگەن تاپشۇرۇق ھەتتا.
ماقالىسى گېزىتكە چىقىپ
مۇكاپاتمۇ ئالغانتى كاتتا.
نېمە بولدى، باستى نە پېشكەل،
بۇ يىل يازدا ئوقمىدى ئىشى.
تاللىنالماي ئالىي مەكتەپكە
پەسكە چۈشتى قايغۇدىن بېشى.

بولار ئىدى بەلكى بىر ئالىم،
بولسا ئىمكان ئاشۇ ياش تالانت.

① ئۈرۈمچىدىكى بىر بازار ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

گويا كۆكتىن ئاققاندەك يۇلتۇز ئاشۇ ئۆتكۈر زېھنىلىك بالا،
كەتتى زايە ئەقىل، ئىستىبدات. قالدى يەتمەي ئارزۇ ۋايىغا ـ
دۆك كۆۋرۈكتە ئاچتى ياپمىنى بىر رەسىمدەك سىزىلغان چالا.

**بۇۋىھەجەر ئارمىيە**

# نىمشىھىت روھىدىن تامغان تامچىلار

## ئۆرۈمچى

ئۆمۈرلۈك تاجۇ ـ تەختىم دەپ ساڭا ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم،
«شىھىت» نىڭ روھىدىن شادلىق سالامىنى ئىلىپ كەلدىم.
يولۇمنى توسسىمۇ نامەرد سېلىپ كۆڭلۈمگە غەم ـ ئەندىش،
مەدەت بەرگەچ ئاتام روھى ئۇنى ئاخىر يېڭىپ كەلدىم.
بىلىم ئىشقى ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەچ تۇغۇلغاندا،
شۇ ئىشقى ئوتىنى گۈلخان قىلىپ يالقۇنجىتىپ كەلدىم.
گۈزەل باغرىڭ مۇھەببەتلىك يۈرىكىمگە ئارام بەرگەچ،
شۇڭا قەلبىم كۈيىنى سەن ئۈچۈن قۇرغا تىزىپ كەلدىم.
مىنىڭ بەختىم، مىنىڭ تەختىم، پەخىرلىك مەن شۇڭا سەندىن،
سىنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا يۈرەككە ئوت سېلىپ كەلدىم.

## ئەي نىگار

قاچمىغىن مەندىن يىراق، كەلگىن يېنىمغا، ئەي نىگار،
كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولدۇم يولۇڭغا، ئەي نىگار.
سەن ئۈچۈن مىڭ جان تەسەددۇق ئەيلىسەم ئازلىق قىلۇر،
رەھمى ئەيلەپ كەل مىنىڭ سەلدەك يېشىمغا، ئەي نىگار.
راھىتىم، بەختىم گۈلى سەنسىز ئېچىلماس ھېچقاچان،
سەنمۇ بىلگەيسەن چوقۇم يۈرسەم كويۇڭدا، ئەي نىگار.
مەن بايان قىلسام ساڭا دەردۇ ـ پىغانىم بەكمۇ كۆپ،
سەنمۇ بول ئورتاق مىنىڭ قايغۇ ـ مۇڭۇمغا، ئەي نىگار.
تاپقان بولساڭ سەن ئەگەر مەندىن بۆلەك بىر ئۆزگە يار،
سەن ۋىسال پەيزىنى سۈر، ئېيتقىن تويۇڭغا، ئەي نىگار.

## ئەردەك ياشايمەن

تۇغۇلغان بولسامۇ شۇبۇ دۇنياغا —
ئايال بوپ، بىراق مەن ئەردەك ياشايمەن.
قەلبىمدە هاياتقا باققان هەقىقىي —
ئىنسانىي خىسلەتنى بار دەپ ياشايمەن.

بار مېنىڭ ۋىجدانىم، نىشان، ئەقىدەم،
ئەدەب ۋە ئەخلاقنى يار دەپ ياشايمەن.
يوقاتسام ئىنسانىي خىسلىتىمنى مەن،
ئۆزۈمنى ئۆمۈرلۈك خار دەپ ياشايمەن.

خەلقىمنى كۈيلەيمەن چىن مۇھەببەتتە،
ئۇنىڭسىز يولۇمنى تار دەپ ياشايمەن.
يىغلىسا دوستلىرىم مەنمۇ تەڭ يىغلاپ،
رەقىبنى هەر جايدا بار دەپ ياشايمەن.

ياشايمەن، ياشايمەن، ئەردەك ياشايمەن،
خىسلەتلىك جاۋاھىر ـ زەردەك ياشايمەن.
ياشايمەن بىر ئۆمۈر بولۇپ مەردانە،
كۈرەشتە تاۋلانغان شىردەك ياشايمەن.

## سۆيگۈ ئىزدىدىم

سۆيگۈ دەپ ياشىدىم، سۆيگۈ ئىزدىدىم،
سۆيگۈ دەپ تاشلىدىم هەربىر قەدەمنى.
سۆيگۈدىن ئەڭ گۈزەل ئىقبال كۆزلىدىم،
سۆيگۈدە سىنىدىم مەن چىن ئادەمنى.

سۆيگۈگە گاداي دەپ يۈرىكىمنى مەن،
ئۆتكۈزدۈم سىناقتا قانچە ماتەمنى.
سۆيگۈدە كۈچلەندى ئاجىز، مەجرۇھ تەن،
سۆيگۈدە كۆردۈم هەم قانچە هاتەمنى.

ياشىسۇن سۆيگۈ دەپ بۇلبۇلدەك ئۈنلەپ،
يۈرىكىم سۆيگۈچۈن كۆتۈردى چۇقان.
ياشايمەن شۇڭلاشقا سۆيگۈنى كۈيلەپ،
سۆيگۈ دەپ ئوخچۇيدۇ تومۇرۇمدا قان.

سۆيگۈدىن تاپىدۇ قۇدرەت يەر ـ جاهان،
سۆيگۈدىن نىجاتلىق تاپىدۇ ئىنسان.
سۆيگۈدىن لاۋۇلدار يۈرەكتە گۈلخان،
شۇڭلاشقا سۆيگۈگە سادىقمەن هامان.

كەرىمە ئابدۇللا

# تاشلىدىم كەڭ نەزەر كائىناتقا مەن

## ئادا بولماس ئەجرىڭىز

كۈننى بۆلۈپ ئىككىگە،
قۇلىقىڭغا ئاسسام مەن؛
ئاينى ئېگىپ، ئۈزۈك قىلىپ،
قوللىرىڭغا سالسام مەن؛
سەييارىغا مىندۈرۈپ،
ئايلاندۇرسام جاهاننى؛
ئۆرىسەممۇ بېشىڭدىن
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى؛
بولماس ئادا، ئانىجان،
مېنى باققان ئەجرىڭىز.
قالىدىكەن بويнۇمدا،
هېچ تۈگىمەس قەرزىڭىز.

www.uyghurkitap.com

## تاغ قىزىمەن

تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم تاغنىڭ ئۈستىدە،
دۇنيانى تونۇدۇم تاغنىڭ ئۈستىدە.
مەن ئەركە تايچاقتەك قىيغىتىپ ئۆسكەن،
يۇرتۇم بار ياپيېشىل تاغنىڭ ئۈستىدە.

تاشلىدىم كەڭ نەزەر كائىناتقا مەن
ۋە كۆردۈم يىراقنى تاغنىڭ ئۈستىدە.
ئاي - چولپان مەڭگۈلۈك بولدى سىرداشىم،
قۇياشنى سۆيدۈم مەن تاغنىڭ ئۈستىدە.

قەلبىمدەك غۇبارسىز، تازا ۋە گۈزەل،
ئېچىلغان گۈلۈم بار تاغنىڭ ئۈستىدە.
تۇتاشقان يۈرىكى ئۇلۇغ پايتەختكە،
كەڭ چېغىر يولۇم بار تاغنىڭ ئۈستىدە.

ئىرادەم تاغ سۈپەت، مەن تاغ قىزىمەن،
نۇرلارغا كۆمۈلگەن تاغنىڭ قىزىمەن.
ئاشۇ تاغ ئۈستىدە يېڭى ھاياتنىڭ
ئۇلىنى قۇرغۇچى باغنىڭ قىزىمەن.

## ئارزۇيۇم

تەلمۈرۈپ قارايمەن يۇلتۇزلۇق كۆككە،
ئارزۇيۇم، ئۈمىدىم يۇلتۇزدەك تولا.
تەپەككۇر قۇشلىرىم قىلىدۇ پەرۋاز،
بۇ ئانا زېمىنغا چېچىپ نۇر - شولا.

ئۈمىدلىك زوقلىنىپ باقىمەن كۆككە،
قەلبىمدە بىر دەريا قوشاق ئاقىدۇ.
ھەر مىسرا تېگىدە بۈيۈك ئارزۇلار
قۇياشتەك يالتىراپ، ئەلگە باقىدۇ.

## ۋەتەن مېھرى

غېرىبلىق ھېس قىلىپ مۇڭغا پاتاتتىم،
ئاڭلىغان چاغلىرىم كاككۇك ئۈنىنى.
ئاشۇنداق ئۆتكۈزدۈم باھار - يازلارنىڭ
ئۇيقۇسىز قانچىلاپ ئۇزاق تۈننى.

بۈگۈنمۇ ئىشىتتىم بىر مەھەل ئۈنى
ۋە لېكىن باشقىچە زوقلاندى دىلىم.
نېمىشقا غېرىبلىق ھېس قىلدىمكى تاڭ؟
بار تۇرسا مېنىڭ ھۆر، ئازاد ۋەتىنىم!

## ئۈزمە چېچەكنى

بەگباش يىگىت، ئۈزمە چېچەكنى،
گەرچە ئۇنى دىلدىن سۆيسەڭمۇ.
خۇش ھىدىدىن، بىھوش - مەست بولۇپ
كۈندۈز - تۈنى خىيال سۈرسەڭمۇ.

بەگباش يىگىت، ئۈزمە چېچەكنى،
ئۇ ھاياتقا گۈلچىراي ئاچسۇن.
گۈلگە تەشنا ئۇتلۇق كۆڭۈللەر،
ئاڭا قاراپ شادلىققا تاشسۇن.

بەگباش يىگىت، ئۈزمە چېچەكنى،
تاڭ شەبنىمى بەرگىگە تامسۇن.
گۈل ئاشىقى بۇلبۇلى كېلىپ،
تاڭ ئاتقۇچە مېھرىگە قانسۇن.

## سۆيگىنىم

سۆيگىنىم ئەمەستۇر بېلى ئەۋرىشىم
ۋە ياكى بولاق كۆز، لېۋى جىنەستە.
قاشلىرى ئەگمە ئاي، كىرپىكى تال - تال،
خۇش چىراي سىياقى خۇددى گۈلدەستە.

سۆيگىنىم ئۇ ئەمەس، سۆيگىنىم باشقا،
ئۇنىڭسىز ئارزۇلار ئاشمايدۇ ئىشقا.
ئۇ مېنى يەتكۈزەر ئۇلۇغ غايىگە،
ئۇنىڭسىز قىيىندۇر ھەقنى تېپىشقا.

سۆيگىنىم دېسەم مەن قالمىغىن ئويلاپ،
بىر گۈزەل جانانىنى سۆيدىمىكىن دەپ،
سۆيگىنىم كىتابتۇر، بىلىمنىڭ كانى،
بۇ مېنىڭ چىن يۈرەك قەلبىمدىكى گەپ.

**ئارزۇيۇم — ئۈمىدىم يۇلتۇزدەك تولا**

تەلمۈرۈپ قارايمەن يۇلتۇزلۇق كۆككە،
ئارزۇيۇم — ئۈمىدىم يۇلتۇزدەك تولا.
تەپەككۇر قۇشلىرىم ئۇندا پەرۋاز قىپ،
بېرىدۇ ئاي كەبى زېمىنگە شولا.

ئۈمىدلىك باقىمەن زوقلىنىپ كۆككە،
قەلبىمدە جاسارەت ئۇرغۇپ تاشىدۇ.
ئارزۇيۇم — ئۈمىدىم يۇلتۇزدەك تولا،
بىلىمەن، ئۇ چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

ئادالەت ئابدۇرېھىم

# ھاياتقا مۇھەببەت

## ئانا ئەجرى

جىن چىراغ كۆيىدۇ ياستۇق بېشىدا،
بوۋاقنى قۇچاقلاپ ئولتۇرار ئانا.
لىڭشىتار، ئەللەيلەر، توختىماس يىغا،
شامالمۇ شىلدىرلاپ قوشىدۇ سادا.

چىراغقا ئۇرۇلدى پەرۋانە شۇ تاپ،
گۆرستان تۈنىدەك باستى ئۆينى سۈر.
ياندۇردى چىراغنى ئانا ئاۋايلاپ،
قاپلىدى ئەتراپنى يەنە غۇۋا نۇر.

كولدۇرما جىرىڭلاپ بەرگەندە سادا،
«ئۇش»دېدى ئىڭغىناپ يانىدا ياتقان ئەر.
ئەڭ شېرىن ئۇيقۇدىن بولغاندەك جۇدا،
غۇدىردى ئانىغا كايىپ شۇ قەدەر.

كۆتۈرۈپ ئەللەيلەپ لىڭشىتىپ بىر چاغ،
ئۇخلاتتى بالىنى جاپاكەش ئانا.
شىلدىرلاپ تالادا ئىزغىرىن شۇ چاغ،
كۆزنەكتەك سۈزۈلۈپ ئاقاردى ساما.

## تىنىمسىز موماي

شاخ - شۇمبىسى سىڭارىيان چەللە،
نۇر ئۆتكۈزەر تۈخۈمدەك يەك - يەك.
تەرلىرىنى سۈرتىدۇ يەڭگە،
موماي ئىڭغىر خىرىلداپ بەك - بەك.

ھۇشقىدىن ئاشقان ئاق كۆڭلەك،
ئۇنىدىن بۇرۇن ئىڭىشەر يەرگە.
ئاق چېچىغا ئورالغان لىچەك،
قىبىلىقتىن بېرىدۇ بەلگە.

ئوتتۇن بىلەن نوغۇچ ئالمىشار،
تىنىم تاپماس ئورۇق قولىدا.
ئەتكەن تاماق ۋاقتىدا پىشار،
ئۆتەر ئۆمرى سۈپرا يېنىدا...

كەتمەن كۆتۈرۈپ لاي پاچاق بوۋاي
كىرىپ كېلەر ئىشىكتىن ئاستا.
بېدىشلەردىن كۆزىنى ئالماي،
ماڭار كۆلۈپ تال سايىسىغا.

بۆك ـ باراقسان تالنىڭ سايىسى،
ئۇنتۇلدۇرار تومۇزنى قىزغا.
چىنە تۇتقان قېرى ئانىسى
تەكلىپ قىلار قىزىنى ئاشقا.

ئەكەلگەن ئاش تۇرار شۇ پېتى،
(توختىمايدۇ نازۇك بارماقلار).
جۈپ بۇلبۇلنىڭ ياندىش سۆرىتى،
كەشتىلىنەر ئاپئاق ياغلىققا.

قاچا يۇيار ھاسىراپ ئانا،
نەپەس بەرمەس كىشىگە دىمىق.
قىز ياتىدۇ كۆپكۆك سايىدا،
يۈزىگە ئاق ياغلىق يېپىقلىق.

## ئۆگىنىش

ئاق قۇشقاچ ئىككى چى يىراقتا دانلار،
بالىسى ئاۋايلاپ ماڭار كەينىدىن.
يېتىشسە دىڭ سەكرەر، گۆدەكمۇ توختار،
ۋىچىرلاپ ئەگىشىپ بارار كەينىدىن.

يېتىشسە ئارقىدىن، يەنە سەل يىراق—
ئۇچىدۇ ئاق قۇشقاچ بالىنى باشلاپ.

ئاخىرى ئۇچۇرما بولدى بالىسى،
قۇشقاچ بىر ئاتلىسا ئۇمۇ بىر تاقلاپ.

## چۆل گۈلى

قىزارغان يۇلغۇنلار بېغىشلار جۇلا،
قومۇشلار تۇپراققا قىلىدۇ سەجدە.
ئوينايدۇ جىلۋىلىك بىر يورۇق شولا
مامكاپ گۈلىنىڭ ئالتۇن بەرگىدە.

ئاق چۆلگە بېغىشلار ئۇنىڭ بەرگىسى
ئالتۇن رەڭ قىياپەت، يېڭى نازاكەت.
ئۇ گويا ئالەمنىڭ ھۆر مەلىكىسى،
غۇلامدۇر باشقىلار ئۇنىڭغا ئەبەت.

گۈل ئىزدەپ سەيلىگە چىققان شوخ شامال،
چايقايدۇ مامكاپ گۈلىنى لەرزان.
پۇرسەتچى ئاق تىكەن تاپقاندەك ئامال،
ھەسەتتىن ھەريانغا تولغىنار ھامان.

باش چايقاپ مامكاپ قىلغاندا جىلۋە،
گۈزەللىك بېغىشلار چۆلنىڭ ھۆسنىگە.
بۇلۇتلار يايغاندا ھاۋارەڭ پەردە،
كۆك ئاسمان قۇتلۇقلاپ تۆكىدۇ قەترە.

رەشىدەم سىيىت

# شېئىرلار

## 1 ھەرباھاردا كۆز تاشلىسام چېچەككە

باھار شامىلى يەلپۈپ ئۆتتى يۈزۈمنى،
ساپ ھىدىدە ئېغىزلاندىم چېچەكنىڭ.
تۇپراق يېرىپ چىققاچ بىخ ۋە يېشىللىق،
ياشلىقىنى لاۋۇلداتتى يۈرەكنىڭ.

مەنمۇ ئىدىم بىر چاغلاردا ئاشۇنداق،
چېچەك پەسلىم بىخ ياپراققا ئوخشايتتى.
كۆكلەپ تۇرغان گۈزەل ياشلىق باھارىم،
ئالتۇن كەبىي پارقىرايتتى، چاقنايتتى.

يىراق، ھازىر ھاياتىمنىڭ گۈل پەسلى،
نەگە كەتتى گۈزەل باھار ـ ياشلىقىم؟

ھەر باھاردا كۆز تاشلىسام چېچەككە،
يۈزلىرىمنى يۇيۇپ ئۆتەر ياشلىرىم.

## مىنۇتلار ئىسيانى

كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم مەن كېچە،
غەزەپ بىلەن جىرىڭلىدى چوڭ سائەت.
دېدى: «ئەجەب ئالدىرىدىڭ چاپقىلى؛
قەدىمىڭنى ئاستىلات. ھەي بىتاقەت!»

مىنۇت كۈلۈپ قاراپ قويۇپ سائەتكە
ماڭغاچ يەنە قىلدى داۋام سۆزىنى:
«ئاچچىقلايسەن نە ۋەجىدىن، ئەي سائەت،
تولدۇرۇپ ھەم ياشقا ئەقلىڭ كۆزىنى؟»

دېدى سائەت: «ياشاۋاتسا ئىنسانلار
ئۇلۇغ ئارمان، ئىستەك ئۈچۈن تىرىشىپ.
سەن ھاياتنى ئىتتىرىسەن گىرۋەككە،
ئۇلار بىلەن ھەر دەقىقە قېيىشىپ.

قارا، كەشىپ مۇنبىرىدە ئىنژېنېر:
ئالدىرىماي ئۆتسە دەيدۇ ھەر مىنۇت.
رايىڭغا ھېچ باقماي گويا تەلۋىدەك،
يۈرىكىنى غاجىلايسەن سەن قۇرت.»

مىنۇت شۇ چاغ قايىل بولۇپ سائەتنىڭ،
قىرو باسقان چېكىسىنى سىيلىدى.
بىراق دېدى: خېلى كۆپلەر نەزەرى،
مېنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ كۆرمىدى.

تەبىئىتىم شۇنداق مېنىڭ ئۆزگەرمەس،
ياندۇرالماس مېنى ھېچ كۈچ ئارقىغا.
لەۋزىم بىلەن ياشىمىسام ھەقىقىي،
نېمە دەيمەن ئاخىر تارىخ ئالدىدا؟

## سۆيگۈ

بىزەڭ بولۇت ئۈچۈپ يۈرەر ھالسىراپ،
يۇلتۇزلارنى تورىۋاپتۇ يول بەرمەي.
ئايمۇ ئىمكان تاپالماپتۇ يۈرۈشكە،
يا كەتمەپتۇ تۈن مەردىن كېچەلمەي.

يىغلايدۇ ئاي ئارمان بىلەن ياش تۆكۈپ،
ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇزلارغا چىدىماي.
ئۇ سورايدۇ يەر يۈزىدىن ھەسرەتتە:
«ئۆتسەڭلارچۇ يۇلتۇزلارغا چېقىلماي.»

رۇجەكلەردىن كۆز تىككەندە ئاسمانغا،
ئاي سوئالى چىرمىۋالدى دىلىمنى،
قارىغاندەك قىلاتتى ئاي ماڭىمۇ،
گويا شۇتاپ چۈشەنگەندەك تىلىمنى.

شۇ چاغ ئاقتى يەنە بىر تال يۇلتۇزى،
كەتتى ئاينىڭ يۈرەكلىرى تىلىنىپ.
سىرقىرىدى ئايدىن ئۆتەر يۈرىكىم،
قاراپ قالدىم كۆككە يەنە ئېزىلىپ.

ئەلمىساقتىن شۇنداق سۆيگۈ ياشاپتۇ،
يۇلتۇز بىلەن يېگانە ئاي جىسمىدا.
قىياس قىلدىم ئاي ئەكسىدە ئانامنى،
ئولتۇرىمەن چولپان كەبىي قېشىدا.

جېنىم ئانا ئۇيقۇسىراپ كېچىدە،
بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قالما ھەرگىزمۇ.
ئوخشىمايدۇ تەقدىرىمىز ئاي بىلەن،
قېرىتالماس بىزنى نەچچە ئالەممۇ.

## قىرغاق

قىرغاق ئەجەب دولقۇنلارغا سۆرۈلدىڭ،
كۆكرىكىڭدە سۇنى ئاسراپ ئېقىتىپ.
كەتتى سۇلار سېنى تاشلاپ يىراققا،
شاۋقۇن سېلىپ ئەتراپىڭنى لېيىتىپ.

ئۈپراشلىرىڭ توسالمىدى ئۇلارنى،
ئاقتى دولقۇن شىددەت ياساپ ئەكسىچە.
ئاۋايلىدىڭ چاتقاللارنى توراپ سەن،
ئېقىنلىرىڭ ئارمانىغا يەتكىچە.

سېنىڭ ئاشۇ ھالىتىڭنى ئوخشاتتىم
دۇنيادىكى تالايلىغان ئانىغا.
رىۋايەتتە قانچە ـ قانچە ئانىلار
يۈلۈپ بەرگەن يۈرىكىنى بالىغا!

### سۈرەتتىكى سەنمۇ ياكى مەن

قاراپ قالدىم ئالبۇمدىكى سۈرەتكە،
تۇرار بىر قىز زىنىقىدا كۈلكىلەر.
بويى زىلۋا، سۇمبۇل كەبى چاچلىرى،
قارا كۆزى ئىشەنچ بىلەن تىكىلەر.

كۆزلىرىدىن تونۇۋالدىم شۇ ھامان،
ئانام ئىكەن سۈرەتتىكى ئاشۇ قىز.
ھەيران بولدۇم، ھايات شۇنداق بولامدۇ،
ئۆزگىرەمدۇ ئادەم دېگەن شۇنچە تېز؟

كەلدى ئانام شۇندا مېنىڭ يېنىمغا،
قاراپ كەتتى سۈرەتتىكى ئۆزىگە.
ئېغىر تىنىپ، ئاستاغىنا «ئۇھ» دېدى،
ياش كەلگەندەك بولدى شۇئان كۆزىگە.

نېمە دەيمەن، تەسەللىگە ئورۇن يوق،
بەرسۇن دېدىم تەسەللىنى ئەقىدەم.
بالىلىقتا رەنجىتكىنىم ئانامنى
كۆز ئالدىمدا تۇرار ئەينەن ھېلى ھەم.

«سۈرەتتىكى مەنمۇ قىزىم ياكى سەن؟»
دېدى ئانام سىلاپ تۇرۇپ بېشىمنى.
كۆرۈپ ئۇنىڭ باھارىنى ھۆسنۇمدە،
تۇتالمايلا قالدىم ئىسسىق يېشىمنى.

نۇرسىمان ئابدۇقادىر

## ناخشا خۇمار قىزمەن ئەزەلدىن

### ناخشا ئاتا قىلغان ھېسلار بۇ

ناخشا مېنى ئېلىپ چىقىدۇ،
غەم تەكتىدىن شادلىق لېۋىگە.
بولسام ئەگەر ناخشىدىن مەھرۇم،
ئىنتىلىدۇ قەلبىم نېمىگە؟

ناخشا مېنى ئېلىپ بارىدۇ،
يېشىل ھايات كۈلگەن ماكانغا.
ناخشا مېنى باشلايدۇ ئالغا،
ئېزگۈ ھەۋەس قوشۇپ ئارمانغا.

ناخشا مېنى ئېلىپ چىقىدۇ،
يېشىل كۆككە ـ ئالتۇن قەسىرگە.
سىردىشىمەن ئۇندا ئاي بىلەن،
يۇلتۇزلارنى ئېلىپ ئەسىرگە.

چېكەر دائىم قەلبىم تارىنى،
ئاھ! ناخشىنىڭ نازۇك تۇيغۇسى.
ناخشا بىلەن تۇرىدۇ قايناپ،
ماگما بولۇپ قەلبىم سۆيگۈسى.

## ئۇمۇ، مەنمۇ ناخشىغا ئاشىق

ئالتۇن ياپراق سۆيگەن چىغىرىيول،
پۇتلىرىمنى سۆرەيدۇ تىنماي.
بىر ئېزگۈ كۆي كېلەر شۇ ياقتىن،
مېنى مەپتۇن قىلىپ توختىماي.

ناخشا ئېيتار بىر قىران يىگىت،
دىل تارىمنى تىترىتىپ هەر كۈن.
قولىدىكى ياڭراق راۋابى،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايدۇ ئەركىن.

ئۇنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى،
گاه هەسرەتلىك، گاهى خۇش خۇي، شاد.
ناخشا بىلەن تىكەر قەلبىمنىڭ
كۆللىرىگە ياپيېشىل شەمشاد.

ناخشا بىلەن بارار ياشىرىپ،
هېس تۇيغۇغا باي بولغان ياشلىق.
بىلدىم يىگىت ناخشا خۇمارى —
ئىكەن، مەنمۇ ناخشىغا ئاشىق.

## ناخشا بىلەن ئۆرگۈيدۇ ياشلىق

ناخشا ئېيتسام مۇڭلۇق كۈيلەرگە،
رەنجىپ كەتتىڭ، ئانىجان، ئەجەب.
ئەيىبلىدىڭ «كۈپمۇ كۈندۈزدە
ناخشا ئېيتىپ ساراڭمۇ سەن» دەپ.

ناخشا ئېيتماي قانداق قىلاي مەن،
تورمۇزلىغان تۇرسا تۇيغۇمنى؟
ناخشا بىلەن شۇ گۈزەل ياشلىق،
ئارزۇلارغا يېتەكلەر مېنى!

شائىرانە نازۇك تۇيغۇلار،
پەيلىنەر ناخشامدا هەر چاغ.
ناخشا بىلەن هاياتىم، جېنىم،
ياشىرىدۇ گويا بولۇپ باغ.

ناخشا سىزىپ بەرگەن سۈرەتلەر
نەقىشلەنگەن قەلبىمگە مېنىڭ.
ناخشا ئېيتسام چەكلىمە، ئانا،
مېھرىڭ باردۇر ناخشامدا سېنىڭ.

**خانئايىم ياقۇپ**

## تاك بىلەن ئۇچرىشىش

ۋۇجۇدۇم يالقۇنجايدۇ بىر سەزگۈدە،
ئاقىمەن نۇر ئىچىدە دولقۇنلىنىپ.
تاڭدىكى ئىلهامىمدەك ياندى ئاپتاپ
نۇرلىنىپ، جۇلالىنىپ، ئۇپقۇنلىنىپ.

تەبىئەت قۇچىقىدا مەن ئەركە قۇش!
ئۈزۈلمەس كائىناتتا سادالىرىم.
ئېپاردەك تىنىقلاردىن ئايرىلمايمەن
ياڭرايدۇ گۈزەل ناخشا، ناۋالىرىم.

پۈركىنىپ شەپەق بىلەن گۈزەل دۇنيا،
دىللارنى مەسخۇش ئەيلەپ جىلۋىلىنەر.
پەرىشتە دەيسەن كۈلۈپ، قاقاقلىسا،
كۈلكىگە كۆي تەلپۈنەر، دىل تەلپۈنەر.

تاك دېدى: يۇلتۇزلىرىم، كەتتى ئۇخلاپ،
جۇشقۇنمەن بۇلبۇللارنىڭ كۈيى بىلەن.
قۇياشنى باشلاپ كەلدىم كۆرگىن ئەنە،
شۇنچە ئۈز، شۇنچە ئوماق، شۇنچە لېۋەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىمەنلەر چىمەنلەرگە پىچىرلايدۇ،
سىمابتەك قەترىلەرنى لىغىرلىتىپ.
تەبىرگە سىغماس ئەسلا بۇ كەڭ ئالەم،
بارىدۇ خىياللارنى ئىلگىرىلىتىپ.

ئايشەم كېرىم

## گىگانت چوققىدا

گىگانت چوققىدا تۇرىمەن مەزمۇت،
نەۋقىران بۈركۈتتەك كۆكسۈمنى كېرىپ.
دەھشەتلىك شىۋىرغان زېمىستان قىشمۇ،
پۈكەلمەس قەددىمنى، قالماسمەن ھېرىپ.

قەلبىمنى ئېللىتقاچ ئانا يەر ئىشقى،
سېزىمەن ئۆزۈمنى ئازادە ـ تەمكىن.
ساپ ھاۋا تېنىمگە بەرگەندە ھۇزۇر،
يايرايمەن بۈلەكچە سامادا ئەركىن.

چوققىلار ئەزەلدىن ماكانىم مېنىڭ،
ئۇ ماڭا جۇشقۇن روھ بېغىشلار ھامان.
جۈپ ئۆتكۈر كۆزۈمدە بېقىپ ھەر يانغا،
ساقلايمەن دىيارنى مەن ياۋدىن ئامان.

سەلكىنى تاڭنىڭ ئۇپۇپ ئۆتتى مېنى،
بىر پارلاق ئۈمىد بىلەن، دىل كۆيدۈرۈپ.
باغرىمغا سۆيگۈ تاشلاپ، ئاشۇ سابا،
ئۆتتى ئېھ، مەڭگۈلۈككە تاڭ سۆيدۈرۈپ.

## ياشلىقىم

ياشلىقىم ئۇچۇپ كەتتى،
قالدى ھەسرەتنىڭ دېغى.
قانچە قىلسام كەلمەيدۇ،
ياشلىقىمنىڭ گۆھەر چېغى.

يېشىم ئاشماي قىرىقتىن،
چاچلىرىمغا كىردى ئاق.
چاچ ئاقارسا مەيلىدى،
ئەجرىم بېتى قالدى ئاق.

سىڭدۈرۈپ ھالال مېھنەت
ئەجرىمدىن ياسايمەن باغ.
يۇيۇلار پەقەت شۇندا
قەلبىمدىكى ھەسرەت، داغ.

تەھرىرلىگۈچى: جاپپار ئەمەت.



**ئايگول مۆيدىن**

# يىراقتىن كەلگەن ئەلچى

(ھېكايە)

دۇنيادا كىممۇ شاد ـ خۇرام ياشاشـ
نى خالىمىسۇن دەيسىز، ئەپسۇسكى، ماڭا
ئەزەلدىن خۇشاللىق نېسىپ بولغان ئەمەس.
نېمە ئۈچۈندۇر ئازراق خۇشال بولۇپ
كۈلگەن كۈنۈم دەقىقە ئۆتمەي قاپىقىم
تارتىپ «ھوشۇڭنى تاپ، تولا ھىجاراپ
كەتمىسەڭ بولارمىكىن» دېگەندەك سىگنال
بېرىدۇ ـ دە، شۇ زامان قاينىغان قازانغا
سۇ قۇيغاندەك شۈكلەپ، يېتىپ كەلگۈسى
كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە خاپىلىقلارنى ئەنسىز-
لىك ئىچىدە كۈتىمەن. بۇنى ئاز دەپ ئاخـ
شىمى كۆرىدىغان قالايمىقان چۈشلىرىمچۇ
تېخى، ئەتىسى چۈشلىرىمنى ئۆرۈپ بىر
ھازاغىچە مەڭدەپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن.

مەن كۈندىلىك ھاياتىمنى ئەنە
شۇنداق ئەنسىزلىك، جىددىيلىك ئىچىدە
ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالدىم. مانا ئەمـ
دى بىرەر ئايدىن بېرى غول ئوتتۇرۇم
كۆيۈپ، ئاشقازىنىم خۇددى لازا قۇيغاندەك
ئېچىشىپ ئاغرىۋاتىدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنـ
سەم، ئۆت خالتىسىغا تاش تۇشۇپ كېتىپـ
تۇ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولـ
مايدۇ، دېيىشتى. تۇۋا، بۇنچىۋالا تاش
نەدىن كىرىۋالغانكىنە، بوپتۇ، دوختۇردا
ياتسامىمۇ ياتاي، دېدىم.

دوختۇردا ياتقان دەسلەپكى كۈنۈم
ھېلىقى بىر تال تىنچلاندۇرىدىغان ئوكۇلـ
نىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپـ
تىمەن، بىراق كېچە كۆرگەن چۈشلىرىم
مېنىڭ كەيپىمنى يەنە قالايمىقانلاشتۇرىـ
ۋەتتى. چۈشۈمدە: يوغان بىرسا ئەگىپ
كېلىپ بىزنىڭ توخۇنىڭ چۈجىسىنى ئېپـ
قېچىشقا قىل قالغاندا بېشىمدىكى رومىلىم
بىلەن ھەيۋە قىلىپ چۈجىنى قۇتقۇلدۇرۇپ
قاپتىمەن. تۇۋا، بۇ ئاجايىپ چۈش ئېمىـ
دىن بىشارەت بېرەر، ھەي، بۇ چۈش ئانـ
چە ياخشى چۈش ئەمەس، بىرەر دۈشمەن
مەن بىلەن قېرىشىۋاتامدۇ ـ قانداق؟

شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغىنىمدا
سېستىرا قىز رەيھانگۈل ياتاققا كىرىپ كەلـ
دى ـ دە، ئۇدۇل مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ
يېنىغا كېلىپ:

uyghurkitap.com

— رۇقىيە ھەدە سىلىگە ئۈرۈمچى-
دىن تېلېفون كەپتۇ، چاپسان بولسىلا، —
دېدى. مېنىڭ پۇت - قوللىرىم بوشىشىتەك
يۈگىشىپ دىر - دىر تىترەيتتى، سۆرىسىمە
كەشمىنى ئالدىراشچىلىقتا تەستە ساپتىم -
دە، تېلېفون بار ئۆيگە يۈگۈردۈم.

تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن تونۇشقىنا بىر
ئايالنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن مەرەمنىسا، سىلى رۇقىيەمىمۇ،
ھە، قانداق ئەھۋاللىرى؟ دوختۇردا يېتىپ
قالغانلىرىنى تېخى ئۈلۈشكۈنلا ئاڭلىدۇق.
سىلىنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى دې-
يىشىدۇ، خۇدايىم يىگىندىن يىپ سۇغۇر-
غاندەك ئاسانلىق بېرەر، رۇقىيەم، ئەگەر
كېسەل ئانچە جىددىي بولماي ئوپېرات-
سىيىنى سەل كەينىگە سۈرگىلى بولسا ئۇ-
رۇمچىگە كېلەملا؟...

مەرەمنىسا مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە
بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم بولۇپ، ھازىر
ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلاتتى.

— مەرەمنىسا، مەندىن يوشۇرماي
دەۋسىلە، قىزىم شېرىنگۈل ساقمۇ، نېمە
ئىش بولدى؟ — دېدىم مەن تەشۋىشلىنىپ.

— رۇقىيەم جىددىيلەشمىسىلە، مەن
سىلىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن، سىلىگە
كۈتۈلمىگەن ئامەت كەلدى، بۇ خۇش خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ كەينىلىرىگە ئۆچۈپ كەتمە-
سىلە يەنە، بىراق بۇ خەۋەرنى سىلىدىن
سۆيۈنچە ئالمىغۇچە دېمەيمەن، — دېدى
مەرەمنىسا چاقچاق قىلىپ.

— سۆيۈنچە سىلىدىن ئايلانسۇن،
بىراق سۆيۈنچىنى تېلېفوندا بەرگىلى بول-
مايدۇ - دە، بولسىلا چاپسان، — دېدىم مەن
سەل - پەل ئېسىمنى يىغىپ.

مەرەمنىسانىڭ دەل گەپنىڭ ئۆزىنى
دېمەي، ئەزمىلىك قىلىپ ۋاقىتنى سوزۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن تاقىتىم - تاق بولۇپ
تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ھېلى ئۇ قولۇمغا،
ھېلى بۇ قولۇمغا ئالاتتىم.

— رۇقىيەم، ياخشى ئاڭلاپ تۇرسىلا:
شېرىنگۈلگە يىراقتىن ئەلچى كەلدى،
چەت ئەلدىن ,رىشمت بايۋەچچى دېگەن بىر
مىليونېر ئوغلىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەپ-
تىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى شېرىنگۈلنى بىر
كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، يىگىتمۇ
ھۆسن - جامالدا شېرىنگۈلدىن قېلىشقۇ-
چىلىكى يوقكەن، سىلىگە قۇدا بولغۇچى
رىشمت بايۋەچچىنى كۆرىدىغان بولسىلا
ئەيمىنىپ ھەيرانە - ھەستە ئېغىزلىرىنى
ئېچىپ قالىلا، ئۇ كىشىنىڭ مەردلىكىچۇ،
كۆرۈشكىلى كىرگەنلا ئاياللارنىڭ بېشىغا
بىردىن چەتنىڭ ياغلىقىنى سېلىپ قويىدى،
ئارزۇلۇق ئوغلۇمنىڭ كۆزى چۈشكەن
قىزىم، دەپ شېرىنگۈلگە قويىما ئالتۇن
زىرە، قولىغا بىلىيارد ئۈزۈك سېلىپ قوي-
دى، تويىنى ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا
ئەلنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك قىلىپ بې-
رىدىكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا، قىز تۇغقان-
نىڭ دۆلىتىنى سىلى كۆرىدىغان بولدىلا،
ئەمدى كىم دېسە چەت ئەللىك مىليونېر-
نىڭ قۇدىسى مەن، دەپ مەيدىلىرىنى كې-
رىپ تۆردىن ئورۇن ئالىدىغان چاغ كەلدى.

مەرەمنىسا سۆزلىگەنسېرى ھاياجان-
لىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لاۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدىم.

— بۇ ئىشقا شېرىنگۈل قوشۇلامدى-
كەن؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا سوئال
قويدۇم.

— قوشۇلمامدىغان، بەخت قۇشى
بېشىغا قونسا ئۇچۇرۇۋېتىدىغان كىم بار-

دەيلا. شىرىنگۈل بولسا ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان قىز، شۇ يىتىمەنىڭ دولىسى ئاپتاپ كۆرسۈن دېدۇق، بولمىسا ھازىر جاھاندا نېمە تولا، قىز تولا، مەن گەپنى قىسقارتاي، رۇقىيەم سىلى كېلەملا ياكى بۇلار ئالدىلىرىغا بارسۇنمۇ؟ بىراق رىشىت بايۋەچچىنىڭ بىرقانچە دۆلەت بىلەن سودا ئىشلىرى بولغاچقا ناھايىتى ئالدىرايدىكەن، ئۇلار تويىنى تېزرەك قىلىۋېتىپ قايتىمىز، دەۋاتىدۇ. شۇڭا سىلى تېزرەك جاۋابىنى بېرىۋەتسىلە...

بۇ گەپلەر بىلەن گويا ئەزرائىلدىن ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا ياشىقىدىن ئاغرىق كىرىپ كەتتى. مەن ئاران دېگەندە ئېسىمنى يىغىپ قارشى تەرەپكە جاۋاب بەردىم:

— مەرەمنىسا، ھىممىتىڭلارغا رەھمەت، بىراق، بۇ مال سودىسى ئەمەس، يەنە كېلىپ ئانا ـ بالا مۇناسىۋىتىگە باشقىلارنىڭ ئارىلىشىپ، ۋەكالىتەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تېخىمۇ بولمايدۇ، ھازىر شىرىنگۈل نەدە؟ — دېدىم مەن زەردە بىلەن سوئال بېرىپ.

— شىرىنگۈل مانا مېنىڭ يېنىمدا بار، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ باقامىلا؟

تېلېفوندا شىرىنگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاپا، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

— بالام بۇ نېمە ئىش؟ سېنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشقان يالغۇز ئاپاڭنى تاشلاپ تېخىمۇ يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ئوت پىراقى ئانا مېھرىدىنمۇ ئۈستۈنمىكەن؟ يىگىت بىلەن پۈتۈشۈپ بولۇپ ئاندىن ماڭا خەۋەر قىلغانلىقىڭ مېنى قايسى ئورۇنغا قويغانلىقىڭ...؟ — بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز قىلىشقا قۇربىتىم يەتمەيتتى.

شىرىنگۈل بالىلارچە ئەركىلەش بىلەن مېنى بەزلەشكە باشلىدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا! مەن قانداقمۇ سىزنىڭ مېھرىڭىزنى بىر يىگىتنىڭ مېھرى بىلەن تەڭ كۆرەي، سىز دېگەن ئانا، سىزدىن قانداق ئايرىلاي؟ بىراق جېنىم ئاپا، مېنىڭ بەختىم سىزنىڭ بەختىڭىز، مېنىڭ خۇشاللىقىم سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز ئەمەسمۇ؟ ماڭا قېيىن ئاتا بولغۇچى قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان چوڭ مىليونېر ئىكەن، ئۇ مېنى چەتكە ئەپچىقىپ ئوقۇتىمەن، دېدى. ئۆزىڭىز بىلىسىز ئاپا، مەن شۇنچە تىرىشىپ ئوقۇغان بولساممۇ يەنىلا ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىدىم. مەن قاچانغىچە ئۆزۈمگە مۇناسىپ بولمىغان خىزمەت بىلەن ئىتتىرىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرىمەن؟ ھازىر بىلىم ئەتىۋا زامان بولۇپ قالدى، مەن بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىم ئۈچۈنلا بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي دېدىم. ئاپا، مەن سىزنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك بولدۇم، شىرىنگۈل شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا بولىدىغان بولسا كەلتۈرۈپ كاچاتقا بىرنى قويسام ئاچچىقىم بىر ئاز بوشايدىغاندەك بىلىنەتتى. بىراق مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئاچچىقىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن، شۇ تاپتىكى ئەپتىمنى قانداق كۆرەلىسۇن؟ مەن شىرىنگۈلگە:

— قىزىم، مېنى كۈتكىن، ئۆگۈنلۈككە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىمەن، قالغان گەپ-

سۆزلەرنى كۆرۈشكەندە قىلارمىز، — دېدىمدە، چاندۇرماستىن خوشلىشىپ تېلېفوننى قويدۇم.

مەن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ قالدىم. دېرىزىنىڭ ئوچۇق كۆزنىكىدىن كىرگەن سوغۇق شامال يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ بەدەنلىرىمنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. كېچە چۈشۈمدە كۆرگەن سانىڭ يۈمران چۈجىنى پايلاپ ئەگىپ يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەن-دە...

مەن شۇ كۈنى ئانام بىلەن يولدىشىمنىڭ «سەن دوختۇردا خاتىرجەم يات، شېرىنگۈلنى بىز قايتۇرۇپ كېلەيلى» دېگەنلىرىگە كۆنمەي دوختۇردىن قايتىپ چىقتىم. چۈنكى: ئانام قېرىغان ئايال، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئوڭلاپ كېلىشىگە كۆزۈم يەتمەيتتى. شېرىنگۈل بولسا يولدىشىمغا ئۆگەي ئىدى. ناۋادا شېرىنگۈل دادىسىنىڭ نەسىھىتىگە كۆنمەي سېنىڭ مېنى باشقۇرىدىغان هوقۇقۇڭ يوق، دەپ سالسا ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ ئىدى.

مەن سەيشەنبە كۈنىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردىم، ئايرودرۇم يولۇچى هەم كەلگەن-كەتكەنلەرنى قارشى ئالغۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، قاينام-تاشقىنلىقتا چۆمگەنىدى.

مېنىڭ ئالدىمغا شېرىنگۈلنى يېتىلىگەن هالدا سۇر كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما ياش كۆرۈنىدىغان، بەستلىك، ئېگىز بوي، قارا كۆزەينەكلىك بىر كىشى چوك-چوك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە مەرەمنىسا قاتارلىق بىرنەچچە ئايال تۇراتتى.

— سالام، قۇدام رۇقىيە خانىم، — دېنى هېلىقى كىشى ئۆزىنى خۇش كەيپ تۇتقان هالدا قولىنى ماڭا سوزۇپ. مەن رەسمىيەت ئۈچۈن سالقىنغىنە كۆرۈشۈپ قويدۇم. مەن ئۇلارنىڭ زورلىشى بىلەن تاكسىغا چىقتىم. يول بويى هەر بىر كېپىدە قۇدامدىن چۈشمەيۋاتقان هېلىقى كىشى كۆزۈمگە نېمە ئۈچۈندۇر سوغۇق كۆرۈندى.

تاكسى شەهەرگە كىرىپ ئەگرى-بۈگرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مېنىڭ ئۈرۈمچىدە قىزىم شېرىنگۈلدىن باشقا بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىممۇ يوق ئىدى. مەن ئۇدۇل قىزىمنىڭ ياتىقىغا كېتىشنى مەقسەت قىلغانىدىم. ئەمما ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. نائىلاج ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر ئۆيگە كىردىم. ئۆي ئىچىدە بىر-بىرىدىن ئۆزگىچە كىيىنىشىپ، خۇددى مودا كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغاندەك سۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان بىرنەچچە ئايال مېنىڭ باش-ئايىغىمغا سەپسېلىپ ئۆزئارا پىچىرلىشىۋالدى. ئۇلار تۈرلۈك-تۈمەن ناز-كەرەشمە بىلەن رىشىت بايۋەچچىگە سۈۋۈشۈپ ئەركىلەشمەكتە ئىدى. بۇ ئاياللار مۇشۇ شەهەردە ئاتىقى چىققان نوپۇزلۇق دېگەن خېنىملار ئىكەن.

ساهىبخان ئۇسسۇزلۇققا بىر پىيالىدىن سىنچاي كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، رىشىت بايۋەچچە سۆز باشلىدى:

— هۆرمەتلىك رۇقىيە خانىم، يولنى يىراق كۆرمەي دەرهال يېتىپ كەلگەنلىكلىرىگە كۆپ رەهمەت... — ئۇ گەپنى مانا مۇشۇ يەردىن باشلىدى، — «نىكاھ غايىب، دىدار غايىب» دېگەن مانا

مۇشۇ. مېنىڭ چەتتىن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ سىلى بىلەن قۇدا بولۇپ قېلىشىم چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىش ئىدى. مانا، بۇمۇ تەقدىرنىڭ خاسىيىتى. ئوغلۇم مەۋلانجان بىلەن سىلىنىڭ قىز شېرىنگۈلنىڭ مۇھەببەت رىشتى باغلىنىپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش - ھە؟ بۇ ئىشقا سىلىنىڭ باشقىچە پىكىرىدە بولمايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن، — دېدى بايۋەچچە ئىككى قولىنى كرېسلونىڭ تۇتقۇچىغا قويغان ھالدا مەغرۇرانە يېيىلىپ ئولتۇرۇپ.

— سىلىدەك ئۇلۇغ زات بىلەن قۇدىلىشىش ئاجايىپ زور بەخت - تە، رەھمەت ئەپەندىم. رۇقىيە خانىممۇ ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال تۇرۇقلۇق ئىككى ياشنىڭ نىكاھ ئىشىغا ياق دېمەس، — دېدى تۆردىن ئورۇن ئالغان، قارا قاش، ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ ئۆز گۈزەللىكىنى ئانچە يوقاتمىغان بىر ئايال سۆز قىستۇرۇپ.

شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى بىردەك ماڭا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىدىن، «قېنى، بۇ ئىشقا سىز قانداق قارايسىز، دەرھال بىرنېمە دەڭ» دېگەندەك ئىپادە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، خانىملار! مەن ھازىرلا سەپەردىن كەلدىم، بىر ئاز چارچىدىم. مەن بۈگۈنچە دەم ئالغاچ قىزىم بىلەن ئوبدان مۇڭدىشاي، قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەيلى، — دېدىم مەن ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا.

— ماقۇل. دەۋەتسىلە تۈگىمىدىمۇ، ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدا بۇ ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، شېرىنگۈل بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشىۋالالايلا تېخى، — دېدى ياپىلاق يۈزلۈك، ئاق سېرىق، كاۋا كۆز، سېمىزغىنە بىر ئايال ماڭا بويۇنلىرىنى شاپتۇل قېقىپ. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى مېنىڭ نېرۋامغا خېلىلا تەگكەنىدى. سورۇندىكى باشقا ئاياللارمۇ خۇددى سۆز مۇسابىقىسىگە چۈشكەندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلاپ ماڭا كەلگەن بۇ ئامەت ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى بۈگۈنلا ئىندەككە كەلتۈرۈش ئىدى.

مېنىڭ غەزىپىم ئۆرلەپ، نەپرەتلىك قارغىشلىرىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغانىدى. كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن بولسا كېرەك، رەھمەت ئەپەندى بىردىنلا شىللىق - سىپايىلىق بىلەن:

— بىرە يېرىم كۈننىڭ كارى چاغلىق، بۈگۈن رۇقىيە خانىم ئارام ئېلىۋالسۇن. ئۆزى دېگەندەك، ئۇ ھازىرلا سەپەردىن كەلدى. كونىلاردا «بىر ھارغانغا، بىر ئاشقانغا گەپ قىلما» دېگەن گەپ بار، ئارىمىزدا چوڭ ئۇقۇشماسلىق يوق. ئەتە ئۆز ئارا چۈشىنىشىۋالىمىز، — دېدى ئۇ تۈلكىنىڭكىدەك ھىيلە - مىكىر يېغىپ تۇرغان قىسماق كۆزلىرىنى سورۇندىكىلەرگە تەكشى يۈگۈرتۈپ.

مەن بىر كېچە قىزىم بىلەن مۇڭداشتىم. ئۇنى چەتكە چىقىپ كېتىش نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشتىم. شېرىنگۈلنى ئالتە ئايالنىڭ چەت ئەلنى ماختاپ ئېزىپ - ئىچۈرۈشلىرى، بايۋەچچىنىڭ مال-دۇنياسى بىلەن شىللىق مۇئامىلىسى مەست قىلىۋەتكەنمۇ ياكى يىگىتنىڭ جەلپ قىلـ

غۇچى كۆچى تارتىپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر مېنىڭ بىر كېچە كىرپىك قاقماي قىلغان قاتتىق - يۇمشاق گەپلىرىمگە ئۇ ئېرىپمۇ كەتمىدى ھەم قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ كاللىسىدا قاتتىق كۆرەش بولۇپ، ئارىسالدىلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

شېرىنگۈل ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق خېتىدە بىر دوستىنىڭ چەت ئەللىك بىر يىگىتكە تېگىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى يازغانىدى. مېنىڭ خىيالىمغا گۈپپىدە شۇ ئىش كەلدى - دە، دەررۇ شېرىنگۈلدىن سورىدىم:

— بالام، سەن ئۆتكەنكى خېتىڭدە بىر دوستۇڭنىڭ چەتتىن كەلگەن بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتىكەنسەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق بىرەر خەۋەر بارمۇ، قانداق؟

— ھە، ئۇنىڭ ئىسمى زىننەت، ئۇنىڭدىن نېمە خەۋەر بارلىقىنى مەن بىلمىدىم، خەت يازسىمۇ ئۆيىگە يازىدىغاندۇ، — دېدى شېرىنگۈل توڭلۇق بىلەن.

— بالام، ئۇ قىزنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەن، ئۇ بۇ قېتىم ماڭا ئىتتىك بۇرۇلۇپ كۆز قىرىدا ھومىيىپ قويدى.

— جېنىم بالام، ئەھۋال ئۇقۇپ باققانىڭ ھېچ زىيىنى يوق. سەن بۇ ئىشقا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلما. «كېيىنكى پۇشمان ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار. مەن شۇ قىزنىڭ ئاپىسى بىلەن بىر كۆرۈشەي، يۈر قىزىم، مېنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپارغىن، — دېدىم - دە، شېرىنگۈلنى ئۆيدىن تەستە ئېلىپ چىقتىم.

بىز زىننەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، بادام قاپاق، كېلىشكەن، ئەمما چىرايى سولغۇن بىر ئايال بىزنى مېھمانخانا ئۆيىگە باشلىدى.

— زىننەتنىڭ ئاپىسى تىللاخاچام شۇ، — دېدى شېرىنگۈل ھېلىقى ئايالنى ماڭا كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ ۋە مېنى تونۇشتۇردى، — تىللاخاچا، بۇ مېنىڭ ئاپام بولىدۇ. ئىسمى رۇقىيەم، ئىككىڭلارنى تونۇشۇپ قالسۇن دەپ بۈگۈن پەتىگە ئەكەلدىم.

— ۋاي ناھايىتى ياخشى قىپسىز قىزىم، سىزمۇ زىننەت كەتكەندىن كېيىن بۇ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز. سىزنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرسام قىزىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالار ئىدىم، — دېدى تىللاخان خۇش بولۇپ.

مەن ئۇنىڭ غەم تۇمانلىرى باسقان سولغۇن چىرايىدىن، ھەسرەتلىك، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلىرىدىن، ھەربىر قەدىمىنى ئالدىراي يۆتكەشلىرىدىن بۇ ئايالدىكى دەرد - ئەلەمنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقىدىم.

— تىللاخاچا، زىننەتتىن خەت كېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى شېرىنگۈل چاي ئۈستىدە. — بېرىپلا خەت يازىمەن دېگەنتى، مۇشۇ چاققىچە بىر پارچە خېتىمۇ يوق، قارىغاندا، خەت يازغۇدەكمۇ ۋاقتى يوق ئوخشايدۇ.

— مانا ماۋۇ خەتنى ئوقۇپ باقسىڭىز زىننەتنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايسىز، تىللاخان ئىشكاپ تارتمىسىدىن يوغان كونۋېرتلىق بىر پارچە خەتنى ئېلىپ شېرىنگۈلگە سۇندى ھەم خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

شېرىنگۈل سەل ئەجەبلەنگەن هالدا خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«سۆيۈملۈك دادا، مېھرىبان ئاپا! ياخشىمۇ سىلەر، مەن سىلەرنى تولىمۇ سېغىندىم. بىراق سېغىندىم دېگەن بۇ سۆز سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارغا مۇشت ئاتقاندەك تېگەر. چۈنكى مەن سىلەرنى قاقشاتتىم، تۇغۇپ چوڭ قىلىپ قويغانىنىڭ بەدىلىگە دۇئايىڭلارنى ئېلىش ئورنىغا ئەقىلسىزلىقىم، بەڭباشلىقىم بىلەن قارغىشىڭلارنى ئالدىم. شۇڭا سىلەر مېنى بىر سېسىق تۇخۇم قاتارىدا تاشلىۋېتىپ، كۆڭلى - كۆكسۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىشكە ئەلۋەتتە هەقلىقسىلەر. ئەمما مەن يەنىلا سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئادەم بالىسى. ئىلگىرى مەن كونىلارنىڭ ‹ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا - توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدۇ› دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ سارائىلارچە كۈلۈپتىكەنمەن، هازىر ھەممىنى چۈشەندىم.

ئۆز يۇرتىدىن، سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىدىن، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن، دوست - يارەنلىرىدىن تىرىك ئايرىلىپ قېلىشتىن يامان ئازاب يوقكەن... جېنىم ئاپا، مەن ئالداندىم، هازىر پۇشايمان ئازابىدا پۇچۇلىنىۋاتىمەن. ماڭا قېيىن ئاتا بولغۇچى ھېلىقى يوغان قورساق ئادەم ئۆزىنى چوڭ مىليونىر، خەلقئارالىق سودىگەر دەۋاپتىكەن، نەدىكىنى، ئۇ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ئورنىدا ئىشچى بولۇپ، هال كۈنى ئارانلا كېتىۋاتقان مۇساپىركەن. بۇنداقلارغا چەت ئەللەردە توي قىلىش ئىبغىر توختىغاچقا شىنجاڭغا كېلىپ مەندەك نادان - ئەخمەقلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىدىكەن. مەن تەگكەن يىگىت-نى دېمەمسىلەر، ئۇ ماڭا: ‹مەن ئامېرىكىدا ئوقۇغان، تۆت دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلىمەن، هازىرقى خىزمەت ئورنۇم لوندۇندىكى بىر مۇھىم تەتقىقات مەركىزىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك مائاش ئالىمەن...› دېگەنىدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە يالغانچىلىقلار ئاشكارا بولدى. ئۇمۇ پىرىستانىدا مال چۈشۈرىدىغان ئاددىي بىر ئىشچىكەن. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇيمەن دېگەن ئارزۇلىرىم بىر قېتىملىق كۆرگەن شېرىن چۈشكە ئايلاندى. ماڭا نەدىكى ئوقۇش پۇرسىتى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىگە پۇل بولمىسا بولمايدىغان، چىدىساڭ ياشا دەيدىغان جاھان ئىكەن. مەن هازىر خۇددى قەپەزگە سولانغان قۇشتەك ئائىلىگە بېكىندىم. سىرتلارغا چىقىش ئەركىنلىكىم يوق. ماڭا ناتونۇش بولغان بۇ شەھەر ھەم بۇ شەھەردىكى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئىمارەتلەر كۆزلىرىمگە خۇددى مازارلىققا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ...

ئاھ ۋەتەن، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇم مەن سىلەرنى خويمۇ سېغىندىم.

جېنىم ئاپا! بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى ئىش بولدى. ئادەم بۇرنىغا يەپ، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگۈچە ئوڭلانمايدىكەن، ئۆز رازىلىقىم بىلەن مىخقا ئۇستۇم. سەۋەنلىك ئۆزۈمدە. بۇ تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان قىسمىتى. مەن ئەمدى ئەقلىمنى تاپتىم. هامان بىر كۈنى ئۆز ۋەتىنىمگە قايتىپ كېتىمەن.

جېنىم ئاپا! بۇنداق بەختسىزلىك ئەمدى مەن بىلەن كەتسۇن، بىچارە نادان قىزلار ئالدانمىسۇن. ئۆزىنى مىليونىر دەپ ئاتىۋالغان قۇرۇق سۆلەت قېپىن

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

ئاتام چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەيمەن دېگەن باھانە بىلەن يېقىندا يەنە شىنجاڭغا كەتتى. بۇ ئوغلىنىڭ ئايالى ھەم بالىسى بار. قېيىن ئاتام «ئاتىنى ئايلىنخان، يولنى سارىخان» قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئوغلۇمنى ئۆيلەيمەن، دەپ قويۇپ ئۆزى قوش نىكاھلانماقچى. قېيىن ئانام كېسەلچان بولغىنى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز. قېيىن ئاتام ئۆزىنى ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان دەپ خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھايۋاندىنمۇ يامانراق مەخلۇق ئىكەن.

جېنىم ئاپا! بۇ ئىشقا نومۇس قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر بۇلار يەنە مەندەك ئانىسىنىڭ كۆكسىنى قاتتىق چىشلىگەن بىتەلەي قىزنى تورغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قارماق سالماقچى بولىدىكەن، مۇشۇ خېتىمنى ئوقۇپ بېرىڭ ...»

شېرىنگۈلنىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيالمىدى، ئۇ، ئاپا ... ! — دېگىنىچە ئۆزىنى ماڭا ئاتتى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

بىز تىللاخان بىلەن بىر ھازا مۇڭداشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

شېرىنگۈلنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان نۇرغۇن يۈرەك سىرلىرى باردەك قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ نومۇسچانلىقى، قىزلىق غۇرۇرى بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاشقا يول قويمىغاندەك قىلاتتى.

چۈش ۋاقتىدا سۈت رەڭلىك تاكسى ئىشىك ئالدىدا توختاپ مەرەمنىسا بىلەن يەنە بىر ئايال چۈشۈپ كەلدى. ئۇلار رىشىت بايۋەچچىنىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ، بىزنى چاقىرغىلى كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن چىرايىمدىن بىرەر ئالامەت ئىزدەشكەندەك كۆزلىرىمگە سىرلىق قاراشتى.

— شېرىنگۈل قېنى، كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى مەرەمنىسا سەل ئالاقزادە بولۇپ.

— شېرىنگۈلنىڭ ئىدارىسىدە ئازراق ئىشى بار ئىكەن، ئۆزۈم باراي، دېدىم ـ دە، ئۇلار بىلەن ماشىنىغا چىقتىم. مەرەمنىسا يول بويى، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي رىشىت بايۋەچچىنىڭ مال دۇنياسىنى، ئابرويىنى، مەردلىكىنى ... مەست بولغان ھالدا ماختاۋاتاتتى. مەن ئۈندىمەي مېيىقىمدا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدۇم.

مېنى رىشىت بايۋەچچە بىر رېستورانىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، چەتتىن كەلگەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ماڭا خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىياتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە ئايال قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

رېستوراننىڭ ئالاھىدە زىننەتلەنگەن مېھمانخانىسى كۆركەم بولۇپ، ئۇلار مېنى بىر جوزىلىق خاس ئۆيگە باشلىدى. ھايال ئۆتمەي مەززىلىك تائاملار كەينى ـ كەينىدىن كەلتۈرۈلدى. مەن قىلچە تارتىنماي بەھۇزۇر غىزالاندىم. ئۇلار مېنىڭ تارتىنماي ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرغانلىقىمدىن خۇشال ئىدى.

— تاماقتىن كېيىن گەپنىڭ مەركىزى يەنە توي مەسىلىسىگە يۆتكىلىپ رىشىت ئەپەندى سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك رۇقىيە خانىم، ئىككى ياشنىڭ قوشۇلۇشىغا رازىلىق بىلدۈرۈۋەت-

كەن بولسىلا، — دېدى ئۇ خۇددى ھېلىلا
يەپ - ئىچكەن تاماقىنىڭ پۇلىنى تۆلىمۇ-
تىنىڭ دېگەندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە باش-
قىچە قاراپ.

— رەنجىمىسىلە ئەپەندىم، مەن قى-
زىمنىچەت ئەلگە يېرەلمەيمەن. يەنە كې-
لىپ ئۆزۈم ئاغرىقچان، بۇ قېتىم دوختۇر-
خانىدا ياتقان يېرىمدىن كېلىشىم، «جان
بار يەردە قازا بار» دەپ بىر تال قىزىم-
دىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، — دې-
دىم مەن گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ.

ئولتۇرغان ئايالىلار مەندىن رەنجى-
گەندەك ئاغزىلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ بىر-
بىرىگە مەنىلىك كۆز بېقىشتى.

— ئانىنىڭ بالىغا چىدىمايدىغانلى-
قى راست، لېكىن شېرىنگۈلنى يىلدا بىر
قېتىم ئەكېلىشكە مانا مەن كاپالەتلىك
قىلىمەن ياكى سىلىمۇ كېتىشنى خالىسىلا
ئۇمۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشقۇ، — دېدى
رىشىت ئەپەندى مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇت-
ماقچى بولۇپ.

— ياق ئەپەندىم، مەن تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن ئانا يۇرتۇمدىن بىر قەدەم نېرى
كېتىشنى خالىمايمەن...

— رۇقىيەم، سىلى جاھىللىق قىلىپ
شېرىنگۈلنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويمى-
سىلا، شىنجاڭدا رىشىت بايۋەچچىنىڭ
ئالدىغا ئۆتكۈدەك مال - دۇنياسى بار باي
تېخى چىققىنى يوق، — دېدى مەرھەمنىسا
يېنىدا ئولتۇرغان رىشىت ئەپەندىنىڭ
دۈمبىقىنى چېلىپ.

— مەرھەمنىسا! مال - دۇنيا قولنىڭ
كىرى، مەن ئۇنى بەخت دەپ ھېسابلىماي-
مەن، ماڭا ئۆز ۋەتىنىمنىڭ قوينىدا!
ياشاشتىن ئارتۇق بەخت يوق. قېنى، ھەر
قايسىلىرىنىڭ چوڭ قىلغان قىزلىرى بول-
سا شۇنى بېرىشەلا، — دېدىم - دە، دەس
ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قەدىمىنى رۇسلاپ رى-
شىت ئەپەندىنىڭ شېرىنگۈلگە سېلىپ قوي-
غان ئالتۇن زىرىسى بىلەن ئۈزۈكىنى
ھەم باياتىنقى يېگەن زىياپەتنىڭ ھەق-
قى ئۈچۈن يۈز سوم پۇلنى تاقىمدە..جوزا
ئۈستىگە قويدۇم.

ئولتۇرغانلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

— رۇقىيە خانىم، ئىككى ياشقا ئو-
ۋال قىلساق بولماس، بۇ مۇھەببەت ئى-
شى، ھازىر توي قىلىش، نىكاھ ئەركىن-
لىكى ياشلارنىڭ ئۆز قولىدا، ئۇنىڭغا
ھېچ قانداق ئادەم ئارىلىشالمايدۇ، — دې-
دى رىشىت ئەپەندى زەردە بىلەن.

— ئەپەندىم! ئۆپكىلىرىنى بېسىۋال-
سىلا بولامدىكىن، سىلىنى باشقىلار چۈ-
شەنمىگەن بىلەن مەن ناھايىتى ئوبدان
چۈشىنىمەن، قىزىم شېرىنگۈلنى ئوغۇلل-
رىغا نىكاھلاتماقچىمۇ ياكى...

رىشىت ئەپەندىمنىڭ دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىش-
قا باشلىدى.

— ئەپەندىم، مەن چەتتىن كەلدىم،
مېنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ، نېمە دەپ
ماختىنىپ پو ئاتسام ئەخمەق، نادان خەلق
ئىشىنىۋېرىدۇ، دەپ چۆچۈرنى خام سا-
نىمىسىلا. بىز گەرچە ئىقتىسادىي جە-
ھەتتىن نامرات بولساقمۇ، ئەمما روھىي
بايلىق جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈن
تۇرىمىز...

ھۆرمەتلىك خانىملار، كۆز ئالدىڭ-
لاردا ئولتۇرغان مۇنۇ ئاتالمىش مىليو-
نېرنى ئاراڭلاردا بىلىدىغان زادى كىم
بار؟ سىلەر ئالدانىدىڭلار، بۇ قانداقتۇ

سىلەر ئاڭلىغاندەك خەلقئارادا نوپۇزلۇق مىليوندىر ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىدىغان يەردە ئىشلەيدىغان، هال - كۈنى ئاران كېتىۋاتقان كۆچمە مۇساپىر. ئۇنىڭ هازىرقى ئۆيلەيمەن دەپ ئەكەلگەن ئوغلىنىڭ ئايالى هەم بالىسى بار...

رىشىت بايۋەچچە خۇددى سۆرگە ئىچىۋالغاندەك بىر ئىزدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بۇ سورۇندا ئۆز ئەپت - بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ بۇنداق رەسۋا بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، بۇرۇن ئۇچلىرى ئاقاردى.

ئولتۇرغان خېنىملار بۇ شىكايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى بىر قورقۇنچلۇق چۆشنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغانغاندەك، بايۋەچچىگە نەپرەتلىك كۆزلىرىدە ئالىيىپ كەينىلىرىگە داجىشتى.

— خۇدايا پاكا پەرۋەردىگارىم، ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغىنىڭغا يۈزمىڭ شۈكرى قىلدىم، — دېدى مەرەمنىسا ياقىسىنى تۇتقان هالدا ۋە ئاچچىق غەزەپ بىلەن رىشىت بايۋەچچىگە هۆرپەيدى. ئۇنىڭ مىنۇت ئالدىدىكى ناز - كەرەشمە، خۇشامەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئاچچىق قارغىش ئىگىلىگەنىدى.

مەن رىشىت ئەپەندىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. سورۇندىكى خېنىملارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىشتى. رىشىت بايۋەچچە تورغا چۈشكەن جىنايەتچىدەك بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

تەھرىرلىگۈچى: سارەم ئىبراهىم

ئەختەم ئۆمەر

# قۇتلاپ كەتكەن كۆل

(پوۋېست)

## 1

يېزىدا ھەر كۈنى ھايات شۇنداق باشلىناتتى: ئاۋۋال مەھەللىنىڭ ھوش كالىلىسىنى يوقاتمىغان ھاڭگىسىدىن بىرسى، كېچە يېرىم بولدى دېگەننىڭ نىشانىسىنى بېرىپ ھاڭرايدۇ. بۇ ئاۋاز تۈن جىملىقىنى بۇزۇپ دېھقانلارنىڭ پاكار - پاكار ئۆيلىرى، دەرەخلەر ئارىسىدىن، ئېتىزلىقلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يىراقتىن - يىراققا ھەيۋەتلىك ئەكس سادا چىقىرىپ تارايدۇ. ئاندىن خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك دورامچۇق ھاڭگىلار ئارقا - ئارقىدىن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ھاڭرىشىدۇ. ئىتلار، خورازلارمۇ ئۆزىنىڭ سەگەك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بۇ نەغمىگە قېتىلىدۇ. كېچە جىمجىتلىقىغا چۆمگەن مەھەللە بىردەملىك ھاڭراش، چىللاش، قاۋاشلار بىلەن تولىدۇ. ئادەملەر ئويغىنىپ تەرەتتىن كېيىن ئېغىللىرىدىكى قويلىرىنى، كالا - ئېشەكلىرىنى، ئاتلىرىنى بىر يوقلىۋېتىپ، ئاسمانغا قاراپ بىر ئەسنىشىدۇ - دە، «يېرىم كېچە بوپتۇ» دېيىشىپ يېگىباشتىن ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەترەت باشلىقلىرى ھاڭكىدىن بۇرۇن مەھەللىمۇ مەھەللە قاتراپ ئادەملەرنى ئىشقا ھەيدەيتتى. خەقلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ تۇۋلىشىنى يېرىم كېچىنىڭ بەلگىسى قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ زۇۋانى ئاڭلانمايدىغان بولدى. پەقەت مەزىن ئەزەن ئېيتقاندا ئىككىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇشىدۇ، يېڭى بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىدۇ.

«تارىم مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

بۇ يېزىنىڭ ئىسمى ئاياغقۇم، ئۆزىمۇ ئىسمىغا لايىق قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. ھۆكۈمەت باي بولغان يېزا قاتارىدا دەپتەرگە پۈتۈپ قويغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھەممە يېرىنى نامراتچىلىق قاپلىغان بىر يېزا. بۇنداق بولۇشى ئاياغ-قۇمغا 18 يېزىنى ئاتلاپ ئېرىقتىن سەل چوڭ، ئۆستەڭدىن خېلى كىچىك بىر ئېقىن سۇ كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى قۇمساڭغۇ، سۇ دەپلا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. قانچە سۇ كىرسىمۇ غەلۋىردە بۇغداي توختىمىغاندەك تەرەپ - تەرەپكە سىڭىپ، 300 تۈتۈندىن ئارتۇق ئاياغقۇملۇقلارغا توخۇغا دان چاچقانچىلىكمۇ بولمايدۇ.
بۇ يېزىدا ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى ياز بويى ئاياغ كۆرمەيدۇ. قاپقارا، چاك - چاك ئېتىلغان قېلىن تېرىلەردىن ئوغرى تىكەنمۇ تېشىپ كىرەلمەيدۇ. ئاپتاپتا كۆيگەن بىر-بىردىن سۇرلۇك قارايغان يۈزلەردىن، چوڭقۇر ئورا كۆزلەردىن قىلچە ئارامسىزلىنىش كۆرۈنمەيدۇ. ئاياغقۇملۇقلارنىڭ باللىرى ياز بويى ئۇچىسىغا كىيىم كىيمەيدۇ، تومۇز ئاپتىپىغا پىشقان ئۇلارنىڭ تېرىلىرى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئوخشاش مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. توپ - توپ بولۇشۇپ يۈرگەن باللار يىراقتىن خۇددى قارا كۆتەكلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەت چىشلىرىلا ئاپئاق، كۈلگەندە خۇددى كېپەزلەردەك ئېچىلىپ كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئەرلەرنىڭ چىرايىدىن قورقۇمسىز، جاپاغا پىشىپ قاتقان ئەمما بوشاڭلىقنىڭ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ ئاياللىرى ئورۇق، زىلۋا كۆرۈنگىنى بىلەن كۆكسى خېلىلا چوڭ كېلىدۇ، زىلۋا بەدەنگە ئاياللىق سالاپەت بېغىشلايدۇ. قىزلىرى تولىمۇ ئومىاق كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارا يۈزلىرىدىن ئادەملەرنى جەلپ قىلغۇچى بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تىنىق كۆزلىرىنىڭ بولسا ئېقى خەسىدەك، ئۇزۇن ھەم قارا كىرپىكلىرى بولسا شۇنچە تەبىئىي بولۇپ، ئېتىز قىرىدىكى تەكشى ئۆسكەن قىياقلاردەك سۆلكەتلىك. ئەرلەرنىڭ تولىسى پۈتۈن يازنى بىر قۇر كىيىم بىلەن چىقىرىدۇ، بۇ كىيىملىرىمۇ كۆك خالتا كۆڭلەك، ئاق شاپاق دوپپا، ئېغى كەڭ، پۇشقىقى قىزلارنىڭ يوپكىسىدەك كېلىدىغان ئازادە تامباللار بولۇپ، ياماقنىڭ تولىلىقىدىن رەختىنىڭ ئەسلى رەڭگىنىمۇ بىلمىشكە بولمايدۇ. ياز بويى چاڭ - توزان، تەرنىڭ دەستىدىن قېتىپ، كۈزگە بارغانچە ئەيلىنىدىغان كالا تېرىسىدەك تاراقلاپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرىدا بولسا ئىككى - ئۈچ ئۇزۇن كۆڭلەك، رومال، بىرقانچە چىت تامباللا بولىدۇ.
خالتا كۆڭلەك ئۈستىدىن ھەر خىل يەكتەكلەرنى كىيىپ، شەتىرە بەلبېغىغا ئۇزۇن پىچىقىنى ئېسىپ، باشلىرىغا ئاق دوپپىنى كىيىپ، قوللىرىنى قولاشتۇرغان ھالدا، ئالدىغا ئېگىشىپ مېڭىش بۇ يەردىكى ياش - قېرى ئەرلەرنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نىزامى بولۇپ شەكىللەنگەن. كىمكى قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ ماڭىدىكەن، ئۇنىڭدىن ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، كوپۇرلۇق ئۆتىدۇ، جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ نەزىرىدىن يىقىلىدۇ. ئىلگىرى باسمايدۇ، بىر يېرى سۇنىدۇ ياكى بوينى قاتلىشىپ ئۆلىدۇ. بۇنداقلارنى قۇتۇل-

دۇرۇۋېلىش ساۋابلىق ئىش. شۇڭا ھەر كۈنى نامازدىن كېيىن سىم ساقال ئابدۇرېشىت ئىمام ياكى بىرقانچە ئۆيگە بوسۇغىدىن «بىسمىللا» دەپ ئاتلىمىغان، ئاشنى «بىسمىللا» دەپ ئىچمىگەن، چېچىنى ئۆستۈرۈۋالغان، ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىۋەتكەنلەر، تولا كىيىم يەڭگۈشلەپ ياسانچۇقلۇق قىلغانلارغا، بىرەر بالىسىنى موللىغا تۇتۇپ بەرمىگەنلەرگە پەند - نەسىھەت قىلغىلى باردۇ. ئاۋۋال مەسچىتتە ئىمام ئاخۇنۇم ۋەز قىلدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئىجازەت سورايدۇ:

— ئىمام ئاخۇنۇم ...

— خوش، قېنى، — دەيدۇ ئىمام ئاخۇنۇم.

— ماۋۇ ئوسمانكام كۈنچىنىڭ بالىسى داۋۇت ئاخۇن يېقىندىن بېرى سەل تاپتىن چىقىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. قارىسام، چېچىنى ئەمدى ... بىر نېمىگە ئوخشاتسام سەت تۇرا، بەكلا ئۆستۈرۈۋاپتۇ. تار بىر ئىشتان كىيىۋاپتۇ ... ئاندىن ... ئاندىن شەپكە كىيىۋاپتۇ. ئۆزى مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ كاپىرنى دورىۋالسا بولامدۇ؟ ... بۇنىڭغا بىر نېمە دېمىسەك ياش باللا نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاتا - ئانىلار، ئەل جامائەت نەسىھەت قىلايلى! — دەيدۇ.

شۇ زامان ئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ:

— بۇ تولىمۇ يامان بوپتۇ. بۇ سۆز بەرھەق.

ھەممە جامائەت غودۇرىشىدۇ، ئەتراپىغا قارىشىدۇ. ئۇلار داۋۇتنى مەسچىتتىن ئىزدىشىدۇ. بۇ يەردە ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرماسلىقنى ھەممە ئادەم تەشەببۇس قىلىدۇ. ساقال چىققاندىن كېيىن قويۇۋېتىش ئاللانىڭ سۈننىتى. ساقال ئالدۇرسا، چاچ قويسا، شەپكە كىيسە، ئاتا - ئانا، قارىي - موللىلارمۇ، جامائەتمۇ خاپا، شۇڭا ياشلارنىڭ چىرايلىق ساقال - بۇرۇتلىرى چاڭگالدەك يۆگىشىپ ئۆسكەن بولىدۇ. ھەممەيلەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بەلباغ باغلاپ، ئېشەك بىلەن ماڭىدۇ. قېرى بىلەن ياشنى پەرق ئېتىش تەس.

## 2

تومۇز ئېيىنىڭ سەھەر ۋاقتى سالقىن بولىدۇ. تۈنۈگۈنكى كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتا تونۇردەك قىزىپ قايناپ كەتكەن قۇم ئارىسىدىكى قازانغا ئوخشاش يېزا ئۈستىدىن كەچكىچە سۇس ھور كۆتۈرۈلگەنىدى. كېچىچە سوۋۇپ پۈتۈن يېزا سەھەردە ئىنتايىن سالقىن ھاۋاغا تولدى. قومۇلۇقتىن يەنىلا ئىسسىققا مايىل بىر خىل قۇرغاق شامال يولدا ئالدىراش مەسچىتكە قاراپ ماڭغان ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنى، قېلىن ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى دۇرۇت ئوقۇپ ماڭغان قۇرغاق كالپۇكلىرىنى يۇمشاق سۆيۈپ ئۆتىدۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ قولۇم - قوشنىلارنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئېلىپ، قوللىرىنى ئىككى قولاپ چىڭ سىقىپ يۈز - كۆزىگە سۈرتۈشۈپ ئۆتىدۇ. بىر - بىرىگە ئىگىلىش-

كەندە قېتىپ قالغان تەنلىرى تېخىمۇ ئىگىلىپ، قاڭشارلىرى تىزلىرىغا تەگكۈدەك بولىدۇ.

ئاياغقۇمدا ئون قويى، ئىككى كالىسى، بىر ئېشەك هارۋىسى، بىر ئات، بىر رادىئو، تۆت تاغار بۇغداي، ئالتە تاغار قوناق ئۇنى بار ئادەملەر باي سانىلىپ رويىخەتكە پۈتۈلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە هەر بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك كۈندىلىك لازىمەتلىك بولسىمۇ، بۇلار بۇ يەردە بايلىق هېسابلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداقلار ئاز تېپىلىدۇ. يازلىق بۇغداي خامىنى ئالغاندا هەر چارەككە ئىشەكتىن زاكات ئايرىپ ئىمام، قازى، مەزىنگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاشقىنى هۆكۈمەتنىڭ غەللىسى، تاغاردا قالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. چۈنكى مەهەللىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇ تايىنلىق بولۇپ، سۇ ئاۋۋال سېكرېتارنىڭ، ئاندىن كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى، مىراب، بوغالتىر ئاندىن ئىمام، قازى، مەزىنلەرنىڭ يېرىگە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دېهقانلارغا نۆۋەت كېلىدۇ. بۇ چاغ سۇنىڭ نۆۋىتى قىستاپ كەتكەن بولغاچقا، دېهقانلار ئۆستەڭ بېشىدا كېچە - كۈندۈزلەپ تۈنەيدۇ. ئۆستەڭ بېشى جېدەل، قان ئېقىشلار، يىغا - زارىلەر بىلەن تولىدۇ. هەر بىر ئېتىزغا قۇرۇق ئۇن سەپكەندەكلا سۇ كىرىدۇ، قاغجىرىغان زىرائەتلەر ئەنە شۇنداق سۇغىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغدايلار بىر قېتىملىق كەنجى سۈيى بىلەن يەردىن بىر يېرىم غېرىچ ئاران كۆتۈرۈلۈپلا سارغىيىپ تەستە چىمەلتەكتەك باش چىقىرىپلا پىشىۋالىدۇ. بۇ دانلار خامان سورۇغاندا كۆچلۈك شامال بىلەنلا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇڭا دېهقانلار شامال بەكرەك چىقىپ قالسا خامان سورۇمايدۇ.

ئاياغقۇملۇقلارنى باشقا كەنتلىكلەر نامرات دەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئىدىشىدىن كارامەت هېس قىلىشىپ ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالدى. ئاياغقۇملۇقلار بىر كىيىمنى بىر يىل كىيىپ، يالىڭاياق يۈرىدۇ، لېكىن توخۇ بېقىپ، تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىغا هەممىنى هەيران قالدۇرۇپ قۇم ئۈستىگە بىر مەسچىت سالدى. مەسچىت دەرۋازىسىنى بەش گەز كەڭلىكتە، مۇنارىنى 12 گەز ئېگىز قىلىپ پىششىق خىشتا چىقاردى. هەر خىل نەقىشلەرنى ئويدۇردى، ئاياغقۇم تارىخىدا هېچكىم بىر تال پىششىق خىش ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. مەسچىتنىڭ بەش مولۇق دائىرىدىكى تېمىنى قەشقەردىن پىششىق خىش ئەكىلىپ قوپاردى. ئەر، ئايال، بالىلار هەممىسى ساق ئۈچ يىل هارغان - ئاچقانغا قارىماي ياسىدى. يىللار، ئەسىرلەر داۋامىدا قاغجىراپ ياتقان قۇم ئۈستىدە كۈمۈش ئايلىرى پارقىراپ تۇرغان هەيۋەتلىك مەسچىت مۇنارىسى قەد كۆتۈردى. هەممە يۇرتنىڭ جامائەتلىرى ئاياغقۇملۇقلارنىڭ كارامىتىگە بارىكاللا ئېيتىشتى، مۇبارەكلەشتى. بىر چاغلاردا داجەيدىن ئۈگەنگەندەك، هەممە جايلار ئاياغقۇملۇقلارنى ئۈلگە قىلىپ مەسچىتلىرىنى باشقىدىن ياساشقا كىرىشتى، ئېگىزلەتتى، خام خىشتا ياسىغان بولسا، پىششىق خىشقا ئۆزگەرتتى، سىهام بولسا سىرلاپ نەقىشلىدى. پۇقرالار يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ، مۈلۈكلىرىنى پۇل قىلىپ مەسچىتكە تاپشۇردى. ئېتىز ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئاياغقۇملۇقلاردەك قەشقەرنىڭ زاۋۇت خىشلىرىنى، بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى، نەققاشچىلارنى تەكلىپ قىلىپ مەسچىت ياساشقا

كىرىشتى. كىشىلەر ئىچىدە مەسچىتنىڭ كۆركەم بولۇش - بولماسلىقى شۇ يەرلىكلەر -
نىڭ ئىززەت - ئابرويى، بايلىقى، مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ چىڭلىقىنى ئايرىشنىڭ بەلگىسى
بولدى. ئاياغ-قۇملۇقلار ئۆزلىرىنى پەخىرلىك ھېس قىلىشتى. ئۇلار كىمگىلا ئۇچرىسا
پالانى يەرلىك بىزنى دوراپ، پۇستانى يەردىن ئىلىمى چوڭ داموللامنى تەكلىپ قى-
لىپ مەسچىتى ئۈچۈن مەسلىھەت سوراشتى، دەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى-
دىن ماختىنىشتى، ئۆزلىرىنىڭ نامرات بولسىمۇ، مۇسۇلمانچىلىقتا ئۈستۈن تۇرىدىغان-
لىقىدىن ماختىنىشتى.

جىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى مېھراب يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان يو-
غان سەللىلىك ئابدۇرىشىت ئىمامنىڭ قارامتۇل چىرايىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى قولىدىكى ئۇلۇغ مۇقەددەس قۇرئانغا تىكىلگەن. كوسىراق
كەلگەن ئېڭىكىدىكى شالاڭ بىر تۇتام ساقىلى، جاۋغىيىنىڭ ئۈستىگىلا ئونۇپ قالغان
بۇرۇتى ئاغزىنىڭ قىمىرلىشىدىن تىترەپ تۇراتتى. كىشىلەر ئەسلى بۇ ئادەمنى ئىمام-
لىقتا سايلىغىلى ئۇنىمىغان، بىرىنچىدىن، بۇ ئادەم كىتاب كۆيدۈرۈش يىللىرىدا ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ قۇرئان، ھەپتىيەكلەرنى كۆيدۈرگەن. «ناماز ئەشى يوقنىڭ،
روزا ئېشى يوقنىڭ» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەنتى. ھەتتا ئىسيانچىلار بىلەن ئىچكى ئۆل-
كىلەرگە بارغاندا بىر زىياپەتتە بىر كاتتىباشنىڭ قولىنى ياندۇرالماي ھاراق ئىچىپ-
تۇ، دېگەن گەپلەر تارقالغان. مانا مۇشۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ؛
ئىككىنچىدىن، بۇ ئادەمنىڭ ساقىلىنىڭ تايىنى يوق. ئەمما سايلىماي ئامال بولمى-
دى. بىرى، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا بويىنىغا قارا ئارغامچا سېلىپ پۈتۈن يۇرت ئالدىدا
ھۆكرەپ يىغلاپ، توۋا قىلىپ گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇۋالدى؛ يەنە بىرى، ئۇ ئەپلەپ
يۈرۈپ سىياسىي كېڭەشتىن مائاش يەيدىغان بولۇۋالدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئابدۇرىشىت
ئىمام ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئاللا ئۇنىڭ ھەرقانچە
ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ، دەپ سايلىغانتى. يېزا بويىچە بىرلا ئادەم
ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر ئۇچۇق - ئاشكارا قارشى تۇرۇپ كەلدى. سايلىمىغانىنىڭ ئۈس-
تىگە نامازنى ئايرىم ئۆزى يالغۇز مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇپلا ئۇنىڭ
تەپسىرلىرىگە قۇلاق سالماي چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئېتى مۇھەممەت ئىمىن
سەيدىن بولۇپ، 40 ياشلارنىڭ چامىسىدا، ۋىجىك، قارا ساقال، قارا قويۇق قاش-
لىق، كۆزلىرىدىن بىر خىل تەلۋىلىك چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. جامائەت دەسلەپ ئۇ-
نىڭغا ئۆچمەنلىك قىلدى، نەسىھەت قىلىشتى، ئەمما ئۇمۇ بوش كەلمىدى: «ئاللا ھەممە
گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەمما مۇناپىقنى كەچۈرمەيدۇ. سىلەر مۇناپىقنىڭ كەي-
نىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىسىلەر» دەيدۇ. خەق ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە بىر قېتىم
غىق بولىدۇ. ئاخىر ئۇزاق يىللىق ئەنئەنە بويىچە: «ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇردۇق.
ئاللادىن بۇيرۇقسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. نىيىتىمىز پاك ئادەممىز، ئاللا قوبۇل قىلار»
دەپ ساددا كۆڭۈللىرى بىلەن ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆزلىرى بىلىپ قېلىش-
قا چامى يېتىدىغان ئىشلارنىمۇ ئاللاغا قويۇشىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن بۇ ئادەم-

لەرنىڭ نادانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ، بىر تۇرۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ، يەنە بىر تۇرۇپ غەزىپى كېلىدۇ، ھەممە ئادەم نامازدىن كېيىن ئاللاغا يېلىنىپ، بالا-قازانى نېرى قىلىشنى، تۆھمەتتىن ساقلاشنى، بايلىق، ئىنساپنى تىلىسە، مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئۇيۇپراپ بۇغدايدەك قالغان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— ئى، ھەممىگە قادىر ئاللا، يۇرتقا پاك ئىمان، ۋىجدان، دىيانەت بەرگەيسەن! ئاشۇ تەمبەل ئەرلىرىڭنى لامزەللىلىكتىن، خاپىلىقتىن ساقلىغايسەن! بەدىنىدە تۇرۇپ سېسىپ كېتىۋاتقان كۆچىنى ھالال ئىشلىتىشكە جۈرئەت بەرگەيسەن! — دەپ دۇئا قىلىدۇ. جامائەت ئۇنىڭ نېمىدەپ دۇئا قىلغىنىدىن گۇمانلىنىشتى، سوراشتى. ئاخىرى بۇنىمۇ بىلىۋالدى. بىلىپ ھەممىسى تووۋا دەپ، ياقىسىنى چىشلەپ كۈلۈشتى.

— مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن كارامەت خىسلەتلىك مۇسۇلمان-دە! — دېيىشىدۇ ئۇلار كۆڭۈللىرىدە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بۇنى ئاللانىڭ راۋا كۆرۈشىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئىمامنىڭ ھەرقانداق تەپسىرىدە بۇنداق ئادەملەر «جوھۇت» ئاتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن جامائەت مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىنىڭ تېگى تەكتىدىن گۇمان قىلىشتى، ئەمما ئۇيغۇرلار ئىككى ئەجدادىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قايسى ئۇرۇقتىن ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى. راست جوھۇتمىدۇ دېسە ناماز، روزىنى قازا قىلىپ باقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇسۇلمان خۇدادىن باشقا ھېچنېمىگە ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئۇلىرىگە ئوخشاش خوجىلارغا مۇرىت ئەمەس. ئىشان دەپ قىزلىرىنى ھەدىيە قىلمايدۇ. ھەرقايسى مازارلارغا بېرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىدىن بالا تىلىمەيدۇ. ئۇلار ئاخىر مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىنى مېڭىسىنىڭ سۈيى بار مەلئۇن، خىيالى بويىچە ئىش قىلىدىغانغا چىقىرىۋېتىشتى.

— ئىمام ئاخۇنۇم بامدات ۋاقتى بولدى! — يېشى ئەللىككە بېرىپ قالغان سوپى مەزىن كانىيىنى قېقىپ قويۇپ ئىمامغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن دېدى، ئىمام قىمىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، باياتىن بېرى كىرگەن ھەر بىر ئادەمگە قول بېرىپ، سالامىنى قوبۇل قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ جايىدىن قىمىر قىلماي قولىنى بېرىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ خېلىلا ھالسىزلانىدى، بۇ كۆرۈشۈشلەردىن كۆڭلىدە بىزار بولسىمۇ، جامائەتنىڭ ئۆزىنى تاۋاپ قىلىشىدىن ئىبارەت چەكسىز لەززەتنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ.

— مەزىنئاخۇنۇم، قېنى ئەمىسە باشلىسىلا، — دېدى ئىمام كېلىدىگە يىغىلىپ قالغان بەلغەمنى يۇتۇۋېتىپ، بۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن بامداتنى ئالمىقاچان ئوقۇپ بولغانىدى. مەزىن مېھراب تەكچىسىدىكى ساپال چىراغنى مەسچىتنىڭ شىمال تېمىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇزۇن تونىنىڭ پېشىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتى يەرگە سېلىنغان بورىنى غىرىسلىتىپ دەسسەيتتى، تاڭ خېلى سوزۇلۇپ قالغان بولسىمۇ مەسچىت ئىچى تېخى تولۇق يورۇپ بولالمىغانتى. شىمال تامدىكى چوڭ چاقماق سىزىقلىق ئاق قەغەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ياي بولۇپ ئېگىلگەن بېشىنى سەل تۈزلەپ يۇقىرى كۆتۈردى، قوينىدىن قارا قەلەمنى چىقاردى. بىر-ئىككى قۇرۇق يۆتەلدىن كېيىن غاراڭ-غۇ-

رۇڭ ئاۋازدا يوقلىما قىلىشقا باشلىدى. يېقىندىن بۇيان مەسچىتتە نامازغا يوقلىما قىلىش تۈزۈمى بەلگىلەندى. ئىمام كىم نامازغا كەلمىدى، نېمە سەۋەبتىن كەلمىدى، بۇنى سوراپ بىلىدۇ، ئاغرىپ قالغان بولسا يوقلاپ بارىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن يوقلىمىدىن ئۆتۈپلا مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى. ئىمام ئادىتى بويىچە قىسىلغان كۆز-لىرىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىگىبىر قارغىش بىلەن تىكتى. يەنە بىر ئەلەم يۇتتى.

3

يېزىنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئېگىز-پەس چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇقلار، قۇملۇقلاردا پاكار يۇلغۇنلارنىڭ چېچىلىپ تۇرغان پۇپۇكلىرى توزنىڭ قۇيرۇقىدەك ساڭگىلىغان، خا-دا قومۇشلار سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا بوش ئىغاڭلاپ تۇرىدۇ، قۇم باغىرلىرىدا پاكار قارا قومۇش، يېشىل پىچانلار، كۆك يانتاق ئۈسكەن. قۇرۇق توپا ئېقىپ تۇرغان ھار-ۋا يولىدىمۇ شۇنداق. سالقىن شامال موردىلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلارنى قۇملۇق ئۈس-تىدە ئۇچۇرۇپ يۈرىدۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار شالاڭ بۇغدايلار سارغىيىپ كەتكەنتى. يەر چاك-چاك يېرىلغان بولۇپ، يېرىقلىرىدا ئۆمۈچۈك، چېكەتكە، چاشقانلار ئۇۋا سالغان. قومۇش چىڭگىلىك دېسىپ كەتكەن يول بويىدىكى ئېرىقلار قىرىدىكى تېرەكلەرنىڭ تەڭگىدەك ياپراقلىرى تومۇز بولماي تۇرۇپ سارغىيىپ غازاڭغا ئايلى-نىشقا باشلىغانىدى. يەردىن ئەمدى بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىگىلەپ قالغان زىرائەتلەر كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدۇ. قاغجىراپ كەتكەن قۇمساڭغۇ سېغىز توپىلىق يولدا قوي، كالىلارنى ئەگەشتۈرگەن ئاياللار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋاڭ-چۇڭ سېلىشقا باللار، ئىتلار چاڭ-توپا توزۇتۇپ، يېزىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى سۆگەت بىلە ئورالغان كۆلگە قاراپ ماڭدى. بۇ كۆل ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ كولانغىنىغا 60 يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنى قاسىم باپكار دېگەن ئادەم كولاتقان بولغاچقا كىشىلەر بۇ كۆلنى باپكارنىڭ كۆلى، دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يېزىنى كۆكلىتىپ تۇرغان پەقەتلا مۇشۇ باپكارنىڭ كۆلى ئىدى. كۆلنىڭ تېگى چوڭقۇر بولغاچقا سۈيى قۇرۇمايدۇ. كۆلدە قويۇق خادا قومۇشلار، لەش، جامكا ئۈسكەن. يۇمران ئىنچىكە يوپۇرماقلىق سۇ ئۈسۈملۈكى ئارى-سىدا ئۇششاق قىزىل قۇرتلار، قۇمۇچاقلار توپ-توپ بولۇشۇپ ئۈزۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. تىكەنلىك، چاقىقاق، ياپىلاق ناۋات رەڭ كېپىنەكسىمان بىر خىل قۇرت ئىنچىكە كالتە بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ قانىتىنى بىر كېرىپ، بىر يىغىپ تۈگۈلۈپ ئۈزمەكتە. پوقىسقى لىپىلداپ تۇرغان قېرى چار پاقىلار قول-پۇتلىرىنى سەت كېرىشىپ بىردە قىرغاققا، بىردە كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈشۈپ، جامكىلارنى چالغىتىپ يۈرۈشەتتى. كۆلدىن چىقىۋاتقان نەم پۇراق پۈتۈن يېزا بويىچە مۇشۇ كۆل بويىدىلا سالقىن ھاۋا پەيدا قىلغانىدى. يېزا بويىچە مۇشۇ كۆل بويىدىكى قېرى سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلى-رىلا قارامتۇل، يېشىل ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 قەدەم نېرىدىكى ئۆرۈك، شاپ-تۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرى ساپسېرىق بولۇپ پۈرلىشىپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. ھەر يىلقى-دەك ھازىرمۇ سۇ ئازىيىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆلچەك پەيدا بولغان. كۆلچەكتە جامكا، قومۇش، قۇرت، قۇمۇچاق، پاقىلار مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندە كۆلنىڭ

بويى بازار بولۇپ كەتتى. كالا، قويلار كۆل ئىچىگە چۈشۈپ سۇنى كۆرۈپ مەرەپ،
مۆرەشكىلى تۇردى. قىرى سۆگەتكە باغلانغان ئىشەكلەر بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ سۇغا
ئالدىراپ خىتىلدىشىپ هاڭراشقىلى تۇردى. يالىڭاچ باللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ
چۇرقىراشقا باشلىدى. بەزىسى قويلىرىنى قوغلاپ يۈرۈشەتتى. ئايالار كۆل بويىدىن
پۇت قويغۇدەك يەرنى ئىگىلەپ، نوگايدا سۇ ئېلىپ چېلەك، قاپاقلىرىغا قۇيغىلى باش-
لىدى. باللار ئۇلاقلىرىنى سۇغىراتتى. كېيىن كەلگەنلەر نۆۋەت كەلگۈچە پاراڭ سې-
لىشىپ قارىشىپ تۇراتتى.

ــ بۇ يىلىزە سۇ بۇلتۇرقىدىنمۇ قىس بولدىمۇ دەيمەن، خۇدايىم، ــ دېدى هەلى-
مىخان قاپاقنى يەرگە قويۇۋېتىپ، ئۇ داستىخاننى قولتۇقىغا قىسقاندا يىرتىق كۆڭ-
لەك ئىچىدىكى ئەمچەكلىرى لىغىرلاپ كەتتى. هەلىمىخان ئوتتۇزدىن ئاشقان جۇۋان
ئىدى، ئۇ ئانچە چىرايلىق ئەمەستى. شۇنىڭغا باقماي داۋاملىق قېشىغا دەمدەك ئوسما
قويۇپ، ئەرلەرنى ئۆزىگە بەكرەك قارىتىشتىن لەززەتلىنىپ يۈرىدىغان چوكانىدى.

ــ شۇنداق بولماتىكى ئەمىسە، بۇلتۇر مۇنداق چاغدا كۆلدە لىق سۇ بارتى،
مۇنداق ئۆچىرىت تۇرۇپ كەتمەيتتۇق. كۆلدە هاشاراتلارمۇ ئازتى، بۇ يىل نېمە بو-
لۇپ كەتتى. بۇلتۇر هەممە ئادەم بۇغدايىنىڭ كەنجە سۇيىنى قىر چۆكۈرۈپ قاندۇرۇپ
قويۇۋالغان، بۇغدايمۇ ئوخشىغان، ئۆرۈك، ئالمىمۇ خېلى سۇلۇق پىشقان. بۇ يىل خۇ-
دا ئۇردى بىزنى، ــ دېدى قىرىقلارغا بېرىپ قالغان ئايشەمخان قورۇغان كالپۇكىنى
يالاپ قويۇپ:

ــ بۇلتۇر بۇغدايىنى بىر قېتىم بولسىمۇ قاندۇرۇپ سۇغارغاچقا بۇغدايىنىڭ بويى
تىزغا كەلگۈدەك ئۆسۈپ دان تۇتۇپ پىشقان. بۇ يىل يەردىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپلا
باش تارتىپ پىشۋالدى. مەن بۇلتۇر غەللىگە هۆددە يەرنىڭ بۇغدىيىنى چىقىشتۇ-
رۇپ بولالماي، قالدۇرۇق يەرنىڭ بۇغدىيىنى قوشۇپ ئۆتكۈزدۇم. بىر قوي سېتىپ يە-
گىلى بۇغداي ئالدىم. كېۋەز ۋەزىپىسىگە بولسا موزايىنى ساتتىم، ئەمدى بۇ يىل قان-
داق قىلىشىپ كېتەرمىزكىن تاڭ؟ ــ دېدى هېزىمخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. ياخشى
يېرى ئاياغ قۇملۇقلارنىڭ چارۋىسى ئايىنىپ بارماقتا ئىدى. شۇڭا هەر يىلى قويىدىن
نەچچىنى سېتىپ ئاشلىق ئېلىشىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى يىل بويى تۆت سەر ماي، بىرەر
جىڭ گۆش يېمەي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ.

ــ بۇ يىلمۇ يېزا باشلىقى، مىرابلارغا يېگۈزگەن قوي، بەرگەن ياغاچ ئاز ئە-
مەس، ــ دېدى بىر موماي ئەسنەپ تۇرۇپ.

ــ هامان بولىدىغان ئىش بولدى. هۆكۈمەت بۇ يىل غەللىسىنى كېمەيتەر.
ئەمما ـ زە، دەرەخلەر قۇرۇپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟ ئەڭ يامىنى، بىز ئۇسسۇزلۇقتىن
ئۆلمىسەك بولاتتىغۇ! ــ دېدى هەمشىرىخان. بۇ ئايال يېشى قىرىقلارغا تاقاپ قالغان،
چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان ئېگىز بويلۇق ئايالتى. ئۇنىڭ بۇرۇن گۈزەل ئىكەنلىكىگە
هېلىمۇ گۇۋاهلىق بېرىپ تۇرغان ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرى بىلەن قاپقارا، چوڭقۇر
كۆزلىرىدىن جاپاكەش، باغرى يۇمشاق، ساددا ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ

كېيىن قالغانلار قاتاردا قولىدا ياغاچ سوغىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە
ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئون ئالتە ياشلىق قارا قۇمچاق، ئېگىز بوي، ئۇ-
زۇن، ئاغزى كىچىك، ئاستىنقى لېۋى قىزىرىپ پىشقان مۇناقتەك سوزۇلۇپ چوشكەن
ئوماق قىز نۇسرەت كونا داستىخان بىلەن قاپاقنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايرى-
ما كىرپىكلىرى، قاپقارا كۆزلىرى، كەڭ پېشانىسىدىن ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى
نۇر يېغىپ تۇراتتى. زىلۋا بويىغا چىپپىدە كەلگەن ناۋات رەڭ چىت كۆڭلىكى ئۇنى
پەرىدەك نازاكەتلىك كۆرسىتەتتى. قاپقارا تىنىق كۆزلىرى ئايالار بەس-بەستە سۇ
ئۇسۇۋاتقان كۆلچەككە تىكىلگەنتى. نوگايلار توختىماي كۆلچەككە پاتۇرۇلىدۇ. جامكا،
لوجىلەر توختىماي چالغىپ سوزۇك سۇنى داۋالغۇتۇپ تورىدۇ. قۇرتلار شۇنچە كۆپكى،
خۇددى كۆلچەككە رەڭلىك گازىرلارنى چېچىۋەتكەندەك قىمىرلىشىپ يۈرىشىدۇ. سۇ
تېگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قومۇش كۆتىكى قاپقارا سېسىغان، ئۇنىڭدا پاقا ياپرىقىدەك
بىر خىل بۇژغۇن لەشلەر سۇ بىلەن تەڭ تەۋرەپ لىپىلداپ تۇرىدۇ. نۇسرەتنىڭ دائىم
مۇشۇ كۆلچەكنى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ. سېسىق جامكا تېتىمىدىغان لاۋزا سۇ، كۆلدە
ئۇزۇن قومۇش جامكىلار كۆپ. كۆلگە يىل بويى سۇ كىرمىسىمۇ سۇيى توگىمەيدۇ.
چوڭلار ئاشۇ جامكانىڭ بولغىنىدىن سۇ سىڭىپ كەتمەيدۇ، دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ قۇم
دونۇرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مەھەللىنى مۇشۇ پاسكىنا كۆل تويدۇرۇۋەتمەي ساقلاپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭمۇ، هايۋانلارنىڭمۇ، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەرنىڭمۇ ئۇسسۇز-
لۇقىنى قاندۇرىدۇ. يىل بويى بىكار يۈرىدىغان ئىتلارمۇ قۇملۇقتا كىرىپە، قىرغا-
ۋۇل تۇتۇپ يەپ، ئىچى قىزىپ كەتسە ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ، كۆل سۈيىنى را-
ھەتلىنىپ ئىچىدۇ. نۇسرەتنىڭ يادىغا مۇشۇ ئىش چۈشسىلا كۆڭلى ئېلىشىدۇ، بىر قېتىم
ئۇ چوڭ دادىسىدىن سورىدى:

— هالال، هارام دەپ ئايرىيدىكەنمىز-يۇ، باپكارنىڭ كۆلدىن بىزمۇ سۇ ئىچىدى-
كەنمىز. ئىت، ئېشەكمۇ، قۇرت-قۇمچاقلارمۇ سۇ ئىچىدىكەن، كۆلدىن يەنە بىرنى كولىساق
بىردە هايۋانلار، بىردە ئادەملەر سۇ ئىچسە بولمامدۇ؟

هارۇن بوۋاي قىزىل جىيەك، كىرپىكسىز، چاپاق باسقان كۆزىنى هەيرانلىق
بىلەن نەۋرە قىزىغا تىكتى. كىرلەشكەن ساقىلىدىكى چاپلىشىپ قالغان نان ئۇۋاقلى-
رىنى ئالقىنىغا ئاستا سىيرىپ چۈشۈرۈپ كاپ ئەتكەندىن كېيىن، خۇشياقماسلىق
بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن گۆدەك-تە، بالام. كۆلدە شەك يوق، كۆلگە شەك كەلتۈرسەك كۇپۇرلۇق
بولىدۇ. خۇدا مۇشۇ يۇرتقا بەرگەن رىزىقنى نېسىۋىنى هەممە جان-جاندارلارغا تەڭ
بەرگەن، بىرىنىڭ رىزىقنى بىرى يېيەلمەيدۇ. خەق باشقا يەرگە كۆل كولاپ باققان،
ئەمما سۇ تۇرمىدى، خۇدا ئاشۇ باپكارنىڭ كۆلىگىلا بىز ئاياغقۇملۇقلارنىڭ رىزىقنى
چاچقان، — دېدى. ئاياغقۇمدا تاملىرى قۇشقاچ پوقلىرى بىلەن تولغان، ئەتراپىنى
قومۇش باسقان چوڭ بىر ئۆي بار. ئۆي ئىچىگە تۆت قاتار سىگارىيان سۇنۇق ئورۇن-
دۇقلار تىزىلغان. بۇ ئۆيدە بىرىنچى سىنىپتىن بەشىنچى سىنىپقىچە بولغان ئوقۇغۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابخۇمار بېكىتى

چىلار ئەقىۋىدۇ. ھەر سىنىپقا تەۋە بەشتىن ئالتىگىچە بالا بار. بىر خانىم ئەتىگەنلىك ئاش ۋاقتىدا كونا ۋەلىسىپىتتە كېلىپ پېشىنگىچە دەرس ئۆتۈپ، بالىلارنى قويۇۋېتىپ كېتىدۇ. ئاشۇ مەڭزى قىزىل، سېرىق چاچ، كۆكۈش كۆزلۈك خانىم سۇدانغا سۇ قاچىلاپ كېلىدۇ، ئاياغقۇمنىڭ سۈيىنى ئىچمەيدۇ. بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە:

— خانىم، ئەقىل دېگەن ئادەمنىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرۈپ يۈرەمدۇ؟ ئەقلىگە ھېچنېمە يۇقمامدۇ؟ سۇ ئەكىلىپ قىيناالغۇچە باپكارنىڭ كۆلىنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەرسىلە، ئاياغقۇمدا ئىشتىنىنى سەللە قىلىپ يۈگەپ مەسچىتكە كىرگەن ئادەم يوق، — دېيىشەتتى، ئەمما خانىم كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمايتتى. نۇسرەت شۇ خانىمنىڭ سۇدىنىدىن بىر قېتىم سۇ ئىچكەندىن باشلاپلا ئۆيىدىكى سۇنى ئىچكىلى، تاماقنى يېگىلى ئۇنىمايدىغان بولۇۋالدى. تاماقتا قارىسا چۆپلەر كۆزىگە قۇرت - قۇمۇچاقلاردەك كۆرۈنىدۇ. دادىسى مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئۇنىڭغا بەك ئامراق، ئۇ كەنت سېكرېتارى، كەنت باشلىقى، ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئۆيىگە ھارۋىدا ھەر كۈنى سۇ توشۇيدىغان ياسىن مەدەكتىن بىرنەچچە قېتىم تۇخۇمغا سۇ تېگىشتى. ئەمما تېگىشىۋەرگىلى بولمىدى. ئۆينىڭ ئەھۋالىنى نۇسرەتمۇ بىلىدۇ. ئۆزىدىن باشقا يالىڭاچ ئوينايدىغان بەش ئۇكىسى بار، توخۇنىڭ تۇخۇمى چىراغ يېغى بىلەن تۈگمەننىڭ غەلۋىسىگە، مەسچىت سېلىقىغا ئاران ئۈلگۈرىدۇ. شۇڭا يەنىلا مۇشۇ سۇنى ئىچمەي ئامال يوق. ئېھ، قۇرتلاپ كەتكەن كۆلچەك، ئىست بىچارە كىشىلەر!...

نۇسرەتنىڭ بېقىنىنى بىرسى يېنىك چىمداپ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ سەل ئاچچىقلاپ يانغا قاراپ قويدى. يېنىغا دوستى ھاشىرخان كەلگەنىدى. ئۇ نۇسرەتتىن بىر ياش كىچىك، ماڭلاي چېچىنى چىرايلىق تاراپ تەكشى قىرقىپ قويۇۋالىدىغان قارا قۇمچاق، يۇمىلاق يۈز قىز ئىدى.

— قاچان كەلدىڭ؟ ئۇخلاپ قاپسەن - ھە؟ — سورىدى نۇسرەت.

— ياق، ئۇخلاپ قالمىدىم.

— يىغلاپسەنغۇ؟ — نۇسرەت دوستىنىڭ قىزىرىپ ئىششىغان قاپاقلىرىغا قاراپ سورىدى.

ھاشىرخان بىلەن نۇسرەت ئىككىنچى سىنىپقىچە بىللە ئوقۇپ، كېيىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ موللىدا ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى.

— ئاناڭ ئۇردىمۇ؟

ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى، ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى. ئەتراپ ۋارقىراش، كۈلۈشمەك، تىللاشماق، قوي - كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى بىلەن تولغانىدى.

— مىشىلدىماي گەپ قىلە، داداڭ ئۇردىمۇ ئەممىسە؟

— ھاشىرخان بارغانچە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھېلى قۇمنىڭ كەينىگە ئۆتكىن دەپ بېرىمەن.

— ھازىر دېسەڭ بولمامدۇ؟

— ياق، — دېدى ھاشىرخان ۋە ئېشەك بىلەن كالىنى باشقۇرالماي ئاچىسىنى تىللاپ، يىغلاۋاتقان ئىنىسىنىڭ قېشىغا كەتتى.

4

تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان قۇملۇقنىڭ سۈس كۆل رەڭ دۇمبىسىدىن قۇرغاق هور چىقارماقتا ئىدى. قۇمدا ئۆسكەن ئېگىز خادا قومۇشلارنىڭ قۇلاقلىرى يۇمىلاقلىشىپ پۈرلىشىپ كەتكەن. يۇلغۇننىڭ يېشىل ياپراقلىرى سالپىيىپ قالغانتى. قومۇشلۇقتا دىكىلداپ ئىرت-چۆپ يەيدىغان توشقانلارمۇ، ئورەكلەرگە كىرىۋېلىپ قومۇشنىڭ يىلتىزىنى غاجىلاپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يىراقتىن ئىچى قىزىپ تۇرالمىغان تۈلكىنىڭ هۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇچار قاناتلار سولىشىپ كەتكەن تېرەك، ئۈجمىلىكلەرگە، جىگدىلەرنىڭ سايىسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. پەقەت كېلەلەرلا قۇملۇقنىڭ تازا قىزىغان يەرلىرىدە ئاپئاق قورساقلىرىنى كۈنگە قاقلاپ راهەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنتى. قىزىل بېقىن پاتمىچۇقلار قۇياشقا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ هاسىرايدۇ.

هاشىرخان قۇملۇقنىڭ كەينىدىكى جىگدىلىكتە قومۇش باسقان چىغىر يولغا قاراپ-قاراپ قويۇپ يىلىم ئالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن تەر تەپچىپ تۇرسىمۇ ئەمما ۋۇجۇدى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. قورقۇش ۋە قىزىقىش هېسسىياتى بىردە كۆتۈرۈلسە، بىردە پەسىيەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پۈرلىشىپ ساڭگىلىغان لەش قاپاقلار، خۇنى كەتكەن سۇرلۇك كۆزلەر، سالپايغان قۇرۇق يۈز، مونگەش قورۇقلار بىلەن تولغان قاغا جىگدىسىنىڭ يىلتىزىدەك بويۇن، چاڭگىدەك ساقال ئارىسىدىكى كۆپكۆك قۇرۇق كالپۇك كېلەتتى.

هارۋا يولىدا نۇسرەت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇششۇقىغا چۈشكەن ناۋات رەڭ چىت كۆڭلىكى پاكار قومۇشلار ئۈستىدە ئاق قۇنىڭ قانىتىدەك يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى. هاشىرخان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى! كۆز ياشلىرى بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۇمىلاق قارامتۇل مەڭزىلىرىنى پارقىرىتىۋەتتى.

نۇسرەت بېشىدىكى يىپ ياغلىقىنى يېشىۋېلىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى.

— چىققىلى خېلى بولدىمۇ؟ — سورىدى نۇسرەت.

— هەئە، نېمانداق چىقىپ بولالمايسەن؟

— ئانام نەگە بارىسەن، دەپ چىققىلى قويماي كاشال قىلدى، مەن هاشىرخان بىلەن يىلىم ئالىمىز دېيىشىپ قويغان، دەپ يۈرۈپ ئاران تەستە چىقتىم. هە، نېمە بالا بولدى؟

— ئۈچ كۈندىن بۇيان مېنى ئەرگە بېرىمىز، دەپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى.

— ئۇھ، ۋايجان مۇشۇ گەپمىتى؟ مەن تېخى داداڭ ئاناڭنى قويۇۋېتىمەن دەپ يەنە دۇمبالاپ هەيدىۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن. ئەرگە بېرىمىز دېسە مۇشۇنچىۋالا بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ يىغلىساڭمۇ، كۈلسەڭمۇ هامان بىزنى ئەرگە بېرىشىدۇ، مېنىمۇ شۇنداق دېيىشىپ يۈرىدۇ. چىمگە بېرەركىن تاڭ، سېنى چىمگە بېرىدىكەن؟

ئىككىسى يېتىلىشىپ بىر قېرى جىگدىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قۇمساڭغۇ يۇمشاق تۈپىغا ئولتۇرۇشتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەرگە بەرىشقۇ مەيلىتتى، لېكىن مېنى ئابدۇرېشىت ئىمامغا دۇئا قىلدۇرىمىز، دەيدۇ، — دېدى ھاشىرخان.

— ئەمدى دۇئاسىنى ئالمىغان سېنىڭ داداڭ بىلەن ئاناڭ قاپتۇمۇ؟ يا ئۆلمىدى ئۇ ئوغرى، — دېدى نۇسرەت قۇمغا قولىنى پاتۇرۇپ.

— قانچە كۈنلۈك ئالىدىكەن؟

— ئۈچ كۈنلۈك دەيدۇ. مەن يىغلاپ ئۇنىمىسام دادام «كېپىمگە كىرمىسەڭ سەندەك قىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەيدۇ. ئانام: «ئابدۇرېشىت ئىمام خوجا ئەۋلادى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلار ئوبدان كۆكلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ دۇنيالىقىمۇ ئوبدان بولىدۇ» دەيدۇ. ئاخۇنۇم ئۇلارغا «ھاشىرخاننى پەقەت ئۈچ كۈنلا نىكاھىمدا تۇتسام، تالاق قىلىۋېتىمەن.» دەپتۇمىش. ھۆكۈمەت بۇنداق ئىشنىڭ بەك چىڭ سورىغىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا داۋراڭ قىلمايلى، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي لايىقىدا بىرىگە چوكان تويۇڭنى قىلىپ بېرىۋېتىمىز، دەيدۇ.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن ئۇنىمىدىم. ئۇنىمىسام، ئۈچ كۈنلۈككە توشقان تېرىسىمۇ چىدايدۇ، ئۇ سېنى تىرىك يۇتۇۋېتىدىغان يالماۋۇز ئەمەس، ئۈچ كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. يىغلىدىم شۇ، يىغلىساممۇ قانداق قىلىمەن؟

نۇسرەت ھاشىرخاننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— سېنىڭ داداڭدەك دادا نەدە باركىن؟ — دېدى ھاشىرخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سەن داداڭغا دەپ باق، دادامغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇن، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— مەن دادامغا دېيەلمەيمەن، ئانامغا دەي، ئانام دادامغا دېسۇن، كەچتە ئەكىرىمدۇ دېدىڭما؟

— ھەئە، كەچكىچە دەپ باقسۇن، سېنىڭ ئاچاڭ، ياكى سىڭلىڭ بولۇپ قالغان بولسام بېشىمغا بۇ كۈنمۇ كەلمەسكەن.

نۇسرەتتە ئۆز دادىسىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى تۇنجى قېتىم پەيدا بولدى. ئۆتكەن يىلى ئىمامنىڭ بىر غالچىسى مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىڭكە نۇسرەتنى ئابدۇرېشىت ئىمامغا دۇئا قىلدۇرۇش توغرىسىدا يوشۇرۇنچە تەكلىپ بەرگەندە، مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئۇنى تىللاپ ئاغزى - بۇرنىغىچە تويغۇزۇپ قويدى. ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى يامان كۆردى، قارغاشتى. ئۇ چاغلاردا نۇسرەتكە بۇ ئىش قىزىق بىر ئويۇندەكلا كۆرۈنگەن، كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىتى، ھازىر بولسا گويا ئۆزىنى دۇئا قىلدۇرۇۋېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق بىر ھېسسىيات ئۇنى چۇلغىۋالدى. ئەينى چاغدا ئۆز بېشىغا كەلگەندە نېمىشقا ھازىرقىدەك قورقمىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

پېشىندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئەمەت كۆنچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كۆنچىنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ قىبلى تەرىپىدىكى ئىككى قۇم دۆڭنىڭ قىسىلچىلىقىدىكى يەردە ئىدى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا چوكىلىتىپ قاغا جىگدە قويۇلغان بولۇپ، جىگدىلەرگە چىر-

ماشقان چىڭگىلىك، ياۋا قۇلماق پىلەكلىرى، ئۆينىڭ تاملىرىغا يامىشىپ كەتكەن كاۋا پىلەكلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ كېتىپ، ئەمدىلا قوش مۇشتتەك بولغان كاۋىلار چىڭگىلگەن پېتى دوڭگىيىپ چىقىپ قالغانىدى. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىڭ بۇرنىغا يىراقتىنلا پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى.

بەش كۆچۈكنى ئەگەشتۈرگەن ئالا قانجىق قاۋاپ-قاۋاپ ئارقىغا قاچتى. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئەگۈنچەك دەرۋازىدىن كىرگەندە ئەممەت كۆنچى تەرلەپ-پىشىپ لەمپىنىڭ ئەگرى سوقۇمىغا ئېسىلغان ئوغلاقنىڭ ئىچ قارنىنى ئېلىۋاتقانىدى. خوتۇنى ئوچاقتىكى داڭقاندا پولۇنى دۈملەش ئۈچۈن پايىپېتەك بولۇپ يۈرگەنىدى. ئەممەت كۆنچىنىڭ مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنى كۆرۈش بىلەنلا ئەرۋاھى ئۇچتى.

— مۇھەممەت باي نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — دېدى ئەممەت كۆنچى قولىغا چاپلىشىپ قالغان ئوغلاقنىڭ ئىچ يېغىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناپ، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال ھەم تەھدىتلىك ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى بۆرتۈپ چىققان تېرىسىدىكى چوڭقۇر خەنجەر ئىزىدەك قورۇق نەيزە ئۇچىدەك ئۇزاردى.

— سەن بىلىسەن كۆنچى ئەۋلادى، مەن يۇرتتا ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا ئارىلاشماي كېلىۋاتىمەن. توي-تۆكۈنگە قىچقارسا بارىمەن، ئۆلۈم-يېتىمگە بارىمەن. ئەمما كىم نېمە ئىش قىلسا لام دېمەيمەن. پەقەت خۇدادىن بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ كەلدىم. بۈگۈن كۆڭلۈم تارتىپ ساڭا ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي دەپ كەلدىم، ئەممەت باي سەن ئەخمەق بولما، قوي بۇ ئىشنى. مەن نېرى-بېرىسىنى ساڭا ئېزىپ ئىچۈرەلمەيمەن، ئەمما كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشنى قىلما.

ئەممەت كۆنچى تاتىرىپ كەتتى. سېرىق شالاڭ چىشلىرى خىرىس قىلىشۋاتقان ئىتنىڭ چىشىدەك ئۇستىگە تۇرۇلۇپ، دىڭگايغان بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن كۆرۈندى.

— مەن دادامنى كۆمۈپ قويدۇم دېسەم دادام ئۆلمەپتىكەنمۇ دەيمەن، — ئۇ ئۇپراپ بىمسى بىگىزدەك قالغان سۆڭەك دەستىلىك پىچاقنى مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنگە شىلتىدى، — سەن ماڭا ۋەزخانلىق قىلىمەن دېمەي، كېتىپ سىڭگەن ئومۇچۇڭنى ئىچ، ھېلى ئىزا تارتىپ قالىسەن.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن بىر قىزاردى-يۇ، دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ قويۇقلاشتى:

— ئىمانىڭدىن ئاجراپ كەتمىگىن، پىچىقىڭنى ماڭا تەڭلىمە، — دېدى ئۇ گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ.

— سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان گېپىڭ يوقتۇ؟ — دېدى ئۇ پىچاقنى يەرگە سانجىپ ئالغاندىن كېيىن قىسىلغان كۆزلىرىنى مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىڭ مىت قىلماي تۇرغان چوڭقۇر كۆزىگە قاداپ.

— ياق، مۇشۇ گەپ، بەك دۇئا ئالغۇڭ كەلسە مېلىڭدىن بەر، قىزىڭنى بەرمىگىن.

www.uyghurkitap.com

بۇنداق دېسەم باشقا غەرىزى بارمىكىن دەپ قالما، ئوغۇللىرىم تېخى كىچىك.

ئەمەت كۆنچىنىڭ يەنە زەردىسى قايىندى:

— ھەي، مەن ساڭا دەي. ماڭا نەسىھەت قىلغۇچى بولما. مەن كىچىك بالا ئەمەس، ھوشۇڭنى بىلىپ گەپ قىل، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما، مەن بەرسەم ئۆزۈمنىڭ قىزىنى بېرىمەن، سېنىڭ ھەققىڭ يوق، سەن قىزىڭنى بەرمەي، مەھەللە-كويدا يىتىمسىراپ قېلىپ مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالماقچىمۇ؟ بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مەن سا مېڭىسىنى يەپ قالمىدىم.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىڭ ئىمانى ئۇچتى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە! ھېلى سا مېڭىسى يېگۈزۈپ قويماي يەنە.

ئەمەت كۆنچى مۇھەممەت ئىمىن سەيدىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆرەڭلەپ تۇرغان تەلەتى غايىب بولۇپ، كۆزلىرى ئالا-جالاق بولدى.

— ھەي خوتۇن، كەكەمنى! ما تەلۋە نېمە ئىش قىلاي دەيدۇ؟ ھەي سەيدىن بايچەكنىڭ سۆيدۈكى، بۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈم جۇمۇ، يوغانلىق قىلما، چاناپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن بىكار.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن يېشىدىن دوپپىنى ئالدى، يېڭى قىردۇرۇلغان بېشى كۈن نۇرىدا پارقىراپ كەتتى.

— سەن تولا پو گەپ قىلما، مەن ئۇششۇق ئەمەس، سەن بىلەن ئۇرۇشقىلى، ئىتىڭغا تاپ بولغىلى كەلمىدىم، قىزىڭنى دۇئا قىلدۇرما، دېگىلى كەلدىم.

— قىزىمغا ئۆزۈم ئىگە، ئىتقا، ئېشەككە بېرىمەنمۇ بۇ مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش، سەن چىرايلىقچە كېتىۋال، سەن تەلۋە بولساڭ، مەن تەلۋىنى ئۈركىلايدىغان ئادەم.

ئەمەت كۆنچى خوتۇنى بەرگەن كەكىنى پەش قىلىپ قويدى.

— بىزنىڭ ئىشىمىزغا چات كەرگىچە ئۆزىنىڭ قىزىنى بىلمەي ئو...ش، — دېدى كۆنچىنىڭ خوتۇنى ئوچاقتا قۇرۇق كالا تېزىكىنى تاشلىۋېتىپ.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— قېنى، ئاخىر «ۋاي ئىست» دېمىگىنىڭنى كۆرەرمەن، — دېدى ئۇ دوپپىسىنى كىيىپ ۋە كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

ئەمەت كۆنچى ئوغلاقنىڭ ئاچچىق ئۈچەيلىرىنى سىيرىش ئۈچۈن قولغا ئېلىپ نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك ئۈچەينى تېرىگە تاشلىدى-دە، يۈگۈرگەندەك ئىشىك ئالدىغا چىقتى. خوتۇنى ئالاقزادە بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئىسسىقتا قىزىپ كەتكەن قومساڭغۇ ھارۋا يولىدا قولىنى بېلىگە قوشتۇرۇپ تۇتقان ھالدا ئالدىغا ئېگىلىپ كېتىۋاتقانىدى.

— ھەي مۇھەممەت باي، سەن خىيالىڭدا سەلەي شاڭجاڭ ياكى مۇسا شاڭجاڭغا چاقىمەن. ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن مېنىڭ ئىككى پۈتۈمنى بىر ئۆتەككە تىقىمەن، دەپ چوت سوقما، شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئاياغ-قۇمدا ياشايمەن دەپ خىيال ئەيلىمە. بىر كېچە ئۆيۈڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمەت كۆنچى.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئارقىغا ئۆرۈلدى. ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان تۆكۈرۈكنى كۈچەپ تۆكۈردى:

— تۇفى، پەس! ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن! مەن سەن نېمىلەرنى چاقىچىچە ئىشتان بېغىمغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن، پەس بولمىساڭ مۇشۇنداق گەپنى قىلامسەن!؟ ئەمدى كارىم يوق، ھەممە نېمەڭنى دۇئا قىلدۇرساڭمۇ كارىم يوق. ئۆتكەن نامازلىرىڭنىمۇ دۇئا قىلدۇر بەدبەخت!...

5

پىژغىرىم ئىسسىق ئەۋجىگە چىقتى. ئادەملەرگە يېزا كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدى. ھەتتا كۆلچەكنىڭ سۈيىمۇ ئىسسىپ قالغانىدى. سۇ بارغانچە قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى. ئادەملەر چوڭقۇر ئورا كولاپ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، شۇ ئورىغا كىرىۋېلىپ روزا تۇتتى. كۈندۈزى ھېچقانداق يەردە ئادەم كۆرگىلى بولمىدى. كېچىسى ھەممىسى ئورما ئورۇشاتتى. يەنە بىرنەچچە كۈن كېيىن قالسا مۇشۇ زېمىن باشاقلاردىكى تۆت تال دانىمۇ تۆكۈلۈپ تۈگەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىپتادىن كېيىنلا يېلىنجاپ تۇرغان ئىسسىققا قارىماي، يىگىلەپ پىشقان بۇغدايلارنى ئورۇشقا تۇتۇندى. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كېلىۋاتقان جانغا راھەت، ساپ، سالقىن شامال مادارىدىن كېتىشكەن ئورمىچىلارنىڭ قىزىغان تەنلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى. چېكەتكىلەر يەنىلا ئەركىن چىرىلداشتىن قالمىغانىدى، شۇ چاغ مەھەللە مەسچىت مۇنارىسىدىن ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورمىچىلار ئۇنجىنىڭ ئۈستىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشىپ زولۇق ئۈچۈن ئالدىراشتى. ئۇزۇنغا قالماي سوپى مەزىننىڭ يىغلىغاندەك تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەزەن ئاۋازى قۇملۇقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. كىشىلەر كۈندۈزكى تەشنالىقىنىڭ دەردى ئۈچۈن سۇنى تازا ھوزۇرلىنىپ ئىچىشتى. بۇ سۇ شۇنچە لاۋزا، سېسىق بولسىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق غەلىتە تېتىمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ پۇراق، تەم سەزگۈلىرى بۇ سۇغا كۆنۈپ قالغان.

ئۆيگە يېقىنلا يەردىن قاتتىق ئۇرۇلۇۋاتقان ناغرا ئاۋازى ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ خورەك ئارىلاش ئۇيقۇسىنى بۇزالمىدى، ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، خۇددى قېتىپ قالغان سۈرەتتەك ھاشىرخان ياتاتتى، ئۇ يوتقانىنىڭ سىرتىدا، گويا قاشقا قاڭقىپ چىقىپ بىھوش بولۇپ قالغان بېلىققا ئوخشاش مەست ئۇيقۇدا ئىدى. دۆك يەڭگە خوتۇن بىردەم كۈتۈپ تۇرۇپ ئاخىرى ئۇلار ياتقان ئۆيگە ئاستا كىردى، كونا ئىشىكنىڭ غىچىرلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزالمىدى. دۆمچەك خوتۇننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ كەتكەنىدى. سويغان پىيازدەكلا ئوڭدا ياتقان ھاشىرخاننى كۆردى. «ۋاي ئاللا، بېلىق ئىكەن كاساپەت!» دەپ تاۋار يوتقاننى ئاستا ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. ئاندىن ئاۋايلاپ ئىمامنىڭ پېنىغا ئۆتتى.

— غوجام، غوجام!

ئىمام چۆچۈپ «ھىم-ھىم» دەپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بېشى سۇ ئالغان قاپاقتەك ئېغىر چىڭقىلىپ، لوقۇلداپ، ئۈستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن قوپۇشىغىلا بېشى پۇررىدە قېيىپ، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. تەكىيىگە جەيىنەكلەپ يېنىچە يېتىپ قالدى.

— غوجام، قوپسىلا، ناغرا چېلىنىۋاتىدۇ، — دېدى دۈمچەك خوتۇن.

— ھە ... ئاڭلىدىم. بۈۋىخان ياڭاقنى جىقراق چېقىڭ. بۈگۈن ھەسەلدىن جىقراق يەي، گۆشنى پىشۇرغانسىز؟ — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

— ھەممىنى تەقلەپ قويدۇم.

ئىمام بويىنى سۇغا سالغاندىن كېيىن، يوغان كاسىغا ئىللىتقان تۇخۇمنى چېقىپ قۇيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر چاڭگال شېكەرنى سېلىپ بىردەم ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن كاساڭ بىلەن كۆتۈرۈپ گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋالدى. ئاندىن ياغلىق توقاچ بىلەن ياڭاق مېغىزى، ئۇنىڭ كەينىدىن يۇمشاق پىشقان ئوغلاق گۆشى بىلەن ناشتا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولۇپ، كەينى - كەينىدىن بىرقانچىنى سوزۇپ كېكىردى. ئۇ مەسچىتكە كىرگەندە بىرقانچە نامازخان ئالدى سەپتىكى بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئىمامنى كۆرۈپ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ يۈزلىرىگە سۈرتۈشتى.

— مۇبارەك بولسۇن غوجام، — دېيىشتى جامائەت. ئىمام سۇسلا جاۋاب بېرىپ كېلىدىگەن ھالدا مېھرابقا بېرىپ ئولتۇردى. كەينى - كەينىدىن كىرگەن جامائەت ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ بورىغا يۈكۈندى. ئۇلار شۇنچە ھارغىن، ماغدۇرسىز بولسىمۇ يەنىلا قىزغىن، روھلۇق ئىدى. ناماز ئىرقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سوپى مەزىن ئورنىدىن تۇردى.

— جامائەت، تارقىلىپ كەتمەي تۇرۇڭلار، بۈگۈن سەمىڭلەرگە سالىدىغان بىر نەچچە ئىش بار. بىرى، كۆنچى ئەمەتاخۇن قىزىنى ئابدۇرېشىتخان غوجامغا دۇئاغا تۇتتى. ئىمام ئاخۇنۇم بۇنى قوبۇل كۆردى. بۇنى ئىچىمىزدە بىلىپ قالساقلا بولىدى. ھازىر ئىمام ئاخۇنۇمدىن ئەمەتاخۇنغا قىز مېھرىگە دۇئا بېرىشىنى تىلەيلى.

سوپى مەزىن گەپ قىلىۋاتقاندا ئەمەت كۆنچى ھەرەمدىن قايتقان ھاجىدەك ئۆزىنى پەخىرلىك، مەغرۇر تۇتۇپ چەكسىز لەززەت ئىچىدە خۇشال غادىيىپ ئولتۇردى. ھەممە نامازخان ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قاراشتى. ئۇنىڭ ئېتىقادقا سادىق ئىكەنلىكىنى، ئىماننىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىدىن سۆيۈنۈشتى. سوپى مەزىن ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپلا ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

— غوجام، دۇئا بەرسىلە، شۇ ئەمەتاخۇننىڭ ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئەزىز غوجاملارنىڭ نەزەرىگە يولۇققانلىقىنىڭ ھەق - ھۆرمىتىگە، يەتمىش پۇشتىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشىغا!...

سوپى مەزىن ئابدۇرېشىت غوجىنىڭ پېشانىسىنى يېقىپ سەجدە قىلىپ يىغلاپ سۆزلىدى. غوجا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، سۈرلۈك خىزىر سۈپەت تىلسىمدەك قېتىپ ئولتۇردى. سوپى مەزىن تېخىمۇ قاتتىق ھۆ تارتىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېلتىجا قىلدى:

— دۇئا بەرسىلە غوجام، دۇئا بەرسىلە، جامائەت دۇئا تىلەيلى!
— دۇئا بەرسىلە غوجام! — مەسچىت ئىچىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خورىدەك يىغا ئارىلاش توۋۇلغان سادا كۆتۈرۈلدى. ھەممىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇشتى. پەقەت بىر ئادەملا سۇرلۇك ئىمامغا تىك بېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بايا نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا چىقىپ كەتمەك بولۇپ مېڭىۋىدى، مەسچىت ئىشىكىدە كەنت سېكرېتارى ھامۇت نۇر، كەنت باشلىقى سىدىق بايچەكلەر — «دېيىشىدىغان گەپ بار» دەپ چىققىلى قويمىغانىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان كەنت كادىرلىرى يىغىنغا دېھقانلارنى يىغىپ بولالماي، يىغىننى بامدات نامىزىدىن كېيىن مەسچىتتە ئاچىدىغان بولغانىدى. خەقمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى.
— ئامىن! — ئابدۇرېشىت ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇنىڭ غاژ-غۇژ ئاۋازىدىن كېيىن «ئامىن!» دېگەن سۆز ئارقا-ئارقىدىن ياڭرىدى. سوپى مەزىن قاتارلىق بىرقانچە ئون كىشىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى. دۇئادىن كېيىن سوپا مەزىن يەنە سۆزلىدى:
— جامائەت بۈگۈن ئادەم بېشىغا ئىككى كويدىن چىقىرىپ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يارىشىغىنى قىلىپ بارىمىز. ئاخۇنۇمغا چاي ئىچۈرىمىز. ئەمدى گەپنى ھۆرمەتلىك سېكرېتارىمىز مامۇتخاندىن ئىشىتىڭلار.
مامۇت نۇر سېرىق شاپ بۇرۇتىنى گۆشلۈك قوللىرى بىلەن سىيپاپ قويۇپ، سول قولىدا يوغان قورسىقىنى چەككەچ سۆزلىدى:
— جامائەت، ئالدىمىزدىكى بىرىنچى چېسلاغىچە خامانىنى تېپىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىقىنى سېتىپ بېرىپ بولالمىساق كېپەك شاڭجاڭ ساقال-بۇرۇتۇمنى يىكەندە قىرىدۇ، مەنمۇ كىمدە-كىم غەللىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماي بويۇنتاۋلىق قىلسا شۇنىڭ ساقىلىنى ھۆپۈپ يۇڭدىغاندەك يۇڭدايمەن، شۇڭا ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ئوبدان ھېزى بولساق، ئاندىن ئېتىز ئورنىغا چىلىگە قوناق تېرىيدىغان گەپ، ھازىر ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ئاياغقۇمدا يەر ئوسا قىلىش توگۈل ئىچكىلى سۇ يوق. ھېلىمۇ خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن باپكارنىڭ كۆلى بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا نېمە ئىچەتتۇقكى، ئۆگۈنلۈككە كېپەك شاڭجاڭنىڭ ئىنىسىگە غوراكۆلىدىن خوتۇن ئاچىقىدىكەن، بۇ بىز ئۈچۈن سۇ ھەل قىلىۋېلىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى. ناۋادا سۇ بېرىپ قالسا بىز بۇغداي ئېكىمىزى، كېۋەزلىككە، مۇھىمى، باپكارنىڭ كۆلىگە سۇ قۇيۇۋالمىساق بولمايدۇ. تۈنۈگۈن بۇ ئىشنى ئابدۇرېشىتخان غوجام بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. كېپەك شاڭجاڭنىڭ تويىغا ئوبدان كالىدىن بىرنى ئاپىرىپ سوۋغا قىلساق دېيىشتۇق، بۇنداق قىلمىساق سۇنى بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ، سىلەرچە قانداق، مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟
— ياغدەك گەپ بوپتۇ.
— تازا بەلەن مەسلىھەت بوپتۇ.
— سۇ ئۈچۈن جېنىمىزنى بەرسەكمۇ ئاز.

جامائەت تەرەپ تەرەپتىن خۇشال ۋارقىراپ بۇ گەپنى ماقۇللاشتى.
— شۇڭا، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى مامۇت نۇر ۋاراڭ-چۇرۇڭنى بېسىپ، —
كېپەك شاڭجاڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، پۈتۈن ئون ئۈستەڭ يۇرت بېشىغا ئېلىپ
كۆتۈرۈپ يۈزگەن تۆتىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مەرىكە ئېشىغا 18 يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى-
نىڭ ھەممىسى مال-كالىنى قوتىنى بىلەن ھەيدەپ بارىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى نامرات
چاغلاپ سىڭا سۆڭەكچ جىنازىدىن بىرنى يېتىلەپ بارساق ئىككى پۇللۇق قالماي-
دۇ. ئوبدان، يوغان ئۆيدىن بىرنى ئاپارساق.
— مېنىڭچە، تۆگە ئاپارساق دەيتتىم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان غوجام گەپ قىس-
تۇرۇپ. مامۇت نۇر گېپىنى داۋام قىلدى:
— ھەر بىرىمىز كالا ئۈچۈن ئون كويدىن چىقارساق قانداق؟ چىقىرالايمىزما؟
— چىقىرىمىز! — جامائەت تەڭلا تۇۋلاشتى.
— يەنە بىر گېپىم، جامائەتكە توغرا كەلسە، بايا مەزىناخۇنۇم ئابدۇرېشىتخان
غوجامنىڭ چېپىغا ئىككى كويدىن دېدى. ھازىر ئىككى كوينى پۇل دېگىلى بولمايدى-
غان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى ئىككى موچەن دېسەك بولىدۇ. مېنىڭچە، بەش كوي قىل-
ساق دەيمەن، قانداق؟ توغرا كېلەرمۇ؟ مەن شەخسەن بەش كوي چىقىرىمەن.
— شۇنداق قىلىلى، توغرا كېلىدۇ! — دەپ ۋارقىراشتى ھەممىسى. پەقەت مۇ-
ھەممەت ئېمىن سەيدىنلا ئۈندىمەي، قارا ساقاللىرىنى بارمىقىغا يۆگەپ، چىشلىرىنى
غۇرۇچلىتىپ ئولتۇردى.
— ئەمدى ئاخىرقى بىر گەپ، «بېرىشنى خۇدا بەرسە شەيتاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ»
دەپ سۇنى شاڭجاڭ ئاتام بۇيرۇپ بەرسە، ئېچىق بېشىدا يەنە ھېلىقى ھەممىمىزنى
چاتىرىقىدىن ئۈمۈلتىدىغان سوۋان قوشقار دېگەن مىرابىمىز بار، ھازىر قۇرۇق قولاق قۇ-
رۇق قولاقتا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. سوۋان قوشقارنى بىزگە سۇ باشلاپ كەلگەن
چاغدىن تارتىپ كەتكۈچە گۆشتە باقمىساق ئۇ يوغان باشنىڭ بىر ئاچچىقى كەلسە،
سۇنى باشقا يەرگە يۆتكىۋەتسە ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ كەم دېگەندە، ھەپتى-
كىچە ئاشۇ كۆلنىڭ بويىدا كارىۋات قۇرۇپ ياتىدۇ. ھەپتە ياتسا ئۈچ قوينىڭ
بېشىنى كەسمىسەك بولمايدۇ. بۇنىڭغا ھەر مو يەرگە بىر كويدىن يىغمىساق بول-
مايدۇ. تېخى سوغۇق چاي ئىچىدىغان ئىشى بار ئۇ ھارام تاماقنىڭ.
— قانچە قوي يېسە يېسۇن، نېمىمىز كەتسە بېرەيلى، ئىچىدىغان ئىشنى بىز-
نىڭ ئاياغقۇمدا قىلمىسۇن، ئۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن، مۇسۇلمان تۇرۇپ
قىلغان قىلىقىنى! — دېدى جامائەت ئارىسىدىن بىرسى. ھەممە جامائەت دەرھال ئا-
ۋاز قوشتى:
— توغرا. كۈندە بىر قوي يېسىمۇ يېسۇن، ئىشتىنىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ
باقايلى. ئاياغقۇمنى بۇلغىمىسۇن، ئىمانسىز! — دەپ ۋارقىراشتى.
— ئۇنى شۇ بويىچە توغرىلىساق بولىدۇ، — دېدى مامۇت نۇر ھەممىگە ھىجاي-
غاندەك جاۋغىيىنى قىيشايتىپ.

— ئەمىسە، غوجامنىڭ چاي پۇلىنى سوپى مەزىن يىغىدۇ، پېشىندىن كېيىن چايغا كىرىمىز. كالا، قوينىڭ قالغان پۇلىنى بىزنىڭ سىدىق بايچەك يىغىدۇ. ئەتە كالا ئېلىشنىڭ يولىنى قىلىپ ئۆگۈنلۈككە خۇدا تىنچلىق بولساق ئون ئادەمنى ۋەكىل سايلاپ غوجام باشچىلىقىدا كېپەك شاڭجاڭنىڭ چېيىغا بارىمىز، مېنىڭ كېپىم تۈگىدى، — مامۇت نۇر بورىغا يۈكۈندى.

— مەن ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي.

مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن ئورنىدىن تۇردى. ھەممىدىن ئاۋۋال غوجامنىڭ، ئاندىن مامۇت نۇر ۋە ھەممە جامائەتنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ھەممىسى خۇددى ئاشقا چىۋىن چۈشكەندەك كۆڭۈلسىز بولۇشتى.

— بىزگە تېگىشلىك سۇ نۆۋىتىنىمۇ كېپەك شاڭجاڭغا بىر كالا ئېلىپ بېرىپ خۇشامەت قىلىپ ئەكەلسەك، ھۆكۈمەت ھەق بېرىدىغان مىرابقىمۇ دېھقاندىن پۇل يىغىپ خۇشامەت قىلساق، ئىمام ئاخۇنۇم ئۈچ كۈنلۈك دۇئاغا ئالغان خوتۇنغا چاي ئىچۈرۈش ئۈچۈن بىز يەنە پۇل يىغساق، ھۆكۈمەت سالغان 18 خىل باج - سېلىقنى تاپشۇرۇپ بولالماي، خەق قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىۋاتسا، ئەمدى ئۆز يولى بىلەن بولىدىغان ئىشنىمۇ ئارتۇق يۈك بىلەن قىلساق، مۇشۇ ئىشلارنى خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ھېلىمۇ بىرمۇنچە ئادەم ۋەيران بولۇپ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ھازىر يىل بويى تۆت سەر ياغ كۆرمەي ئۆتۈۋاتقانلار بار. تېخى تېرىمىدىغان بۇغدايىنىڭ ھوسۇلىغا قەرز ئاش ئېلىپ يەپ بولغان ئادەم جىق تۇرسا، يەنە بۇنداق قىلساق بولماس. سەل ئىنساپ بىلەن ئىش قىلايلى مۇسۇلمانلار، — مۇھەممەت ئىمىن سەيدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بوغۇلۇپ قالدى. جامائەت ئارىسىدىن بىرقانچە يەردىن بوغۇلۇپ «ئۇھ» تارتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھەممە جىمجىت بولۇپ كەتتى. سوپى مەزىن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. مامۇت نۇر تاتىرىپ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئولتۇرە، سا مېڭىسى يەپ قالغان سارائى، ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دەپ خىرقىرىدى كەنت باشلىقى سىدىق بايچەك. ئۇ، قارا كۆتەكتەك پاكار، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغان ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ سەل دەردى چىققاندەك بولۇپ تىنىقى يورۇشتى.

— ھەي، مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، ئىش بۇزدى سارائ! خەق سۇ ئىچمىسە، يەر تېرىمىسا بولامدى؟ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ئىش بۇزدى نان قېپىلار، غوجامنىڭ قارغىشىغا كەتكەن، كۆكلىمەس قاقشاللار، قالغانلارنىڭ ھەممىسى باياشات! — دەپ قايناپ كەتتى سىدىق بايچەك.

— جامائەت، ئەمىسە ماۋۇ مېڭىسىنىڭ سۈيى بار لەقۋانىڭ دېگىنى بويىچە كېپەك شاڭجاڭ قاچان سۇ نۆۋىتى بۇيرۇسا شۇ چاغقىچە «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرىمىزمۇ، ئەمىسە شۇنداق قىلىمىز دېسەڭلارمۇ مەيلى، — دېدى مامۇت نۇر.

— ياق، سۇنى ۋاقتىدا ئەكىلىپ يەرگە ئۇرۇق پاتۇرمىساق بولمايدۇ. جىنىمىزنى ئالسىمۇ مەيلى! — دەپ ۋارقىراشتى جامائەت.

— هوي سارالڭ، سەن هازىر نېمىنى بىلەتتىڭ؟ جاهاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭ يوق. هازىر مۇشۇك بىكارغا ئاپتاپقا چىقمايدۇ. هەممە يەردە پۇل، پۇل بولمىسا بولمايدۇ!

— ئولتۇرە، ئىش بۇزدى، سەن بەرمىسەڭ بىز بېرىمىز. قېنى، سۇ دەپ ئېچىقىڭ بېشىغا چىققىنىڭنى بىر كۆرەيلى!

هەممىسى تەرەپ تەرەپتىن مۇهەممەت ئىمىن سەيدىننى تالاپ كەتتى. مۇهەممەت ئىمىن سەيدىن شۇمشىيىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن يىغا قاپساپ كەتتى. ئەمما چىشلىرى چىڭ كىرىشىپ، پەيلىرى تارتىشىپ قالغاندەك بولدى.

— جامائەت! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئابدۇرشىتخان غوجا، مەسچىت ئىچى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىدى. هەممە بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ، تىنىقىنى پەسلىتىپ، ئىمامغا بولغان چەكسىز هۆرمەت هېسسىياتى بىلەن تۇرۇشتى.

— هازىر مەهەللىدە مانا بۇنىڭغا ئوخشاش، مەيدىسى قىچىشسا دۈمبىسىنى قاشلايدىغان بىر قىسىم نائەهلىلەر خەق ئارىسىدا هېلى هۆكۈمەتنىڭ، هېلى بىزدەك دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ئەهلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە پىتنە - پاسات تېرىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق غەيۋەت - شىكايەتچىلەر ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئاللانىڭ، جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، ئىمانىڭلارنى بۇلغىماڭلار، ئۇلاردەك ئىنساپسىز، قارا يۈز بولماڭلار. مامۇت نۇر سېكرىتار، سىدىق بايچەك دادۇيجاڭلارمۇ بىزگە پارتىيە هۆكۈمەت بولۇپ، يۇرتقا ئاتا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار. بىز مانا مۇشۇنداق باياشاتلىقنىڭ، هۆر زاماننىڭ قەدرىگە يەتمىسەك هەممىمىز تۇزكور، دوزىخى بولىمىز. هۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ، غەللىنى ساق تاپشۇرساق، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەكلەر باشلىغان يولدا ماڭساق هۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتقان بولىمىز. ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق مەسچىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، جامائەتكە ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقى، هۆكۈمەتنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇقى. بىز سەيدىن باينىڭ بالىسىغا كۆپ قېتىم ئىمان - ئىنساپ هەققىدە سۆزلىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ دەردى بولغاچقا، مۇشۇنداق دىنغا يات، هۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا مۇخالىپ سۆزلەيدۇ. بۇنداقلاردىن هەزەر ئەيلەيلى...

6

بۇغداي ئېگىزلىرىدا ئاق قۇشقاچلار هەر تەرەپكە پىتىراپ ئۇچۇشۇپ ئويىنىشىدۇ، قۇياشنىڭ يالىلداپ ئۇرۇۋاتقان كۈچلۈك تەپتىدە ئېگىزلىقتىن قۇرۇق هور كۆتۈرۈلگەن، ئاپتاپقا چىدىمىغان قويلار قاغجىرىغان پاكار جىگدىلەر ئاستىغا توپلىشىۋېلىپ، سالجىلارنىڭ دەستىدىن سەكرىشىدۇ. ئېگىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئاپتاپپىتىن

قورقمايدىغان ئېشەكلەر قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ چار ئوت، قىر بېشىدىكى خوخا، ئېگىزنىڭ ئارىسىغا يېتىپ قالغان قاشقا بېدىلەرنى يەپ تويمايدۇ. يالىڭاچ ئۇششاق باللار سارغىيىۋاتقان جىگدىلەرنى قىزىق قوغا كۆمۈپ، پىشۇرۇپ يېيىشمەكتە. ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بەدەنلىرى قىزىرىپ پىشقان زاغرىدەك قوڭغاق هەم پارقىراق ئىدى.

نۇسرەت قوناقلىقنىڭ قىرىدىكى قويۇق جىگدىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغىلى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى. قوناقلىقتىن يالىلداپ چىقىۋاتقان دەم سىقما ئىسسىقتا ئۇ چىپىلداپ تەرگە چۆمدى، ئۇ يات - يات يىراق قۇم باغرىدىكى قوموش باسقان هارۋا يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تويمىدۇ. يولدا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. قوناقلىق ئۈستىدە توپ قۇشقاچ ۋە كەپتەرلەر ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. يىڭغىرىم ئىسسىقتىن نۇسرەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە بىر دەم قاراشتۇرۇپ قولاق سالغاندىن كېيىن، كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭكەلگەن بەدىنى شۇنچە سىلىق هەم چىرايلىق ئىدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان كۆكسى كىچىك بىر جۈپ ئالمىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالمىنىڭ ئۇرۇقچىلىك چوڭلۇقتا بىر خال بار ئىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بىرى ئۆز بەدىنىنى بۇنداق خاتىرجەم، ئازادە كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئادەتتە دائىم بويىنى سۇغا سېلىپ تۇرىدۇ، ئەمما كېچىدە ئېغىلنىڭ ئىچىدە يۇيۇنىدۇ. ئۇ دائىم ئەينەكتە يۈزىنى كۆرۈپ، يۈزىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن لەززەت ئالاتتى. مانا بۈگۈن ئۆز بەدىنىنىڭ چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرنىڭكىگە يەتمىسىمۇ زىلۋالىقىنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتتى، ئۇ رامىزان كىرگەن ئون ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆيدىكى چوڭلار بىلەن ئوخشاش روزىنى قازا قىلماي ساق تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ جىگدىنىڭ تۈۋىنى تىرناقلىرىدا تاتىلاپ، كولاشقا باشلىدى. خېلى كولىغاندىن كېيىن نەم توپا چىقتى. سالقىن، نەمخۇش بىر خىل هاۋا ئۇنىڭ تىنىقىغا كىردى. ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن، كۆكسىنى نەم توپىغا بېسىپ ياتتى. ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا قۇلىقىغا تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمىشقا ئازلاپتىكى؟
مېنىڭ بۇنداق بولارىمنى
نېمىشقا ئويلىماپتىكى؟

نۇسرەت كۆكسىگە چاپلاشقان نەم قۇملارنى دەرهال قېقىشتۇرۇپ، كۆڭلىكىنى كېيىۋالدى. ئۇ ۋۇجۇدىغا هوزۇر بەرگەن نەم يەردە يەنە بىر دەم يېتىۋېلىشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدى، ئەمما ناخشا هودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ بارغانچە سېلىپ كېتىۋاتقىنىنى، پۇت - قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. بىر خىل لەززەتلىنىك ئېقىم هەممە يېرىگە تاراپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ يانچۇقىدىن كى-

www.uyghurkitap.com

چېچەك ئەينەكنى ئېلىپ يۈزىگە قارىدى. ئەتىگەن قويۇۋالغان ئوسمىسى تەر بىلەن يۇيۇلۇپ پەقەت سۇس ئىزناسى قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ قىياقتەك قارا قاشلىرى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. كالىنىڭ بوينىدىكى تونۇش زىل قوڭغۇراق ئاۋازى ناخشا بىلەن بىرگە يېقىنلاپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بارغانچە ئوينىتىۋەتتى. ئۇ جىگدىنىڭ تۈۋىدىكى سالقىن يەردىن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا قوپۇپ قوناقلىق ئىچى بىلەن ناخشا كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

نۇسرەت يول بويىدىكى قېرى جىگدىنىڭ تۈۋىگە كېلىشىگە، ھارۋىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. ياسىن مەدەك ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ پىشقان سوزۇنچاق يۈزىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. شالاڭ كالتە قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك قوڭۇر كۆزلىرى نۇسرەتنى كۆرۈپ چاقناپ كەتتى.

— چىققىنىڭىزغا خېلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ گەز باغلاپ قورۇلۇپ كەتكەن قېلىن كالپۇكىنى يالاپ.

— ياق، تېخى بايىلا چىققان، — دېدى نۇسرەت ئۇنىڭ تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆك مايكىسىغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ.

— يائاللا، ئەجەب بولدى بۇ ئىسسىق! — دېدى ياسىن مەدەك كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن چېكىسى، جىگدە يىلتىزىدەك بوينىدىن توختىماي ساقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ.

— مەڭ، مانىڭدا ئېرتىڭ، — نۇسرەت ئۇنىڭغا قول ياغلىقىنى سۇندى.

ياسىن ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتتى. ئاندىن نۇسرەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ پۈردى.

— سەتلىكىنى قىلىنىڭ، خوتۇنى ياغلىق توقۇپ بەرمىدىمىكى؟ — دېدى نۇسرەت بويىنىنى تولغاپ تەنە بىلەن.

— ۋاي قويۇڭە، شۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى، بۇنداق ياغلىق توقۇپ ئېرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇش ئۇن يىلدىمۇ ئەقلىگە كەلمەيدۇ ئۇ كالىنىڭ، — دېدى ياسىن زارلىنىپ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئالغان؟ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەيىبىنى دېيىشتىن نومۇسمۇ قىلمايدىكەن!

— ۋاي، مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، ئانام مۇشۇ خوتۇننى ئالمىساڭ ئاق بولىمەن، كۆك بولىمەن، ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئال دەپ تۇرۇۋالدى. ئالغاندىن كېيىن قويۇۋېتەي دېسەم، كۆز بولسۇن، قىش چىقسۇن، دەپ يۈرۈپ مانا ئەمدى بىرنى تۇغۇپ ياتتى. ئەمدى ئۆيگە ئەكەلگىنىمنى كۆرسۇن. ئەگەر ئۆيدىكىلەر ئەكىلمەن دېسە ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن. شۇنداق تويدۇمكى، ئايلاپ يېنىمدا ياتسامۇ مايەردە خوتۇنۇم بارتى، دېگۈم كەلمەيدۇ.

— بەت گەپ قىلماڭا، كېتىمەن بولمىسا.

— بولدى دېمەي، ئەمما بۇ كۆڭلۈمدىكى گېپىم.

ــ پو ئاتماڭ، ئەمدى مېنى گوللىيالمايسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى چىقمايمەن.

ــ ياق، ياق، سىز نېمەشقا مېنىڭ يۈرىكىمدىكىنى چۈشەنمەيدىغانسىز؟ قەسەم ئىچىمەنكى، ئەمدى ئۇنى قويۇۋەتكىنىم قويۇۋەتكەن!

ــ خوتۇنىڭىز تۇغقىلى قانچە كۈن بولدى؟

ــ بۈگۈن ئوتتۇز ئالتە كۈن بولدى.

ــ ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ؟

ــ قىز تۇغۇپتۇ، كالۋا.

ــ قېيىن ئانىڭىز بېقىۋاتامدۇ؟

ــ ھەئە، تېرىكمۇ ئۆزى ئالغان ئوخشايدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن خېتىنى بەرسۇن، دەيدۇ ھەقىچان. ئۇڭغىچە ھوشۇر توختىغا بىر جىك ھاراق ئېلىپ بېرىپ «ئاكا، ئاجرىشىمىز دەپ كەلگەن ھامان گەپ قىلمايلا خەت كېسىۋەت» دەپ ئىشىنى جۆندەيمەن.

ــ ئىشقىلىپ ۋاقتىدا ئۆيگە داستىخان ئەكىرىۋەتمىسەڭلا خەق كىشى قويغىلى تۇردى، دادام گەپ قىلماي تۇرۇۋاتىدۇ.

ــ ماقۇل، خۇدا بۇيرۇسا، ئۇنىنچى ئايدا توي قىلىمىز.

ــ قېنى كۆرەرمىز، ــ دېدى چەكسىز شادلىنىپ كەتكەن نۇسرەت ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ.

ياسىن مەدەك ياغلىققا سىنچىلاپ قاراشتۇرغىلى تۇردى، چۆرىسىگە ئاق يىپتا رېشىلىيە ئىشلەپ، ئوتتۇرىغا بىر جۈپ ئالمىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يېشىل تاۋار ياغلىقتىن كۆيە دورىسىنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ تۇراتتى. بۇنى نۇسرەت ئانىسىنىڭ قۇراق تەكچىگە ئاتاپ قويغان پۇرۇچ بوغچىسىدىن سۇغۇرۇۋالغانىدى. ياسىن ياغلىقنى بىر دەم پۇرىغاندىن كېيىن، نۇسرەتنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى.

ــ ۋىيەي، سارىڭ بولدىڭىزمۇ قويۇۋېتىڭ، ۋارقىرايمەن. رامىزاندا مۇشۇنداق قىلامسىز، روزا تۇتمىغان ئوخشىمامسىز؟

ــ ياق، روزا تۇتتۇم. بۇنىڭلىققا روزا بۇزۇلمايدۇ. پەقەت بىرنى، بىرنىلا...

ــ ياق، ياق، ئالماقچى بولغان قىزنى بۇنداق قىلمايدۇ. سىز مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ، راست گېپىڭىزنى قىلىڭ!

نۇسرەتنىڭ قارا كۆزلىرى ياسىنغا مىختەك قادالدى. قاشلىرى تىك بولۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

ــ ياق، چوقۇم ئالىمەن. مەن ئۇنداق قىلىمەن دېمىدىم، پەقەتلا سۆيۈۋالاي دەۋاتىمەن. ئۇنىڭغا نېمە بولىدۇ؟

ــ ياق ـ ياق، بولمايدۇ.

ــ سۆيگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. پەقەت بىرنى سۆيۈۋالاي.

ئىككىسى خېلىغىچە تارتىشتى. نۇسرەت بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بويۇن بەرمىدى. ياسىن بولسا پەقەت ئۇنىڭ بوينىغىلا سۆيۈۋالالىدى. نۇسرەت كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك سەكرەپ ياسىننىڭ سول بىلىكىنى چىشلىۋالدى. ياسىن دەرھال قويۇۋەتتى.

— ۋايجان، بىلىكىمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ،— دەپ نېرىغا بېرىپ يامانلاپ ئولتۇرۇۋالدى. نۇسرەت دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ۋاي راستىما، مەن ئۇنچىۋالا قاتتىق چىشلىمىگەن، تۇتۇڭا، — نۇسرەت ئەنسىرەشتىن ھەممىنى ئۇنتۇدى. ياسىن مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى.

— قېلىن، ئەسكى، يالغانچى.

ياسىن ئورنىدىن تۇردى.

— مەن ماڭاي، ھېلى ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ كەتمىسۇن. قاپىقىڭىزنى ئەكىلىڭا.

ياسىن قاپاقنى ئېلىپ ھارۋىدىكى تۆمۈر تۇڭنىڭ رېزىنكە نوسىدىن قاپاققا سۇ چۈشۈردى. كەنت سېكرىتارى ھامۇت نۇر ئۇنى يىللىق ھاشارسىنى كۆتۈرۈش ھېسابىغا ئاياغقۇمدىن 40 چاقىرىم يىراقتىكى شەھەر ئۈستىڭىدىن سۇ توشۇشقا قويغانىدى. بۇ سۇنى ھامۇت نۇر، سىدىق بايچەك، ئىمام قاتارلىق كاتتىلارنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ بېرەتتى. نۇسرەت ھەپتىدە بىر قېتىم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ياسىندىن سۇ ئالاتتى.

— بۈگۈن خېلى بالدۇر كەپسىزغۇ؟

— زولۇق يەپلا چىققان، بۈگۈن نۆۋەت غوجامغا كەلگەن. سەھەر ئەكىلىشىنى تاپىلىغانىدى. ئاڭلىسام، ھاشىرخان بىچارىنى شۇ قېرى ھاڭگا جۆندەپ كېتىپتۇغۇ، ئىسىت، ساپ بەلەن قىز بالىنىڭ بۇرنىنى شۇ ئوغرى يارىدۇ، مەنمۇ غوجا ئەۋلادى بولۇپ قالسامچۇ!

— سەتلىكىنى، توخۇ پوقى.

نۇسرەت ئاچچىقلانغان پېتى قاپاقنى يۇلۇپ كېتىپ قالدى. ياسىن مەدەك كەينىدىن گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجايدى:

— كەچتە سىلىنىڭ مەھەللە تەرەپتە قىمار بولىدۇ، ئاي تۇغقاندا چىقسىڭىز يەنە بىرنى سۆيۈۋالسام ھەممىنى ئۇنتۇۋالاتتىم.

— چولىسى يوق، ئىشتىنىڭىزنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتەرسىز خۇدايىم، — نۇسرەت ئارقىسىغا قاراپ شۇنداق دەپلا «ۋىلىق»قىدە كۈلۈپ قويۇپ كەتتى.

— خەپ، سېنىمۇ ئالارمەن جۇمۇ! — دېدى ياسىن مەدەك قولىدىكى تاياق بىلەن كالىنى بىرنى ئۇرۇپ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: ئارسلان.

# مەرھۇم شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنى ئەسلەيمىز

زوردۇن سابىر

## يوقالماس كۈلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم

— مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم خوجىنى ئەسلەپ

لاپ قىلىپ ياندى گۈگۈت، ئۆلدى بىراق،
قالدى تۈن ئىلكىدە ئۇندىن شام چىراغ.
كى ئۆمۈرنىڭ لەززىتى قىممىتى شۇ،
بولمىسا ھاجەت نېمە ياشاش ئۇزاق.
(«گۈگۈت» 1980 - يىل)

ئۆزىنىڭ يېقىملىق مىجەز - خۇلقى بىلەن باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئادەملەر دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىسمى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىرەلىشىپ بارىدۇ - دە، ئاخىر كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن مىجەز - خۇلقى ۋە پەزىلىتىدىن قالغان بەلگىلەرچۇ؟ ئۇلار ئۆلمەيدۇ، كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاۋېرىدۇ.

ھەر قېتىم ھويلىمىزغا سىرتتىن كىرگىنىمدە سول تەرەپتىكى بىنانىڭ 2- قەۋەت دېرىزىلىرىگە قارايمەن، مېنىڭ كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ دېرىزىلەردىن بىر يېقىملىق چىرايىنى ئىزدەيدۇ. ئېگىمدا دېرىزىنىڭ ئېچىلىشى، بىر يېقىن ئادىمىمنىڭ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، قىزغىن زوق، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

— ھەي ئۇنسۇر، نېمە ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ چاقچاق قىلىشى سۇرەتلىنىدۇ - دە، مەن ئورنۇمدا توختاپ دېرىزىگە تەلمۈرىمەن. لېكىن دېرىزە ئېچىلمايدۇ، مەن ئىزدىگەن ئىللىق چىراي كۆرۈنمەيدۇ. مېنىڭ خاتىرەمدە ھەر كۈنى كۈلكە، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان مېھرىلىك چىراي تەكرارلىنىدۇ. مانا بۇ مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاكا. بۇ، ئۇنىڭ جىسمى ئەمەس، بەلكى ماڭا يالداما بولۇپ قالغان پەزىلەت بەلگىسى. مانا بىر يىل بولدى، مەن ھەركۈنى شۇنداق قىلىمەن، ئۇمىدسىزلىنىمەن، مەيۈسلىنىمەن...

قەدىردان ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئاكىمىنىڭ ئەنە شۇنداق يوقالماس تەبەسسۇمى بىر-

لەن ئۆز ئوبرازىنى يادىكار قالدۇرۇپ، ئارىمىزدىن كېتىپ قالغىنىغا مانا بىر يىل بولدى. بىر يىلدىن بېرى مەن ھەر قېتىم دېرىزە ئالدىدىن مەيۈسلىنىپ يانغىنىمدا ئابدۇكېرىم ئاكا ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسلەيمەن. ئەلۋەتتە، ھەر قېتىم قىسقا، مەنىلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ. مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر يىغىلىپ مېنىڭ ئالدىمدا بىر بۈيۈك ئوبرازنى — ئۆز خەلقىگە، ۋەتىنىگە، ئەدەبىياتقا، گۈزەللىككە، ھاياتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بىر سادىق شائىرنىڭ ئوبرازىنى ياراتماقتا. مەن بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمەن: ھايات چېغىدا ئاددىي بىلىنگەن ئادەملەر ئارىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئاشكارىلايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئادەملەرنى چۈشىنىش جەريانىمۇ ئىلىم - پەن قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىغا ئوخشاش يۈزەلىكتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىدىكەن. مانا بۇ يۈزلىنىش بىزگە بەزى ئاددىي ئادەملەرنى ئۇلۇغ قىلىپ چۈشەندۈرىدىكەن، ئوخشاشلا بەزى نامى چوڭ، ئۆزى سۈرلۈك «مەشھۇر» ئادەملەرنىمۇ ئاددىي ھەتتا پۇچەك ئادەم قىلىپ چۈشەندۈرىدىكەن. ۋاقىت ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەنە شۇنداق ئېنىق كۆرسىتىدىغان ھەقىقەت ئەينىكى ئىكەن...

مېنىڭ ئابدۇكېرەم ئاكىنى چۈشىنىشىم شۇ قانۇنىيەت بويىچە بولدى. چۈشەنگەنسېرى ئۇ ئادەم مېنىڭ ئېڭىمدا زورىيىپ باردى. گويا ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدىمۇ راسا زورىيىپ، كامال تېپىۋاتقىنىدا «كۆز تەگكەن» دەك تۇيۇقسىز كېتىپ قالغىنىغا ئوخشاش، مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئاكا ھەققىدىكى چۈشەنچەممۇ راسا چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ ئېڭىمدا كۈندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆت توپلام شېئىرلىرى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لى زېچىڭ»، «قىزىل قىيا» رومانلىرىنىڭ ۋە لى بەي. دۇفۇ شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە سىڭدۈرگەن ئۆلمەس ئەمگىكى بىلەن نامىنى يادلاپ ئەپسۇس بىلەن شۇنداق دەيمەن: تېخى ۋاقتى ئەمەس ئىدى، ئاكا، بىز تېخى نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىرلىشەتتۇق!

— زوردۇن سابىر دېسە، چوڭ ئادەممىكىن دېسەم، بالىكەنسىزغۇ، ھوي ئۇنسۇر!

مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنى 1960 - يىلى لەنجۇدا — غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۇ مېنىڭ ئورۇق قوللىرىمنى سىقىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىشى ئىكەن. ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرسى، نامى مەشھۇر ئادەم ئىدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ نامىنىلا بىلەتتىم. ئۇ ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ماختىشىغا ئېرىشىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ بەخت ئىدى. ئۇ ئادەم مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن «ئانا يۇرت» ناملىق تۇنجى ھېكايەمنى ماختىدى.

— ھېكايەم بېسىلىدىكەن - دە؟ — دېدىم ھاياجان بىلەن.

— بەزىلەر ھېكايىڭىزدا مۇبالىغىچىلىك بار دېسە، بەزىلەر ھېكايىدا سەيون بابايېۋسكىنىڭ «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرى» نىڭ تەسىرى چوڭ دېيىشىۋاتىدۇ،— دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبالىغىچىلىك باركەن جۇمۇ!

— قىزىلبايراق قوشاقلىرىغا، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزغا ئوخشاش يېزىلغان - دە. سىزمۇ بىر ھارۋىغا بېسىپ قايتتىم بىر باش قوناق، تاغنى تام قىپ توسۇۋالدۇق، كۈننى شۇ كۈن... دەپ يازدىڭىزغۇ؟

— ھا... ھا... ھا... — ئۇ شۇنداق ھوزۇرلىنىپ كۈلدىكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۈلكىسى مانا ھازىر يىگىرمە نەچچە يىلدىن كېيىنمۇ مېنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە تۇرماقتا. ئۇ مۇرەمگە قولىنى قويدى:

— ھەي ئۇكام، ئاشۇنداق «ئىنقىلابىي رومانتىزم» بىلەن قەھرىمان بولۇپ بېيجىڭغا قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا باردىم، ئەمما ئۇكام سىلەر رېئالىزمنى كۆپرەك ئۆگىنىڭلار، ھەرگىزمۇ بىزدەك قەھرىمان بولۇشقا قىزىقماڭلار!

ھېكايەم بېسىلمىدى، مېنىڭ روھىم چۈشتى. لېكىن مەن «رېئالىزم» ئۈستىدە راستىنلا كۆپ ئىزدىنىدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇ گەپ شۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن مەشھۇر ئادەمنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى سوۋغىسى ئىدى.

1961 - يىلى (مەن ئۇ چاغدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى ئىدىم) تىل پراكتىكىسى بىلەن غۇلجا ناھىيىسىگە بېرىپ تۇرپانيۈزىدە ئاتاقلىق ئەدىب، تىلچىلىرىمىزدىن زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، مۇھەممەت زەيىدى ئاكىلار بىلەن تونۇشتۇم. بۇ ئادەملەر نامى مەشھۇر بولغىنى بىلەن تولىمۇ كىچىك پېئىل، يېقىشلىق ئادەملەر ئىكەن. مەن بۇ ئادەملەر بىلەن بىردەم بولسىمۇ ھەمسۆھبەت بولۇشنى ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ ئىش ھېسابلايتتىم. زۇنۇن قادىرى ئاكىنىڭ يازغۇچىلىق خاتىرىلىرىنىمۇ، قىزىقارلىق، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان پاراڭلىرىنىمۇ، تېيىپجان ئاكىنىڭ، مۇھەممەت زەيىدى ئاكىنىڭ مول بىلىم، ئىلمىي قاراشلىرىنى ئىپادە قىلغۇچى دوكلاتلىرىنىمۇ ئەنە شۇ چاغدا ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدىن ئۇستازلىق ھۆرمىتى بىلەن ئورۇن ئالغانىدى.

مانا شۇ چاغدا مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىلى رايونلۇق پارتكوم قورۇسىغا ئۇ كىشىنى ئىزدەپ باردىم. ئابدۇكېرىم ئاكا بىرقانچە خەنزۇ يولداشلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە ئىككىنچى قېتىم قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ مېنى ھەمراھلىرىغا خەنزۇ تىلىدا تونۇشتۇردى:

— زوردۇن سابىر، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى. بۇ يىگىتتە ئۈمىد چوڭ. يېقىندا ماۋجۇشىنىڭ كېيىن ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە بىر تەنقىد ماقالىسى يېزىپ ئەۋەتكەنىكەن، ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ھە، راستلا «تارىم» دىكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ھېكايىلىرى ھەققىدىمۇ ئوبزور يېزىپ ئەۋەتتىڭىز - ھە، ئۇنىمۇ ئوقۇدۇم. ماقالىلىرىڭىزنىڭ ئىلمىيلىكى، سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، لېكىن مەلۇم ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بىلەن يازغانلىرى تېخى

www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىنمىدى!...

مەن خىجىللىقتا تۇرالماي قالدىم. خۇشاللىق ياشلىرىمنى يوشۇرالمىدىم: راستى، مەن يۇقىرىقىلارنى يېزىپ ئەۋەتكەن، بېسىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جاۋابمۇ ئالغانمەن، لېكىن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىققانلىقى، ماڭا بۇنچىلىك چوڭ ئۈمىد بىلەن قارىغانلىقى، مېنى ئۇ چاغدا ئەسەرلىرىم بېسىلغاندىن، مەتبۇئاتتا ماختالغىنىمدىن كۆپرەك خۇشال قىلغانىدى.

مەن ئەتىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدىكى بىر تۆمۈرچى تونۇشۇمىزنىڭ ئائىلىسىدە ئۇستازلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ تەسلىكتە گۈرۈچ، ماي ۋە بىر بوتۇلكا «ئىلى داچۇ» تەييارلىدىم.

تېيىپجان ئاكا، ئابدۇكېرىم ئاكا، پەتتارجان ۋە بىرقانچە كىشىلەر مېنىڭ تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەن داستىخان تەييارلىغان ھېلىقى ئاددىي ئىشچى ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتى.

ئۇ كۈنكى كۆڭۈلسىزلىك ھازىرغىچە كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرۇپتۇ: مەن مېھمانلارنى باشلاپ كەلگۈچە، ھاراقنى بىر ئاغىنەم دوستلىرىغا قويۇۋېتىپتۇ. تاماقنىڭمۇ تولىسى تۆكەپ ھەربىر كىشىگە يېرىم سىركايىدىن گاڭفەن قاپتۇ.

تېپىرلىدىم. نە ھاراق، نە گۆش، نە نان تېپىلمىدى. مەن يەرگە كىرگۈدەك بولدۇم. لېكىن تېيىپجان، ئابدۇكېرىم ئاكىلار يېرىم پىيالە گاڭفەنگىمۇ خۇددى مال سويغاندەك رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ، چاقچاق، كۈلكىلىرى بىلەن مېنىڭ خىجالەتچىلىكىمنى تېزلا يوقىتىۋەتتى. ئابدۇكېرىم ئاكا پاراڭنى دەرھال ئەدەبىياتقا يۆتكىدى.

مەن كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ ھايات ئادەملەر بىلەن ئانچە ئارىلاشمىغان «كىتاب خالتىسى» بولغانلىقىم ئۈچۈن ئادەملەرنى تەييار فورمۇلا بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەنىدىم. شۇ كۈنى بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، تېيىپجان ئاكىنىڭ تۇرپانغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىشكە چۈشۈپ ئادەملەرنى چۈشىنىش، ھاياتنى چۈشىنىشتە ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئاڭلاپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ تەلىپى بويىچە پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. مەن شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز پىكىرلىرىنى دادىل ئىپادە قىلالمىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىمىغان تېمىلاردىمۇ مەدھىيە شېئىرلىرى يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندىم.

مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەملىكىتىمىزدە شۇ چاغدا يالغۇز ماددىي يېمەكلىكلەر قەھەتچىلىكىلا ئېغىر بولۇپ قالماستىن، مەنىۋى ئوزۇق قەھەتچىلىكىمۇ ئېغىر ئىكەن.

ئابدۇكېرىم ئاكا بۇ خىل رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ قوش بېسىلىق، شېئىرىي ھېسسىياتقا باي، ئەمما ئاددىي ئوخشىتىشلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ ھامان

قىيىن، ئېغىر مۇشكۇلاتلارنىمۇ يۇمۇر، كۆلكە - تەبەسسۇم بىلەن ئىپادە قىلالايتتى.

يىللار بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر مۇشكۇلاتلارنى كەلتۈردى، بۇ مۇشكۇلاتنىڭ ئېغىرلىرى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ بېشىغا چۈشتى. مەن 1966 - يىلى «گېزىتتە» بولۇپ يۈرگىنىمدىلا سۆيۈملۈك شائىرلىرىمىزنىڭ ناملىرىنى شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان «جەڭگىۋار» ماقالىنىڭ سەھىپىسىدە قاتتىق ئەيىبلەنگەن، قارىلانغان، جاۋابقا تارتىلغانلار-نىڭ قاتارىدا كۆردۈم. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن زۇنۇن قادىرى ئاكىنىڭ ئاپئاق چاچ، قىزىل يۈزلۈك چىرايى، تېيىپجان ئاكىنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەن كۆك خادانى ئىشتان، خەي كىيىپ بىز بىلەن تۇرپانيۈزىدىن جىلىليۈزىگە پىيادە كېتىۋېتىپ:

«بەلبېغىمنى يۇدۇرۇپ
يىپ تاناڭغا يايدۇرۇپ.
ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ،
مېنى مۇنچە قايدۇرۇپ.»

دەپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشلىرى، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ تېيىپجان ئاكىنى «ماۋۇ ئاداش» دەپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ كۈلۈشلىرى بىرمۇبىر ئۆتتى.

— مۇتەللىپ، تېيىپجان، خوجايوپلارنىڭ قارىلانغىنى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز-نىڭ قارىلانغىنى، ئەدەبىياتىمىز تۈگىدى، ئەدەبىياتسىز ھايات— ئەڭ لەززەتسىز ھايات!

مانا بۇ مېنىڭ «گېزىتتە» ھەمراھلىرىمغا شۇ چاغدا قايناپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزۈم. كېيىن مەن بۇ سۆزۈمنى خوجايوپ ئاكا بىلەن بىللە بولغاندا ئېيتىۋىدىم، خوجايوپ ئاكا كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:

— مەن ماختاپ قەھرىمان بولغان، سىز تىللاپ قەھرىمان بولاي دەپسىز - دە! — دېگەنىدى.

مەن ناۋادا ئوت يۈرەك ئەدىبلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ ھەمسۆھبەت بولمىغان بولسام، بەلكى ئەدەبىياتقا ھازىرقىدەك ئىشقى مۇھەببەت باغلىمىغان، يازغۇچى بولماس-تىن بەلكى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆمرۈم ئۆتكەن بولار ئىدى. ئەدەبىياتنى سۆيۈش، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلاش روھى ماڭا تېيىپجان، خوجايوپ ئاكىلار-دىن سىڭگەن. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ، ئەڭ قىزىق پاراڭلىرىمۇ ئەدەبىيات بىلەن باغلانغانىدى.

مەن 1972 - يىلىدىن كېيىن «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىرقانچە ھېكايىلىرىم، يېزىلىۋاتقان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىم ئارقىلىق جامائەت ئىچىدە ئاز - تولا نام - شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. مانا شۇ چاغدا ئاب-دۇكېرىم ئاكا تۇيۇقسىزلا غۇلجا شەھىرىدە پەيدا بولۇپ قالدى. مەن خۇشال بولۇپ مېھمانخانىغا يوقلاپ باردىم. خوجايوپ ئاكا مېنى يولداش ۋاڭ يۈيخۇ، يولداش چىن سۇنلارغا:

— تالانتلىق، ياش يازغۇچى، — دەپ تونۇشتۇردى ئۈچىنچى قېتىم قوللىرىمنى

چىلىك سىقىپ، قېرىندىشىمدەك چىلىك قۇچاقلاپ، — شىنجاڭ گېزىتىمدىن «تاغ كەينىدىكى ئۆتكۆچە» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. بۇ يەرگە كېلىپلا «ئىلى گېزىتى» دىن بىر نەچچە ھېكايىسىنى ئوقۇدۇم. بىزنىڭ ئۈمىدلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرسى، بىلىمىمۇ ياخشى، خەنزۇچىسىمۇ...

مەن خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ كېپىنى چاقچاققا ئايلاندۇردۇم:

— يەنە رومانتىزمغا قايتىپسىز ئاكا، ھارۋىغا لىق كېلىدىغان بىر باش قوناققا ئوخشاپ قالماي يەنە!

ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ:

— ياق، ياق، ئەمدى رېئاللىققا قايتىمىز. ئۇ چاغدا راست، قوناققا شوتا قويغانىدۇق. ئەمدى باراڭدىكى قاپاققا① قويىمىز!...

بۇ گەپلەر خەنزۇ تىلىدا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يولداش ۋاڭ يۈيخۇ بىلەن چىن سۇنلارمۇ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

ئۆز نەتىجىلىرىنى باشقىلار ھۇزۇرلىنىپ ماختىغاندا راھەتلەنمەيدىغان ئادەم كەم بولىدۇ. مېنى خۇشال قىلغىنى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ماختاشلىرى، تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى ئۇنىڭ مېنى كۆزەتكەنلىكى، ماڭا ئۈمىد باغلىغانلىقى ۋە مېنى رىغبەتلەندۈرگىنى بولدى. بىزدە ھازىرمۇ ئۆز ئۇكىلىرىدىن خۇشاللىنىدىغان، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان ئاق كۆڭۈل، قىزغىن ئادەملەر كۆپ، لېكىن باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى كۆرسە بىئارام بولىدىغان، غەزەپلىنىدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئورنىنى كولايدىغان «ئاتاقلىق» ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن بۇ «پېشقەدەم» لىرىمىزگە ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەقدىم قىلىمەن: ياشلارغا بولغان ھۆرمەت ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ھۆرمەت، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن خۇشال بولۇش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن خۇشال بولۇش دېگەنلىك!

— بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— ھە، ھېلىقى چاغدا يېگەن گاڭفەننىڭ ھارىقىنى بۈگۈن ئىچىمىزمۇ، بۇمۇ ياخشى، ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ھارىقىنى ئىچسەك تەمى ياخشى بولىدۇ!

ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇمايتتى، كۈلكە، چاقچاق بىلەن كىشىگە مەدەت، غەيرەت، تەسەللى بېرىشكە ماھىر ئىدى.

ئۇ كۈنى مەن ئۆيۈمدە: تېيىپجان ئاكا، خوجايوپ ئاكا، ھۈسەنجان جامى ئاكا، يولداش ۋاڭ مىڭ، ۋاڭ يۈيخۇ، چىن سۇنلارنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ناخشا، ئۇسسۇل، چاقچاق - كۈلكىدىن ھۇزۇرلانغىنىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولغانىدىم. يىللار ئۇ كۈنى نېمە يەپ، نېمە ئىچكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۇ سۆيۈملۈك ئادەملىرىمىزنىڭ جەم بولغانلىقى، بىللە خۇشال بولۇپ، بىللە كۈلۈشكەنلىرىنى يىللار ھېچقاچان ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ، شۇنداقلا

① خوجايوپنىڭ لەقىمى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق بىر كۈچ، ھېچقانداق بىر ئۇسۇل بىلەن ئۇ كۈنكى كۆڭۈللۈك سورۇننى تەكرارلىيالمايدۇ.

1975 - يىلى مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈيۈشتۇرغان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانى ھەققىدىكى پىكىرلىشىش، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئۇ چاغدا ئەدەبىياتنىڭ يولى تار، يۈكى ئېغىر، ئىستىقبالى قاراڭغۇ ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «ئۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دەيدىغان رامكىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا ئىدى. يازغۇچىنىڭ ئۆز تالانتى ۋە كۆز قارىشىنى ئەركىن ئىپادە قىلىشىغا ئىمكان يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىز يىگىرمىدەك ئەدىب ۋە رەھبەرلەر مېھمانخانىغا توپلىنىپ، رومانىنى بابمۇ باب ئوقۇپ ئۆز ئالدىمىزغا پىكىر ۋە «لايىھە» تەييارلايتتۇق.

مەن باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ كۆپىنچە تېرىكىپ، سەكرەپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇكېرىم ئاكا مېنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ، گۆھەرىيە ئاپپاينىڭ قورۇغان سېيى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلاتتى.

— ساقىلىڭىز ئاقارغان بىلەن بالىكەنسىزغۇ ئۇكام، — دەيتتى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۈچىنى گەۋدىلەندۈرمەپتۇ دېسە، ھە راست دېمەمسىز، قەلەم ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بىلگەنچە يازىۋەرمەمسىز! لېكىن پۇرسەت غەنىيمەت، كەلگۈسىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئەسەر يازىدىغان شارائىت چوقۇم بولىدۇ. كۆپچىلىك ئاشۇنداق پىكىر بەرمەي قانداق پىكىر بېرەلەيتتى؟ قابىلىيەتلىك بولغىنىڭىز بىلەن سالماق ئەمەسكەنسىز...

مەن ئۇنىڭ تەنقىدلىرىنى تولىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايتتىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ نەزەرىمدە، ئۆزۈم بىلەن پىكىرداش، مېنى ناھايىتى قوللايدىغان، ئاسرايدىغان ئۇستاز ئىدى.

كېيىنكى ئەمەلىيەت مېنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن، نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىر ۋە كۆز قاراشتا تالاش - تارتىش قىلىشتىم، لېكىن ھەممىلا مەسىلىلەردە بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن ئەڭ ئاخىرىغىچە بىر خىل قاراشتا بولۇپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ ئۇ كىشى بىلەن يېقىن بولغانلىقىم، ياكى ئۇ كىشىگە قارىغۇلارچە چوقۇنغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ھايات، گۈزەللىك، ئىنسان توغرىسىدىكى كۆز قاراشلاردا بىر خىل خۇلاسىگە ئىگە بولغانلىقىمىزدا.

بىرنەچچە كۆڭلى تارتقان دوستلار جەم بولۇپ ئاددىي سورۇن تۈزۈپ، ھاراق ئىچكەچ پاراڭلىشىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك پائالىيەت. بۇ پائالىيەت سەنئەتنىڭ ھېچقانداق تۈرىگە كىرمىگىنى بىلەن كىشىگە ئېستېتىك زوق، مەنىۋى ئوزۇق بېرىشتە سەنئەتنىڭ ھەرقانداق شەكلىدىن قېلىشمايدۇ. رېئاللىق، ئىستىقبال توغرىسىدا سۆزلىشىش، ھايات توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ شېئىرلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەش ۋە ئىسپاتلاش، مۇرىتى كەلسە چاقچاقلىشىش، ناخشا ئېيتىشىش ... بۇ سورۇندىن ئالىدىغان لەززىتىمىزنىڭ قىممىتىنى ھېچقانداق

ئۇخشىتىش بىلەن ئىپادىلىيەلمەيمەن. شۇنداقلا بۇ خىل كۆڭۈللۈك سورۇننى ھېچكىم ھېچقانداق يول بىلەن تەشكىللىيەلمەيدۇ.

مەن ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن مۇشۇنداق سورۇنلاردا كۆپ بىللە بولدۇم. بۇ چاغدا مەن ئۇرۇمچىدە «تەسەر ئۆزگەرتىش» بىلەن تونۇۋاتاتتىم. خوجايوپ ئاكا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمە گورۇپپىسىدا ئىدى. بىز خوجايوپ، ۋاڭ مىڭ، جۇڭلو، خاۋگوەنجۇڭ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىق بىر نەچچىمىز نۇرغۇن قېتىم شۇنداق سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، بىللە لەززەت ئېلىشقانىدۇق. خوجايوپ ئاكا ئۆزىنىڭ پىكرى، چوڭقۇر رۇبائىيلىرى بىلەن قىسقا شېئىرلىرىنى زوقلىنىپ ئوقۇسا، يولداش ۋاڭ مىڭ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي بۇ شېئىرلارنى ماختايتتى.

مانا مۇشۇنداق سورۇنلاردا مەن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ شېئىر، ھايات، ئىنسان توغرىسىدىكى ئاجايىپ پىكىرلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئۇ دۇفۇ، لى بەي، بەي جۇيى شېئىرلىرىنىمۇ، ئەي چىڭ، اى جى، ۋىن جيە، گوشاۋچۇەن شېئىرلىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»دىكى شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا شۇنچىلىك زوقلىنىپ سۆزلەيتتىكى، پەقەت ئۇنىڭدىن لەززەتلىنەلەيدىغان ئادەملەرلا ئەنە شۇنداق سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شېئىر يازالايدىغان شائىر بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىدا كلاسسىك خەنزۇ شېئىرلىرىدىكى پىكىرنىڭ چوڭقۇر ۋە يوشۇرۇنلۇقى، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات بىلەن تىلنىڭ ماسلىشىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى مەتبەئەدە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى، پىكىر، ئىنكاسلىرىمىزنى ئاڭلايتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان «ئەزرائىل بىلەن سۆھبەت»، «ئىككى ھەيكەلنىڭ سۆھبىتى»، «ماشىنا ئادەم» قاتارلىق زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى زوق بىلەن ئوقۇغاندا، مەن ئاپتور بىلەن بىللە ھاياجانلانغانىدىم.

شىنجاڭغا «ئىلىم - پەننىڭ باھارى» يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە ئۇ بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىقتا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگۈچى يالقۇنلۇق، گۈزەل پىكىرلىك شېئىرلىرىنى دائىم گېزىت - ژۇرناللاردىن ئىزدەپ - تېپىپ لەززەتلىنىپ ئوقۇدۇم. بىر قېتىم بېيجىڭدا بىر چوڭ سورۇندا ئۇنىڭ «تومۇزغا» ناملىق شېئىرى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇلغاندا پۈتۈن زالدا چاۋاك، قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئىدىيە ئازادلىقى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق چاۋاك چالغان، ئەڭ كۈچلۈك خۇشال بولغانلارنىڭ بىرسى ئابدۇكېرىم ئاكا ئىدى دېسەم، خاتالاشمىغان بولىمەن. ئۇ، بۇ باھارنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدى:

«كەتتى تۈنمۇ كەلدى تاڭ ساھىبجامال،
قوينىغا تاڭنىڭ كىرىپ كەتتىم خۇشال.»

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت يىغىنىدا، 4 - قېتىملىق جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇكاپات يىغىنىدا بىز ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن بىللە بولدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇق، شېئىر ۋە سۆھبەتلىرىدە دائىم ئۆزىگە خاس بولغان جۈرئەت - دادىللىق، مۇھەببەت، قىزغىنلىق ۋە كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن ئالقىش - ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ تۇراتتى. بىر قېتىم مەن ئۇ يازغان:

«ئەمدى بەس، ماڭمايدۇ ئىش ئوڭ - سولىغا،
كۈچ، ئەقىل، ئۆتتى ئىلىم - پەن قولىغا.
ئەتىمىز خەزىنە بىلەن تولغاي چوقۇم،
چۈشتى تارىخ چەرخىمۇ ئۆز يولىغا.»

دېگەن مىسرالىرىدىكى پىكىرلەرنى ماختىغۇدىم، ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ قويۇپ:

— «ئەمدى بەس، ماڭمايدۇ ئىش ئوڭ - سولىغا» دېگەن ھۆكۈمنى ئالدىراپ دەپ قويۇپتىمەن، ئۇكام. «قىشنىڭ توڭلىرى» تېخى تەستە ئېرىپ بولىدىكەن. نېمىشقا دەمسىزا؟ «توڭ» نى خالايدىغان ئادەملەر تولىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە «سول لۇشيەن» نىڭ تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقانلىقىغا قارىتىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆھبەت، نۇتۇقلىرىدا «سول» خاھىشقا بولغان غەزىپىنى يۇمۇرلۇق ئوخشىتىش، چوڭقۇر مەنىلىك كىنايە بىلەن ئەيىبلەيتتى. ئۇ 4 - قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى:

— بىز يەنىمۇ چوڭ توساقلاردىن ئۆتىدىغان ئوخشايمىز. مەن ئەزرائىلنى يەڭگەن ① ئادەممەن، توسالغۇلاردىن زادى قورقمايمەن!

كېيىنكى يىللاردا بىز بىر قورۇدا تۇردۇق. ياز ئايلىرى ھويلىمىز گۈللەرنىڭ پۇرىقى. بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، چاقچاق - كۈلكىلەر بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى. ئابدۇكېرىم ئاكا پات - پاتلا قولتۇقىغا چىرايلىق شاھمات تاختىسىنى قىستۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كېلەتتى - دە، ماڭا:

— ھەي ئۇنسۇر، تاناۋىڭىزنى بىر تارتىپ قويايمۇ؟ — دەيتتى.

شاھمات ئوينىغاچ پاراڭلىشىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بىزنىڭ پاراڭىمىز يەنىلا ئەدەبىيات، ۋەزىيەت توغرىسىدىلا بولاتتى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى زور ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە بېغىشلىغانىدى.

ئۇ سۈرىيە، مىسىرلارنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى شاھمات مەيدانىدا:

— ئۇكام، بىز يەنىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشساق بولغۇ-

① راك كېسىلىدىن غالىب كەلگەن دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

دەك. ئۆتمۈشكە قارىغاندا گۈللەندۇق، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدۇق، لېكىن دۇنياغا نىسبەتەن بىز يەنىلا بىكىنمە، نادان، قالاق ھالەتتىكەنمىز. بىزدە رامكىلار كۆپكەن، بىزگە بېسىممۇ چوڭكەن! — دېگەنلىكى يادىمدا.

ئۇ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەيتتى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتىمىزدىن قانائەتلەنمەيتتى:

— مەن خەنزۇچە ژۇرناللارنى كۆپرەك ئوقۇيمەن ۋە سىزنى ئۇلارغا سېلىشتۇرىمەن، — دەيتتى ئۇ ماڭا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، — سىزدە پىكىردە چوڭقۇرلىيالماسلىق، قورقۇش، قورۇنۇش بار. يازغۇچى، شائىرلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇلار رېئاللىقنىڭ ھەم كۈيچىسى، ھەم پاش قىلغۇچى - ئەيىبلىگۈچىسى. بىزدە ھازىر ئەدەبىياتنى چۈشەنمەسلىك، ئەدەبىياتنى قوللىماسلىق. ھەتتا يامان كۆرۈش خاھىشىمۇ بار. بۇ كونىدىن قالغان، تارىختىن قالغان فېئودالىزم كېسىلى. بۇ كېسەلگە قارشى تۇرمىساق قانداقمۇ ئۆزىمىزنى ئەدىب ھېسابلىيالايمىز؟

ماڭا ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن سۆھبەتلىشىش بىر خىل مەنىۋى ئىلھام، كۈچقۇۋۋەت بېغىشلايتتى.

مەن ئابدۇكېرىم ئاكىغا لۇشۈننىڭ «قەبرە» ناملىق زاۋىنلار توپلىمىدىكى ئەنگلىيىلىك كارلىلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردىم: ھاياتلىق ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئۆز كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئېنىق ۋە بىمالال كۈيلەپ بېرىش بىرەر ئەل خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى... ئارقىدىن لۇشۈننىڭ سۆزلىرىنى بىللە ئوقۇدۇق. شائىر دېمەك — كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى چەككۈچى دېمەكتۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدە شېئىر بولماي قالمايدۇ، شائىر شېئىرنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن شېئىر شائىرنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلانمايدۇ... كىشىلەر كۆڭلىدە شېئىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، شېئىرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغان، شائىر ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئورنىدا ئېيتقان... لۇشۈننىڭ شائىر ۋە شېئىر توغرىسىدىكى بۇ پىكىرلىرى، كارلىلنىڭ پىكرى ئابدۇكېرىم ئاكىنى ھاياجانلاندۇردى. ئۇ قولۇمدىن «قەبرە» نى ئېلىپ ۋاراقلىدى.

— «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دەپ ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇدى - دە، كۈلۈپ كەتتى، — شاياتۇن شائىرلار ھازىرمۇ زۆرۈر. جۇڭگولۇق شۇن: شېئىر ئىقبالنىڭ بايانىدۇر دەپتىكەن. توغرا ئۇكام، مۇنۇ گەپمۇ توغرا: تىنچ كەيپىيات بۇزۇلغاندا، ئىنسانىيەت چوقۇم ئالغا باسىدۇ.

ئۇ ماڭا لۇشۈننىڭ بۇ سۆزىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۇرۇپ:

— تىنچ كەيپىيات — قاتماللىق. بىزنىڭ ياش شائىرلىرىمىز بۇ قاتماللىقنى بۇزغۇچى شاياتۇنلار، ئۇلارغا ئاپىرىن، مېنىڭ ئۇلارغا ھۆرمىتىم، ئىشەنچىم چوڭ!

مەن لۇشۈننىڭ مۇنۇ سۆزىنىمۇ ئوقۇپ بەردىم:

«... مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا، ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش، شۇنىڭدەك باشقىلارنىمۇ بىر قەدەر پۇختا چۈشە-

نىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىش بارلىققا كېلىدۇ. ئويغىنىش ئاۋازى چىققان هامان ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەي ئۆتمەيدۇ...»

— ناهايىتى ياخشى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارنىمۇ بىرقەدەر پۇختا بىلىش دېگەن سۆز تولىمۇ ياخشى قويۇلغان. بىزدە مۇشۇنداق ئادەملەر تولىمۇ ئاز. ئۆزىنى ياخشى بىلىدىغان، باشقىلارنى بىرقەدەر پۇختا بىلىدىغان ئادەملەر كۆپەيسە قانداق ياخشى بولاتتى. بىز ئۇنداق بولالمىدۇق. بولالىغانىمۇ بولاتتۇق، شارائىت يول قويمىدى. بىزدە ئورتودوكسلار كۆپ. ئىسلاهاتچىلار ئاز. ئاشۇ ئازلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرەلىگەن بولسام ئىدىم...

مەن ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن يېزىقچىلىق ئۆيىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق بىللە ئولتۇراتتىم. ئابدۇكېرىم ئاكا توقۇما ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، زور مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى، ئىستىقبال توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى.

ئۇ شىنجاڭدا 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنمۇ ياخشى هەل بولمىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە: «مەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتلىك رەهبەرلەر بىلەن سۆزلىشىمەن!» دەيتتى، لېكىن ئۇنىڭغا بۇ ئىش نېسىپ بولمىدى. ئۇ «ئىككى هەيكەلنىڭ سۆهبىتى» توغرىسىدىكى بەزى ناهەق هۇجۇملاردىن غەزەپلىنىپ: «هەقىقەت هامان غالىب. قۇرۇق، يالغان مەدھىيىگە ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەر ئاچچىق ـ تەنلىك تەنقىدنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن دورىنىڭ ئاچچىقىنى دەپ ئۇنى يېمىگەن ئادەم زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ» دەيتتى، ئۇ ئەدەبىياتتىكى «سول» خاھىشلارنىڭ هەر خىل، هەر تۈردىكى ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە دادىل ئىدى.

ئۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك ئۆلچىمى توغرىسىدا كۆپ پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، تىل، مەدەنىيەت ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىكى خاسلىقىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، هەرگىزمۇ بۇ خاسلىقنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ «بىر تىلدا يېزىلىدىغان ئەدەبىيات» دېگەنلەرنى يولغا قويماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ بۇ تەلىپىنى 1 ـ قېتىملىق جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىيەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغاندا كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولغان: «مەن بۇرۇن ئۆز ئانا تىلىمدا ئەسەر يازالمايتتىم. خەنزۇ تىلىدا يازاتتىم، لېكىن مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئىكەنمەن، ئۇيغۇرچە يېزىشىم كېرەك. مەن شۇ تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە يېزىشنى قەدەممۇ قەدەم مەشىق قىلىپ هازىرقى سەۋىيىگە ئىگە بولالىدىم» دېگەنىدى ئۇ.

ئابدۇكېرىم ئاكا هاياتىنىڭ ئاخىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مىللىي ساپاسى، ئەخلاق مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان. ئۇ كادىرلاردىكى، بولۇپمۇ رەهبىرىي كادىرلاردىكى هەر خىل ناچار نەرسىلەردىن كۆپ يىرگىنەتتى. ئۇ ئۆزىگىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى:

www.uyghurkitap.com

«ئۆزۈمنى ناخشىچى دەپ كەلدىم، ناخشام
كىملەرنىڭ قەلبىگە ياققاندۇر چىراغ؟
ھەر مىسرا تېگىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم،
تۇچكىدىن كۆپرەك تۇرىدۇ سوراق.»

بۇ «سوراق» تەبىئىيكى شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈستىدىكى پىكىرلىرى نارازىلىقلىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئاچچىق تەنە دېگەندىن كۆرە قاتتىق نارازىلىق دەپ قارايمەن:

«ئادەمنىڭ ئۆزگىنى تونۇشى ئاسان
ۋە لېكىن ئۆزىنى تونۇمىقى قىيىن.
سەۋەبى، شۇنداقمۇ كۆزلەر بار ئىكى،
كىم ئىزدەپ ئۆگەنگەن كىرسىز تىرناقتىن.
ئۆزگە كەلگەندە كۆرمەيدۇ كۆزى،
يىرىڭنى يالاپ يۇرسىمۇ چىۋىن.
بەزىلەر تونۇيدۇ ئۆزىنى بالدۇر،
بەزىلەر تا قېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن.»

بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بار، ئۇلار ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمايدۇ، ئەكسىچە ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆز - كۆزلاڭ قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىدەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ ئەيىبلەرنىڭ بىر مىللەتنىڭ مىللىي ساپاسى ئۈچۈن چوڭ زىيان كەلتۈرۈشىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاكا دوستلار ئارا ئىناقلىقنى، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئاسراشنىڭ مۇھىم-لىقىنى دائىم تەكىتلەيتتى. بۇ كۆز قارىشىنى بەزىدە ئەسىھەت، بەزىدە تەنقىد، كۆپرەك چاقچاق بىلەن ئىپادىلەيتتى. مەن بىرلىرىدىن رەنجىپ ھال ئېيتسام، ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ قويۇپ:

— باشقىلارنى تىل، كۈچ بىلەن يېڭىمەن دېيىش ئەخمەقلىق. ئەسەرلىرىڭىز بىلەن يېڭىڭ، ئۇكام، دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كۈچلۈك بولغىنى ياخشى. شۇلار بىلەن قىزىشىپ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋېتىڭىز، — دەيتتى.

ئۇ باشقىلارنىڭ قىلغان ئازغىنا ياخشىلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايتتى. 1981-يىلى نوسمانجان ساۋۇت، جاقىپ مىرزاقان ئۈچىمىز بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقانلىدا، بىر كۈنى مىللەتلەر سارىيى زالىغا زىياپەتكە كىردۇق. زىياپەتتىن بىز گۆش، ھاراقلارنى ئېلىپ شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش سارىيىغا كېلىپ تېپىپجان ئاكا بىلەن ئابدۇكېرىم ئاكىنى يوقلىدۇق. ئۇلار شىنجاڭدىن يېڭىلا كېلىپ تېخى تاماقمۇ يېمىگەنىكەن. بىزنىڭ زىياپىتىمىزگە ئۇلار تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

بۇ بىر كىچىككىنە ئىش. لېكىن ئابدۇكېرىم ئاكا بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى نۇرغۇن ئورۇندا ماختىدى:

— بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ ھۆكۈمەتنىڭ زىياپىتى گېلىمدىن ئۆتمەستىن، بىزگە

ئېلىپ كەپتۇ. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل سەھرالىق بۇ!

غەمخورلۇقنى توغرا چۈشىنىش بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. بەزىلەر سېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ياخشىلىقىڭنى «خۇشامەت»، قىلىشقا ئېگىشلىك «بۇرچى» دەپ تونۇيدۇ ئەمەسمۇ؟

مەن بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئاكىغا مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەنسەپ ئۈچۈن ئۇياق-بۇياققا قاترىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۆزىدىكى ئەيىبلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇياقـبۇياققا چاپقان بولسا ياخشى بوپتىكەن. «يازغۇچى»، «شائىر» بولۇپ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق مەنسەپ بارمۇ؟ مەن بىر ياخشى ئەسەرنى بىر خان تاجىغا بەرمەيمەن، — دېدى ۋە ماڭا ئۆزىنىڭ «تاج ۋە باش» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

«چوت ۋە يا كەتمەننى ساپلاش تەس ئەمەس،
كېتىدۇ ناھايەت ئاڭا ئىرغايلا بەس.
تاج ۋە يا كۇلا تىكىش ھېچ گەپ ئەمەس،
ئاڭا لايىق باش تېپىش تەس، بەكمۇ تەس.» —

مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى تەپسىلىي ئوقۇپ خۇشال بولىدىغان، پىكىر بېرىدىغان يېقىنلىرىمىزدىن بىرسىمۇ ئابدۇكېرىم ئاكا ئىدى:

— «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» دېگەن ھېكايىڭىزنى بەزىلەر ئەيىبلىمەكتە. مەن ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. بەزى كېلەڭسىز يەرلىرى بارىكەن، لېكىن ھېكايىدە قويۇلغان مەسىلىدىن ھۇزۇرلاندىم!

— «ئېھ، توپىلىق يول» شېئىرىڭىز رېئالىزم مېتودىنى ياخشى ئۆگىنىۋاتقىنىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. روزەك بەز تىرىك ئادەم، گۈلئايشەممۇ بىرتىپ. ياخشى ئۇقكام، ئالدىڭىزدا ياخشى كېپىڭىزنى قىلىشقا يوزۇم چىدىمايدۇ. سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىم بىكارغا كەتمىدى! «تارىم كەينىگە ئاقمايدۇ» نى دوختۇرخانىدا ئوقۇپ چىقتىم. شېئىردىي پىكىر بار ئىكەن، ئۇكام. شېئىرلاردا پىكىر يوشۇرۇن بولسا، ئوقۇغۇچىنى پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلسا ياخشى بولىدۇ. ھېكايىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ھېكايىڭىز كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. قەلەم پىشقانسېرى ئايتورنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تارتىش كۈچى كۈچىيىدۇ. سىز پىشىۋاتىسىز ئۇكام، ئاخىرى قانداق بولارسىزكى، بىزدىن كېيىن يەنە نېمىلەر بولار؟ سىلەرنى ھىمايە قىلغۇچىلار قارىلىغۇچىلاردىن كۈچلۈك كەلسە ياخشى بولاتتى!...

ئۆز خەلقىگە، ئەدەبىياتقا، گۈزەللىككە، ھاياتقا مۇھەببەت باغلىغان ئادەملەرلا ئۆز زامانداشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىيالايدۇ. ئابدۇكېرىم ئاكا يالغۇز مېنىڭ ئەسەرلىرىم بىلەن ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ شۇنداق خۇشال بولالايتتى. ئۇ بىر قېتىم «كۆڭگا شېئىرلار» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوبزور يېزىپ تونۇشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن رەھمىتى

www.uyghurkitap.com



بۇ ئىشقا ئۆلگۈرەلمىدى.

شۇم ئەجەل ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ، باھارغا ئامراق قەلبىنى ئۆز كۆلەڭگىسى بىلەن خىرەلەشتۇرۇپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ ئۇ دائىم كۆلكە - تەبەسسۇم بىلەن كۈنلەرنى كۆتۈۋالاتتى، ئۇزىتاتتى. ئۇ ئۆز نەۋرىلىرىنى شۇنداق ئىللىق مۇھەببەت بىلەن ئەركىلىتەتتى، پەقەت ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ھاياتنى سۆيىدىغان، ساپ يۈرەك ئىگىلىرىلا باللارنىڭ قىلىقلىرىدىن ئەنە شۇنداق ھۇزۇر ئالالايدۇ. شائىرنىڭ باھار ئاپتىپىدەك جانغا ئارام مېھرىدىن مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ بەھرىمەن بولاتتى، نۇسرەت ئىسىملىك كىچىك ئوغلۇم ئاخشىمى ئەسنەپ يېتىپ:

— دادا، گۈلمىرەنىڭ چوڭ دادىسى سېنىڭ ئادىشىڭما؟ مېنى كۆرسىلا سۆيۈپ قويىدىغۇ ئەمىسە؟— دەپ سورايدۇ.

مەن بۇ سوراقتىن تويىدىن يېگىلا باش كۆتۈرۈپ چىققان يۇمران مايسىنىڭ باھار ئاپتىپىغا بولغان مېھرىنى ھېس قىلىمەن: پەقەت ھەقىقىي شائىرلارلا ئەنە شۇنداق كىشى قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

مەن ئاخىرقى قېتىم ئابدۇكېرىم ئاكىنى دوختۇرخانىغا يوخلاپ بارغىنىمدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئاۋازى پۈتۈپ، ئۆزى تولىمۇ جۈدەپ - قارىداپ كەتكەنىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ياتقانىدىم. كۆزۈم كىچىككىنە يۇمۇلۇۋىدى، چۈش كۆرۈپتىمەن، تېيىپجان ئۈچىمىز ۋاڭ گۈلنىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتىمىز. ئۇ ھەدەپ ئارىقنى ماختىغۇدەك ... ئويغىنىپ كەتمىگەن بولسام، ئاخىرقى بىر رۇمكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەن بولاتتىمكەن، ئەمدى تۈگىدى، ئۇكام، سىز بىلەن بىللە ئىزدىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئىچىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرگىنىمىزگە ئازغىنا كەم ئوتتۇز يىل بولاي دەپتۇ. سىز نوتىدىن دەرەخكە ئايلاندىڭىز، بىز مانا يىقىلدۇق. سىز مېنىڭ ئىنىم، سىزنىڭمۇ ئىنىلىرىڭىز، سىڭىللىرىڭىز بار. ئۇلارغا سايىۋەن بولۇڭ، بىز بىر - بىرىمىزگە گۆكۆت، شوتا بولالايمىز، ھاياتنىڭ قىممىتى مانا شۇ يەردە!

مېھرىبان قېرىنداش، غەمخورچى ئۇستازنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزلىرى مېنىڭ مەڭگۈ يادىمدا تۇرغۇسى!

ھەر قېتىم ھويلىغا كىرگەندە ھېلىقى تونۇش دېرىزىگە قارايمەن، ئۇ يەردە ئىللىق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بىر چىرايىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن ئۇ ئەمدى يوق، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىپ «خەلقى ئارىسىغا» ① كەتكەن. ھويلىمىزدا باھاردا يەنە گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئىللىق ھاۋادا باللار چۇرۇقلىشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر كىشى كەم. ئۇ — بىزگە مېھرى بىلەن كۈلكە - تەبەسسۇمىنى يادىكار قالدۇرۇپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان ئۆلمەس شائىر ئابدۇكېرىم خوجا ئاكا.

خۇشاللىق ئۈچۈن تۇغۇلغان، خۇشاللىق ئۈچۈن ياشىغان شائىرنىڭ كۈلكىسى ئۆلمەيدۇ، تەبەسسۇمى ئۇنتۇلمايدۇ،

تەھرىرلىگۈچى: ئالىمجان ئىسمايىل.

① ئۆز ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، شائىرنىڭ جەسىتى ئۇلاننىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ئەمەس، خەلق قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## بۇ يىلقى گۈللەر ئۇ ...

(ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان يىرىك شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ 60 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن)

ئالتۇن كۈز، گۈل-چېچەك ئېچىپ چاچقان چاغ،
سۈپسۈزۈك ئاسماندا گاھ ھال رەڭ بۇلۇت.
بىر كىمخاپ پاياندار بەئەينى بۇ باغ،
ئۈزۈملەر تەكلەردە قىزارغان ياقۇت.

كېلىشكەن ناخشىۋەن بۇلبۇللار شۇدەم،
سايىدار شاخلارغا قونۇپ سايرىشىپ.
نىمەتلەر بولۇشقان داستىخانغا جەم،
بوتۇلكا - رۇمكىلار بويۇن قايرىشىپ...

ئۇنداق تەق ئۇلپەتلەر، ئۇنتۇلماس بۈگۈن—
تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قۇتلاشقا بۇئان.
تەلمۈردۈق...خىيالغا غەرق بولدۇق پۈتۈن،
دىللاردا ئەۋجىگە يەتكۈنچە پىغان.

كەلمىدىڭ!
سۈڭگايدى قۇياش پېتىشقا،
ئۆكسۈنگەن شەپەقلەر-دەردتىن قۇسقانقان.
مەجنۇنتال چاچلىرى تېگىپ بېدىشقا،
تۆكۈلگەن ياپرىقى لەيلەيتتى سەرسان.

كەلمىدىڭ!!
ھالسىراپ يىقىلدى قۇياش.
ئاي كۆزى ياشقا غەرق (تۇمانلىق ئاخشام).

ئاھ، بىلدىم!!!
(كۆزۈمدىن ئۇرغۇپ چىققىنى ياش)
ھەممىمىز يىغلاشتۇق، يىغلار يانغان شام.

تۇغۇلغان كۈنۈڭنىڭ بەرقى ئىدى ئۇ،
شۇ شاملار ھەر يىلى بەس-بەستە يانغان.
ئاھ، نەيلەي ئاڭمۇ مۇڭ يېتىپتۇغۇ،
ۋىسالدىن ھېچ ئۈمىد قويىمىغاچ ھىجران

ھە، شۇنداق، كەلمىدىڭ، كېلەلمەيسەن ھەم
ۋە ھەتتا تۇغۇلغان كۈنۈڭمۇ ئەبەت.
يامغۇرغا ئايلاندى تامچىپ تۇرغان نەم،
ياش قۇچۇپ تۇپراقلار ئېقىتتى لەھەت...

تەگشەلگەن تارىلار مۇڭغا ئۆزگەردى،
مەرسىيەڭ بوپقالدى يۇبلىلىق ① نۇتۇق.
تەلپۈنگەن دىللاردا ۋىدالىق دەردى،
قەبرەڭگە ياپقاندا گۈللەردىن يوپۇق.

«تارىم موكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

① بۇ يىل شائىرنىڭ 60 ياشقا تولغان يۇبلىسى بولاتتى.

بۇ يىللىقى گۈللەر ئۇ ـ ئاتمىش يېشىمىنى،
قۇتلاشقا ئۇمتۇلۇپ چېچەكلەر ئاچقان.
بۇ يىللىقى گۈللەر ئۇ ـ تۇپراق بېشىمىنى،
دىيارىم مېھرىدەك قۇچاقلاپ ياتقان ...

ھەر يىلى كۈتەرمىز، سېنى كېلەر دەپ،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، تا ئەبەتكىچە.

ئۇلاردىن ئىزدىلار قانچە، قانچە سەپ،
قايتا سەن كۆز ئاچقان قىيامەتكىچە.

خەير، يات! خەير، يات! تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
ئۆلمىگەن روھىڭنىڭ شاھىدى گويا.
زامانلار بەزمىدە ياڭرايدۇ ئۈنۈڭ
ۋە شۇڭا مەنىدار بۇ ئىسپىي دۇنيا!

ئەركىن مۇھەممەت

## ئۈچ شېئىر

(مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىدىن نەقىللايمەن)

### كۆز بەرگەن تەسىرات

كەلدى كۆز بۇ يىلمۇ ھەم ئاۋۋالقىدەك،
سارغىيىپ ياپراق بۇدەم سولدى چېچەك.
يۈرىدۇ ئاچكۆز شامال ھەريان كېزىپ،
ئۇلجا ئىزدەپ باغ ئارا چېلىپ غىجەك.
تاشلىسام دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر،
يېشىللىقتىن ئەمدى يوق قىلچە دېرەك.
كېلىدۇ ئۆتمەي ئۇزاق قىش پەسلىمۇ،
تەبىئەتكە كىيگۈزۈپ ئاپئاق لىچەك.
مەن بۇلارنى ئويلىسام تەنھا تۇرۇپ،
ئۆرتىنەر ھېچ ئىختىيارسىز بۇ يۈرەك.
مەنىسىز ئۆتتۈپتۇ، ئاھ، نەچچە يىلىم،
قاپتىمەن كۆز پەسلىگە ئوخشاپلا بەك.

### باھار ناخشىسى

بۈتتى بەكمۇ ئاچچىقى كۆز پەسلىنىڭ،
«نەۋ باھار» نى سېغىنىپ ئېيتسام قوشاق.
«خەپ!» دېدى بىر ئالىيىپ قالدى كېتىپ،
كەلدى باشلاپ قىشنىمۇ ئۆتمەي ئۇزاق.
كىيدى ئاقتىن زەر لىباس تاغ ۋە دالا،
ھەممە قالدى تۇنجۇقۇپ دەريا بىراق.
چىڭقىلىپ قىش نەرە تارتقان ئاشۇ كۈن،
گاس بولۇپ قالغىلى تاس قالدى قۇلاق.
شۇندىمۇ مەن يۈرىمەن ھېچ ۋاي دېمەي،
باش ـ كۆزۈمگە تەگسىمۇ مۇشت ۋە تاياق.
تۇرىدۇ كۆزۈم ھامان تەمكىن كۈلۈپ،
نۇرلىنىپ يانغان كەبى تۈندە چىراغ.
چۈنكى بۇ دۇنيا ئەزەلدىن ئىسپىيدۇر،
كىم بۇنى «يالغان» دېسە ئەتكىن مازاق.
قار تېگىدە بار باھارنىڭ نەسلىمۇ،
ياشىرىپ چىققاي ئۇمۇ ئۆتمەي ئۇزاق.

### خىتاب

ئۈزۈلدى چۈشلىرىمنىڭ نازۇك يىپى،
گۈلدۈرلەپ كەتكەچ ھاۋا! توساتتىن بەك.
قارا تەر باستى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى،
ئىززىغا چۈشەي دېمەس سېلىپ يۈرەك.
قارىسام، دېرىزىدىن بوشلۇققا مەن،
توساپتۇ ئاينى بۇلۇت يېيىپ ئېتەك.
مۇشۇ ھال داۋام قىلدى سۈبھىگىچە،
ئاھ، لېكىن يامغۇردىن يوق تېخى دېرەك.
بولدى قوي چاقچىقىڭنى، ئەي كائىنات،
ئېلىپ كەت لەشكىرىڭنى بۇندىن تېزرەك.
قىلمىغىن تاڭ قىزىغا ھەرگىز ئۇۋال،
ياكى تۆك يامغۇرىڭنى چېلەك ـ چېلەك!!!

تەھرىرلىگۈچى: مەمتىمىن بارى.

ئارسلان

# «ئاق كۆڭۈل» خۇشامەتچى

(ھېكايە)

ئابلىز «ياۋاش» قارىماققا تولىمۇ ياۋاش، مۆمىن ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا «ياۋاش» دېگەن لەقەم خۇددى ئىسمىدەكلا سىڭىپ قالغان. ئۇ ئادەتتە پۇلغا گۆش ئالمايتتى، بىراق مېھماندارچىلىققا بارغاندا ياكى باشقىلار پۇل تۆلىگەن گۆشنى تاپقاندا نەپسىنى قويۇۋېتىپ يالمايدىغانلىقى بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە.

ئۇ بۈگۈن بازارغا گۆش ئالغىلى باردى، باھادا كېلىشەلمەي گۆش بازىرىنى بەش قېتىم چۆرگىلىدى، ئاخىرى مەردەك كۆرۈنگەن بىر قاسساپنىڭ ئالدىدا توختاپ سېمىز بىر قويىنىڭ كەينى پۇتىنى بىراقلا تارتقۇزۇۋىدى، 30 سوملۇق كەلدى، ئۇ ئىشتانىسىدا خوتۇنىدىن ئوغرىلىقچە ساقلايدىغان پۇلىدىن ئېلىۋالغان 30 سوم پۇلنى تەسلىكتە چىقىرىپ قاسساپقا بەردى. كونىلارنىڭ «قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىلىقى مىڭ يىللىق مۇساپە» دېگىنى راست ئىكەن. شۇ تاپتا ئابلىز ھەميانىدىن پۇل ئەمەس، ئۆز يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ پېشانىسىنى سىلىۋېتىپ بىلىنەرلىك بىر «ئۇھ» تارتتى، ئاندىن گۆشنى كونا داستىخانغا يۆگەپ ۋېلىسىپىتنىڭ قىستۇرمىسىغا تېڭىپ، ۋېلىسىپىتكە دىقماق، ئېغىر گەۋدىسىنى ئارتتى-دە، قىسقا پۇتلىرى بىلەن كونا پىدالنى غىچىرلىتىپ دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋاقىت دېگەردىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئۇپۇقتا بۇلۇتلار تاغدەك گەۋدە كېرىپ تۇرۇشاتتى، شەرق تەرەپتىن ئاسمانپەلەك سارغۇش چاڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. كوچىدا قۇيۇن پىرقىرىدى. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەندەك غەربتىكى بۇلۇتلار ئىچىدە گۈلدۈرماما تاراقلاپ، قاتتىق بوران ۋە يامغۇرنىڭ شەپىسى كېلىۋاتاتتى، بىرپەستىلا بازار ئىچىدە ئادەم شالاڭلاشقا باشلىدى، ئابلىز بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى، ئۇ ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتكىنىچە خالىراق كوچىلار بىلەن ئايغاقچىلاردەك چاققانلىق بىلەن مېڭىپ بازاردىن چاپسانلا

ئۇزاپ چىقتى. ئۆيدىكىلەر، قولۇم - قوش-
نىلىرى ياكى مەكتەپداش يېقىن - يورۇق-
لىرى ئۇنىڭ گۆش ئېلىپ بىرىياققا ماڭ-
غانلىقىنى بايقاپ قالمۇسۇن - دە! بولمىسا
ئاز دېگەندە ئۆيدە پاراكەندىچىلىك يۈز
بېرىدۇ. ئاخشاملىقتا بالىلارنىڭ غەرەز
ئۇقمايدىغان ئانىسى چۇقان كۆتۈرۈپ
ئابلىزنىڭ ئۈستىگە مىنىدۇ - دە، ساقالسىز
ئېڭەكلىرىنى يۇڭۇزلاپ، كانىيىدىن بو-
غۇشقا باشلايدۇ، چۈنكى ئۇ بىچارە ئۆيى-
دە چاشقانغا كېپەكمۇ ئالدۇرمايدۇ ئەمەس-
مۇ، بۇ گۆشنىڭ ھازىرلا نەق پايدىسى
تەگمىگەن بىلەن كېيىنرەك پۈتۈن ئائى-
لىگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئەق-
لى قانداقمۇ يەتسۇن؟ ئۇنىڭ ھازىر نەگە
كېتىۋاتقانلىقىنى ھېلىقى كەسىپداش،
خىزمەتداش كوشەندىلىرى، ياق، بولۇپمۇ
دوستلىرى بىلىپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى
ساقلىسۇن، بولمىسا ئۇنى سېستىدۇ، كۆر-
گۈلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئابلىز دوستلىرىدىن
ھەزەر ئەيلەيدۇ، ھەر بىر ئىشنى ئۇلار-
دىن خۇپىيانە تۇتىدۇ، توغرىراقى ئۇ يالغان
دوست تۇتىدۇ، چۈنكى ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىك
دوستلاردىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇلاردىن
ناتونۇش باشلىقلار، مۇناسىۋەتلىك ئادەم-
لەر مىڭ ئەۋزەل!

بۇ شەھەر ئانچە چوڭ ئەمەس ئى-
دى. شەھەر سىرتىدا كونا سېپىلنىڭ قال-
دۇقى باز ئىدى. ئابلىز سېپىلدىن ئۆ-
تۈپ ۋېلسىپتىنى ئوڭغا بۇراپ قوشئۆس-
تەڭ يېزىسىغا بارىدىغان يولغا چۈشتى.
قوشئۆستەڭ يېزىسى شەھەردىن ئون نەچ-
چە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، يولىنى
بەك يامان دېگىلى بولمىسىمۇ توپىلىق ۋە
كاتاڭلىق جايلىرى ئاز ئەمەس ئىدى.

شەرقتىن كېلىۋاتقان شامال بارغانسېرى
كۈچەيدى، ھايال ئۆتمەي ئاسمانپەلەك
سېرىق چاڭ بولۇتى دۈۋىدەك قورقۇنچلۇق
ھۆركىرەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ كۆزنى ئاچ-
قىلى بولماي قالدى. ئۆپچۆرىنى كۈۋۈلدى-
غان ۋەھىمىلىك شاۋقۇنلار باستى. ئاب-
لىز ياۋاش قېلىن كالپۇكىنى چىڭ چىش-
لەپ، پىدالنى كۈچەپ باساتتى، چىشلى-
رى ئارىسىدا قۇم - توپا غىچىرلايتتى. بىر-
دەمدىلا يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ،
ئىككى مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى پەرق
قىلغىلى بولماي قالدى. ئابلىز كۆزىگە
قارىغاندا كۆپرەك پەمگە تايىنىپ يولنى
پەرق قىلاتتى. ئەمدى يول پەسكە ساڭ-
گىلاشقا باشلىدى بولغاي، ۋېلسىپت يا-
دىن ئۇزۇلگەن ئوقتەك ئىتتىك مېڭىشقا
باشلىدى، پىدالغا كۈچەشنىڭ زۆرۈرىيىتى-
مۇ قالمىدى. ئابلىز تورمۇزنى مەھكەم
قىسقىنىچە ۋېلسىپتتا ئاران ئولتۇراتتى،
بۇنداق چاپلىق سەپەرلەرنى ئۇ بۇنىدىن
ئون يىل ئىلگىرى تالاي قېتىم بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن. ئەسلىدە ئۇ بىر باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، مانا بۇ-
گۈنكىدەك ھاۋارايىغا قارىماستىن مۇنا-
سىۋەتلىك ئادەملەرگە گۆش - ياغ سوڭ-
گۇتۇش، سوۋغات تۇتقۇزۇش قاتارلىق ئۇ-
سۇللارغا تايىنىپ، دادۇي باشلانغۇچ مەك-
تىپىدىن گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە، ئۇ
يەردىن تېخنىكومغا يۆتكىلىپ چىقتى.
شۇنداق قىلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ-
نى چالا پۈتتۈرگەن ئابلىز تېخنىكومدا
دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇپ قال-
دى. بۇ دېگەن شۇنداق تىلى يوق، كۆ-
زى يوق جاھان: ھەممە ئىشقا ئەپ
كېرەك، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىشىش

بىلىش كېرەك، ئېپى بولمىغان ئالىي
مەلۇماتلىقلاردىن خارلىنىپ يۈرگەنلەر ئاز-
مىدى؟ هايات دېگەن شۇ، هاياتتا تەق-
دىرنىڭ كارامىتى كۆپ، «ئاغزى قاتتىق
موزاي بىر ئەمچەك ئىمەر، ئاغزى يۇم-
شاق موزاي قوش ئەمچەك» دەيدىغان بىر
ماقال بارغۇ. ئۇ هېچقاچان مۇناسىۋەتلىك
ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ باققان،
چىشغا تېگىپ باققان ئەمەس. ئۇ تەدبىر ئىش-
لىتىشكە ماهىر، لاپ ئۇرۇشقا كەلگەندە هە-
دېسىلا «پالانى باشلىق يۈرتدىشىم، پۇستانى
باشلىق بىلەن يېزا خىزمىتىدە بىللە بول-
غانمەن ...» دەپ گەپ باشلايدۇ. ئۇ بەزى
خۇپىيانىراق پاراڭلىرىدا تېخى مۇنداق
بىر هېكايىنىمۇ ئېيتىپ يۈردى: «بىر قې-
تىم دۆڭ بازاردا ئۆلپەتلەر بىلەن پاراڭ-
لىشىپ ۋادەككە يۆلىنىپ تۇراتتۇق. ئۆل-
كە باشلىقى قارا پىكاپتا ئۆتۈپ قالدى،
مېنى كۆرۈپ قوڭغۇز پىكىپىنى قېشىمدىلا
شاپپىدە توختاتتى، سەكرەپ چۈشۈپلا كۆ-
لۈمسىرەپ قول تەڭلەپ ئالدىمغىلا كەل-
مەسمۇ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ هەممىسى
هەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى،
‹ئابلىز ياۋاشمىسەن، قاچانلاردىن بۇياققا
كېلىپ قالدىڭ، جۆرە، ئىككى زىختىن
تارتىشىۋالايلى› دەپ قالماسمۇ، ياق،
دېيىشكە تىلىم كۆيدى، كاۋاپدانىنىڭ ئال-
دىغا كېتىۋاتساق چوڭ-كىچىكنىڭ هەم-
مىسى ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئۆتكەن-
كەچكەن ساقچىلارمۇ جاي-جايىدا هەيكەل-
دەك قېتىپ تۇرمامدۇ، ئالىي ئىكرام دېگەن-
نىڭ تەمىنى شۇ كۈنى تېتىدىم جۇمۇ، ئورۇن-
دۇققا قونۇشىمىزغا هەزرىتىمنىڭ مۇهاپى-
زەتچىسى يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا چەت ئەل
هارىقى چىقىرىپ قالدى، جانان پىيالىدە
ئىككىمىزدىن كەلتۈرۈپ، يېگىدەك يوغان زىق-
لىق كاۋاپدىن تۆتتىن سوقۇپتۇق، هەزى-
رىتىم ‹هاجىتىڭ چۈشسە ئىزدەپ باراز-
سەن›، دەپ مۆرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ پىكاپ-
قا چۈشۈپ كېتىپ قالدى. ئۆلپەتلىرىم
‹كاتتىمىز بىلەن كۆرۈشكەن قولۇڭنى تۇ-
تىيا قىلايلى› دەپ مۇشۇ قولۇمنى كۆز-
لىرىگە سۈرۈپلا كەتتى، تۇۋا دېسە...»
سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە باشقىلار ئىشەن-
سۇن ئۈچۈن ياقىسىنى تۇتاتتى. بۇنداق
پاراڭلارنى ئۇ كەلسە-كەلمەس پەردىمۇ
قىلىۋەرمەيتتى، ئەلۋەتتە! ئابلىزنىڭ ئۆ-
گىنىش بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ئۇنىڭ
ئۆمرىدە بىرەر كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ
باقمىغىنى بىلەن ئەدەبىيات هەۋەسكارى
ئاتىلىپ قالغىنى قىزىق. ئۇ ئىجادىيەت-
نىڭ ئەپلىك يولىنى تېپىۋالدى، يەنى
باشقىلارنىڭ ئېلان قىلىنغان شېئىر، نە-
سىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى چالا-بۇلا كۆچۈ-
رۈپ ئۆزلەشتۈرۈپلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدى-
غان بولدى. بەزىلىرىنى قىسقارتتى،
بەزىلىرىنى رېزىنكە سوزغاندەك سو-
زۇپ ئۇزارتتى، ئاندىن خەنزۇچىنى
ئاز-تولا ياماشنىمۇ ئۆگەندى،
شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە نەسىرلەر، شېئىر-
لارنىڭ مەزمۇنىنى، چەت ئەل يۇمۇر، نەسىر،
مەسەللىرىنى چالا تەرجىمە قىلىپلا ئاپ-
تورلۇق ئىمزاسىنى قويىۋالدى. ماختاش،
سوۋغات بېرىشلەرگە تايىنىپ بىر نەسىرلەر
توپلىمىمۇ نەشىر قىلغۇزۇۋالدى. ئۇ ئاز-
تولا ئاتىقى چىققان يېقى تېرىقچىلىك
هوقۇقى بارلىقى ئادەملەرگە خەت يېزىپ
تونۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئور-
نىتىشنى، ئۆز ئۆمرىنىڭ مۇهىم مەزمۇنلى-
رىدىن بىرى قىلىپ كەلدى، بۇ مەزمۇن

ئۇنىڭغا كۆتكەندىكىدىنمۇ چوڭ پايدىلارنى بەردى، مۇشۇ جەرياندا، تەقدىر ئۇنى بەزى ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگىمۇ ئۇچراتتى، بۇنداقلارنى كۆرگەندە ئۇ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىشقىمۇ ماھىر. خۇددى ئادالەتسىز تاياقتا ئېزىلگەن تەلەيسىز ئىتتەك غىڭشىشنى بىلىدۇ، شۇنداق كۆڭۈلچەكلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆپ نەپ بەردى، ئۆز نوپۇسىنىڭ تەسىرىنى ۋە ئابرويىنى ئاياپ ئولتۇرمايلا ئابلىزنىڭ ھازىرقى ئورنىغا ئېرىشىشىگە كۈچ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېزىنىڭ مەينىتىدىن قۇتۇلۇپ، شەھەر نېنىنى يەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىز داۋاملىق بوينىنى قىسقان، دىۋانىدەك بىچارە قىياپەتتە يۇمشاق گەپلەرنى ياغدۇرۇپ باشلىققا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈردى. بۇ تىرىشچانلىقلار ئۇنى مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر گۇرۇپپىسىغا كىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھېكايىلەردىكىدەك تېزلىكتە ئوڭۇشلۇق بولۇشقا باشلىدى. ئابلىز ئەمدى ئۇ ژۇرنالدا ئۆزىنىڭ قەلەم ھەققى يېزىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەر ساندىكى قەلەم ھەققىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئاجرىتىۋالاتتى - دە، باشلىقنىڭ يانچۇقىغا تاشلايتتى، ئانچە نامى چىقمىغان ياكى يىراقتىكى ئاپتورلارنىڭ قەلەم ھەققىلىرىدىن قىسىپ قېلىپ ئۆز چۆنتىكىنى تومپايتتى. شۇنىڭ بىلەن گىلەم، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەندەك نەرسىلەر ئۆيىگە بىر-بىرلەپ كىرىپ كەلدى. ئابلىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تورنى تېخىمۇ كەڭ يايدى، بۇرنىنى تېخىمۇ سەزگۈر قىلدى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت-تىكى كۆز قاراش، تەشەببۇس، ئېقىملار ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن مۇنازىرە ھالىتى شەكىللەندۈرۈپ، قالغانلارنى يۇراپ تاپتى. مەزھەبلەر ئارىسىدا يورغىلىدى، ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئالدىدا يوشۇرۇنچە ئېرىپ ساداقەت بىلدۈردى. ياخشىچاق بولۇپ ھەممىسىدىن ئايرىم-ئايرىم نەپ ئۇندۇرۇۋالدى. بەزى تونۇشلىرى ھەيران بولۇپ ئۇنى ئەيىبلىسە ئۇ بۇ دېگەن «دىپلوماتىيە ئېھتىياجى» دەپ جاۋاب بەردى. دەرۋەقە ئۇ ئۆزىنى «دىپلومات» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ تىل-ھاقارەتتىنمۇ ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ. يۈزىنى قېلىنىراق قىلسىلا بولىدى، خەق تىللاپ-تىللاپ قېلىۋېرىدۇ، «دەشنەم يېگىنىم بەش نان يېگىنىم»، «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى، جېنىمنىڭ راھىتى» دېگەن ماقاللارنىمۇ ئادەم توقۇغان بولغىيدى، ئەسلىدە بۇ دۇنيانى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى. بۈگۈن ئۇ ئىزدەپ كېتىۋاتقان غېنى دېگەن ئادەممۇ بىر ئىدارىنىڭ باشقارما باشلىقى ھەم «چاقماق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى. بۇنىڭدىمۇ قوش پايدا يۇلۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇزاقى يىلى ئابلىز ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تونۇشلۇق بەرگەن. بىراق، بۇ ئادەم ئالدىراش بولغاچقىمىكىن جاۋاب يازمىدى، جاۋابسىز قېلىشلارغا ئۇ رەنجىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ خەت ئەۋەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ 90 پىرسەنتى ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرغان. ھېچقىسى يوق، تاياقتىن خالىي ئىت، خورلۇقتىن خالىي خۇشامەتچى بولمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن غېنى ئەپەندىنى تېپىش كېرەك. گۆشنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇمۇ ئابلىزنى تونۇي-

دۇ، ئۇ تالاي مۇز قاپاقلارنى گۆش بىلەن ئاچقان ئەمەسمىدى. بۇ قېتىممۇ مۇشۇ گۆش بىلەن بىر بالىسىدىنى ئەپلەپ ئۇلارنىڭ ئىدارىسىگە قاراشلىق باسما زاۋۇتىغا يولغا سېلىنۋېلىشى مۇمكىن، پومىلى- غان ئەسەرلەرنى «چاقماق» ژۇرنىلىدا پۇل قىلىشىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى كەڭرىتى- كىلىمۇ بولۇپ قالار، تېخى.

ئېتىز - دالىنى قاراڭغۇلۇق قوچىقىغا ئالدى. يەر بىلەن ئاسمان ئېرىگەندەكلا قوشۇلۇپ كەتتى. شامال توختىغىلى خېلى بولغان، ئەتراپ چوڭقۇر ئۇيغا چۆككەندەك جىمجىت ئىدى، بىردىنلا غەرب تەرەپتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئەتراپ ۋال- ۋۇل يورۇپ كەتتى. شۇ زامات ئۇنىڭ ئېسىگە چاقماقلىق يامغۇر ۋاقتىدا دالىدا ۋېلىسىپىت مىنىپ مېڭىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى چۈشتى، بۇنداق چاغدا ئادەم- نى چاقماق سوقۇپ يەرگە كىرگۈزۋېتى- شى مۇمكىن ئىدى. بۇ گەپنى ئۇ قەيەردىن ئاڭلىغان بولغىيتتىكى، ھە، بالىسى بىر گېزىتتىن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، ئابلىزنىڭ يۈرىكىنى بىردىنلا قورقۇنچ چىرمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركىنىپ تىكەنلىشىپ كەتتى، سۈرئەتنى جېنىنىڭ بارىچە ئاشۇردى. بۇنىڭدىن ئۆز- گە ھېچقانداق قوتۇلۇش يولى يوق ئىدى.

شامال يامغۇرنى يەلپۈپ بەزىدە قاتتىق، بەزىدە شالاڭ قىلىپ زېمىنگە سې- پىشكە باشلىدى، ئابلىز ۋېلىسىپىتتىن ئال- دىراش چۈشۈپ، چاپىنىنى سېلىپ گۆشنى مەھكەم يۆگەپ قىستۇرمىغا قايتا جايلاش- تۇردى. بىردەم قاتتىق ياغقاندىن كېيىن يامغۇر بىردىنلا توختاپ، بوران چىقىشقا باشلىدى، بوران زىرائەتلەرنى ياتقۇزۇپ، دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئابلىز ياغلاشقان ئەسكى شەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ تۈگۈلۈپ تۇرۇپ قالدى. مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا بوران پەسلەپ قالدى. بۇلۇت تارقىلىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى.

ئابلىز خۇداغا مىڭ سانا ئېيتىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدى يول تېيىلغاق بولغاچقا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئايىغى، شىمىنىڭ پۇچقاقلىرى لاي بولۇپ كۆتۈر- گۈسىز ئېغىرلاشتى، مەھەللىگە كىرگەندە ۋېلىسىپىت ئىتتەرسىمۇ ماڭمىدى، توختاپ- توختاپ چاقنى تازىلاشقا توغرا كەلدى.

ئابلىز غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، مەھەللىگە كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر دەرۋازا تۈۋىدە تۇرغان قارا كۆلەڭ- گىنى بايقىدى، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كەچ كىرىپ قالغاچقا ئەتراپنى گۇگۇمنىڭ خىرە - شىرەسى قاپلىغانىدى. يېقىنلاپ بارغاندا ئۇ كۆلەڭگە بىر دۈم- چەيگەن موماي بولۇپ چىقتى.

— خان ئانا، ياخشى تۇرۇلىما؟ — دېدى ئابلىز سالام قىلىپ.

— راست دەيسەن بالام، بىزنىڭ بوياقلار پاتقاق، بازاردىكىدەك سىلىق يوللىمىز يوق، — دېدى موماي ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئابلىزغا قاراپ، — شەيتىنارۋاڭنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى قارا!

— غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى قايسى-

كىن؟ــ سورىدى ئابلىز گەپنى ئۇزارتىشنى خالىماي.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ئۆي يامغۇردا ئېتىزغا چىقىپ كېتىپتىكەن، نەۋرەمنى ئەۋەتىپ مىڭ تەستە تاپقۇزۇپ كەلدىم. سېنىڭمۇ كۆزۈڭگە چېلىقىپتىكەندە، ئۇ راست، لېكىن خەقنىڭ زىرائىتىگە تەگمىدى، خۇداغا شۈكرى...

ــ ئوبدان بوپتۇ!ــ دېدى ئابلىز ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپ، ئەمدى ئۇ موماينىڭ قۇلىقىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى، ــ غېنى ئەپەندىم دېگەن ئادەمنى بىلەملا؟...

ــ ۋاي بىلمەن، بىلمەن، ئاستىراق گەپ قىلمامسەن ئۇنۇڭ تۇتۇلغۇر، گاسىمىدىم مەن!ــ دېدى مومايمۇ قاتتىق ۋارقىراپ،ــ ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر. مۇشۇ كوچىنىڭ ئوڭغا بۇرۇلغان دوقمۇشىدىكى هويلا شۇنىڭ. دەرۋازىسى ئالدىدا بىر تۈپ قاپاقتېرىكى بار.

ئابلىز باش لىڭشىتىپ خوشلىشىش ئىشارىتى قىلدى-دە، پاتقاقتا مىلەنگەن ۋېلسىپىتىنى ئىتتىرىپ ئالغا ماڭدى.

كوچا دوقمۇشىدا ئۇ قاپاقتېرەكنى تاپتى، قاپاقتېرەكنىڭ كەينىدە دەرۋازىسى چوڭ هويلا بار ئىدى، هېرىپ هالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ئابلىز ئويلىنىپ تۇرمايلا ۋېلسىپىتىنىڭ ئالدى چاقىنى يەردىن سەل كۆتۈرۈپ دەرۋازا قانىتىغا ئۇردى، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى غىچىرلاپ ئېچىلدى، ئابلىز ۋېلسىپىتنى ئىتتىرىپ قورۇغا كىرىشىگە سول تەرەپتىكى قاشا كەينىدىن قۇيۇندەك تېزلىكتە بىر ئىت ئېتىلىپ چىقتى، ئابلىز ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چىراغ نۇرىدەك چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، ئىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئابلىزنىڭ كەينىگە ئۆتتى، گۆشنى هىدلىغاچقىمۇ ياكى ئابلىزنى يات كۆرگەچكە شۇنداق ۋەهشىيلىك قىلىۋاتامدۇ، ئابلىزنىمۇ، ۋېلسىپىتىنىمۇ، گۆشنىمۇ پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئابلىزنىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىدى، قولىدا ۋېلسىپىت بولمىغان بولسا ئۆي تەرەپكە قېچىشقىمۇ بولاتتى. بىراق ئۇنداقتا گۆش خەۋپكە ئۇچرايتتى، ئىت ئۇنى تاللىقلار ئارىسىغا سۆرەپ قېچىشى تۇرغانلا گەپ. ئابلىز هەش-پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ۋېلسىپىتنى تاشلاشقا قىيىمىدى، ئۇنى دالدا قىلىپ قوغدانماقچى بولدى، لېكىن ئىتمۇ بوش كەلمىدى، تۈكلۈك تۇمشۇقىنى سوزۇپ دەهشەتلىك هاۋشىدى، ئابلىزنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماستىن ۋېلسىپىت چازىسىنىڭ ئارىسىغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك چاپسانلىقتا شۇڭغۇپ چىقتى. شۇ چاغدا ئابلىزنىڭ ساغرىسى چىملداپ ئېچىشىپ كەتتى، ئۇ «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى، جان ئاچچىقىدا ۋېلسىپىتنى جالاقلىتىپ يەرگە ئۇردى. چۆرۈپ پىرقىرىتىپ ئىتقا پوپۇزا قىلدى. ئىت نېمىشقىدۇر ئىككىنچى قېتىم هۇجۇم قىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى ئابلىزدىن يۆتكىلىپ ۋېلسىپىتنىڭ قىستۇرمىسىغا تىكىلگەنىدى، داستىخانغا يۆگەكلىك گۆشنى قانداق ئېلىپ قېچىشنى پەملەۋاتقان بولسا كېرەك، ئابلىز ۋارقىراپ-جارقىراپ ئالا چۇقان كۆتۈرۈپ هويلىنى بېشىغا كىيدى. شۇ چاغدىلا ئۆي تەرەپتىن ئايال كىشىنىڭ «بويناق چاغ!»،

«يوقال جۇۋاينىمەك!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. 14 - 15 ياشلاردىكى بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىتنىڭ بوينىدا ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىردىن تۇتۇپ باغ تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۆزرەخاھلىق ئېيتقاچ يېقىنلاپ كەلدى.

— بۇ قورغۇر باغلاقتا ئىدى، جىن چېقىلدىمۇ نېمە بولدى، زەنجىر قوزۇقتىن چىقىپ كېتىپتۇ، بىر يەرلىرىنى چىشلىۋالمىغاندۇ؟ ئىت دېگەننىڭ يۈزىدە تۆكى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— يوغسۇ، ھېچگەپ يوق،— دېدى ئابلىز گەپنى كىرىشكەن چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ دېگۈدەك، بىر قولى نېمىشقىدۇر ساقالسىز يۈزىدىكى شالاڭ تۈكلەرنى سىيلاپ قويىدى،— غېنى ئاكا ئۆيىدىمىكىن؟

— ئۆيىگە كىرسىلە، بار، بار، دادىسى، هوي دادىسى، مېھمان!...

— مانا مەن!...— ئۆي تەرەپتىن ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، ئابلىز كاتتىلار ئالدىدا تارتىنچاقلىق قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەدەب بىلەن قورۇنغان قىياپەتكە كىردى. ئېزىقاپ ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالدى، ئۇ ساھىبخانىنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىلىدىغان تەكلىپىنى كۈتمەكتە ئىدى. بىرىنچى ئۇچرىشىشتا قالغان تەسىر ھەمىشە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ھېلىقى ئادەم يېقىنلاپ كېلىۋىدى ئابلىز تېگىرقىدى، بۇ ئادەم كىدىيىپراق مېڭىشىغا قارىماي دېھقان سىياقىراق ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— دېدى ھېلىقى ئادەم مەشنىڭ كانىيىدىن چىققاندەك غالدۇڭ - غۇلدۇڭ يوغان ئاۋازىدا،— بۇيان كەپلا!

— ئابدۇغېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى شۇمىكىن؟— سورىدى ئابلىز ھۆرمەت يۈزىسىدىن غېنى دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ئابدۇ» سۆزىنى قوشۇپ.

— ھە، غېنى ئەپەندىنىڭمۇ، ياق، ياق، بۇ يەردىكىلەر مېنى ئېلى ئەپەندى دېيىشىدۇ، غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى دوقمۇشتىن ئەگىپ ماڭسا مەشەدىن سانىغاندا 5 - هويلا...

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئابدۇغېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيى - ھە؟

— شۇنداق، كەلگىلى 3 - 4 كۈن بولدى... سىلىنى نەدىن سورىساق بولار؟

— شەھەرلىك تېخنىكومدا ئىشلەيمەن.

ئۆي ئىگىسى گەپ قىلغاچ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، ئابلىز بۇنى ئۆزىنى ھەيدىگەنلىك دەپ چۈشەندى.

— ئىتىڭىز بەكمۇ غالجىر ئىكەن، ساغرامنى چىشلىۋالدى.

— بويناق ئەسلى ئادەم چىشلىمەيتتى، ئەستەغپۇرۇللا، بەك چىشلىدىمۇ!؟

— قان چىقىرىۋەتتى!— ئابلىز ئاقساپراق ماڭدى.

— پۇتىڭىزغۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، چاتاق يېرى، ئادەم گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان ئىت غالجىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، دېگەن بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم.

ئابلىزنىڭ زەردىسى قاينىدى، مۇنۇ سەپرا كاززىپى بىلەن «ئادەم مۇھىممۇ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىتتىمۇ؟» دەپ مۇنازىرىلەشكۈسى كەلدى، بىراق ئىشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ياۋاش تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىت ئىگىسى ئابلىزغا ھەمراھ بولۇپ يول باشلاپ ماڭدى، بۇنى كۆرۈپ ئابلىز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەپقاچتى كەپتۇ بەلكى. بويناقمىغۇ چەبدەس ئىكەن، يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزۈمۇ بايقىماي قاپتىمەن.

— مانا، غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپمۇ قالدۇق، ئاشۇ تۆمۈر دەرۋازا شۇ. ھويلىسىدا ئىت يوق، كىرىۋېرىسىلە.

ئابلىز ئارىسالدى بولۇپ بىر ئاز تۇردى، ئاندىن دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاقىلداتتى، ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چىقىپ:

— كىمنى ئىزلەيسىزلەر؟ — دېدى.

— غېنى ئەپەندى بارمۇ؟ مەن ھېلىقەمسايىسى ئىلىكالى، — دېدى ئىت ئىگىسى تونۇشلۇق بېرىپ.

بالا ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى، ئۇلار ئىككى ئايلانما ئىشىكتىن ئۆتۈپ كەڭرەك ھويلىغا چىقىشتى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپى باغقا تۇتىشىپ كەتكەن ئۈزۈم باراڭلىقى ئىدى. باراڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گۈللۈكتە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ياسمىمەن، رەيھان، خىنە، چىننە گۈللەر ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىپ، قوروغا كىرگەن كىشىدە ئارامبەخش تۇيغۇ ئويغىتاتتى. باغنىڭ زۇمرەت يېشىللىقىنى يېرىپ توسۇپ تۇرغان پاكار تامنىڭ كىچىك ئىشىكى تۈۋىدە ئاسماندىن چۈشۈپ كەلگەندەكلا بىر ۋىجىك بوۋاينىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى، بوۋاي قانداق چاققان پەيدا بولىغان بولسا شۇنداق چاققان مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— كېلىشسىلە باللىرىم، كېلىشسىلە، ھە، بۇ ئېلى سودىگەرغۇ؟

— سالامۇ ئەلەيكۇم ئاقساقال، تىنچ تۇرلىمۇ، تەنلىرى ئازىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، باللىرىم.

— بۇيىاق بازاردىن غېنى ئەپەندىنى يوقلاپ پەتمگە كەپتىكەن، باشلاپ كىرىۋىدىم.

— ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان كەپسەن بالام، قېنى، يۇرۇڭلار ئۆيگە باللىرىم.

بوۋاي ئۇلارنى باراڭ ئاستى بىلەن باشلاپ ئۆتۈپ، چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، سۇپا قېشىغا بارغاندا ئابلىز ۋېلىسىپىتنى قولۇپلىدى ۋە قىستۇرمىسىدىكى گۆشنى ئاۋايلاپ قىسقۇچتىن ئاستا چىقاردى، شۇ چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىشىكىنىڭ كېشىكىنى يېرىم تولتۇرۇپ دېگۈدەك تۇرغان سېمىز بىر ئادەمنى كۆردى. ئابلىزغا ئۇنىڭ تۇرقىدىن سوغۇقچىلىق يېغىپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ئۇيۇشتى، يۈرىكى توختاپ، مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

شۇنداقتىمۇ ئابلىز شەپقەتچىسىنى تېپىۋالغاندەك ئۆزىنى يېنىۋالالماي قالدى. تىلى گەپكە كەلمەي قويدى، ھاياجانىنىڭ ياكى باياتىنقى قورقۇنچىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇنىڭ ياغاچتەك ئەپسىز بولۇپ قاتقان قوللىرى ئىختىيارسىز يوسۇندا تۈگۈنىدىكى گۆشنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا سوزدى. ئاغزىنىڭ ئىچى ئاغرىپ ياردەم بەرگۈسى كەلدىمۇ — قانداق، دەل مانا شۇ ھالقىلىق پەيتتە توك كېلىپ قالدى-دە، ئۆي ۋە قو-

روزىدىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا «ۋاللىدا» يېنىپ كەتتى.

— بوشلۇقتا ئېسىلىپ، تەڭلىنىپ تۇرغان گۆشنىڭ ياكى يورۇپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئابلىز سېمىز ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، يۈز ۋە كۆزلىرىدە نۇر پەيدا بولغانلىقىنى بايقىدى. سېمىز ئادەم مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، لېكىن نېمىشقىدۇر گۆشنى قولىغا ئالمىدى. ئابلىز گۆش كۆتۈرگەن قوللىرىنى پەسلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، تەخسە كۆتۈرگەندەك ئاۋايلاپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى، بىراق ئۆيگە كىرگەن زامات ئۇرۇق بىر قول ياندىن سوزۇلۇپ كېلىپ گۆشنى ئالدى.

— قۇرۇق كېلىۋەرسىلىمۇ بولاتتى. بىكار جۇۋاپلا...

ئابلىز سەپسېلىپ قارىغۇچە گەپ قىلغان ئايال يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ھېلىقى سېمىز ساھىبخان «كۆرپە ئەپچىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى، لېكىن كۆرپە چىققۇچە ئابلىز سۇپىنىڭ پەگا تەرەپ گىرۋىكىگە ساق ساغرىسىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىتىپ بولغانىدى. بوۋاينىڭ «يۇقىرى ئۆتسىلە!» دېگەن زورلاشلىرىغىمۇ ئۇ «پەگادا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قاپتىمەن» دەپ ئۇنىمىدى. كاتتىلارنىڭكىگە ياكى مۇناسىپ ۋەتىلىك ئادەملەرنىڭكىگە بارغاندا پەگا تاللاشقا ئادەتلەنگەنلىكى دەرۋەقە راست ئىدى، ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە قول كۆتۈرۈپ پاتىھە بېرىشتى، ئاندىن ھال - ئەھۋال سورىشىش باشلاندى.

ھال - ئەھۋال سورىشىش ئۇزۇندىن ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئابلىزنىڭ كۆڭلى تېزرەك بۇنىڭدىن مۇھىمراق نەرسىلەرگە ئۆتۈشكە ئالدىرايتتى. ئىت ئىگىسى ئابلىزنىڭ كىملىكىنى ئۆزى بىلگىنىدەك ئاددىيلا قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئابلىز ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تەتقىقات ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىنى، كىچىككىنىدىلا غېنى ئەپەندىگە ناھايىتى ئىخلاسمەن شاگىرتلاردىن بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ، بەزىدە روھان پىكىرلىشىدىغانلىقلىرىنى قىزغىن ئىسپاتلىدى، غېنى ئەپەندى تونۇيدىغان يۇقىرى قاتلامدىكى بىرنەچچە داڭلىق ئەپەندىنى ئۆزىنىڭمۇ تونۇيدىغانلىقىنى، ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى پۇرۇتۇپ ئۆتۈشنى ئۇنۇتمىدى.

ھېلىقى ئۇرۇق ئايال داستىخان راسلاپ كىرىپ چاي تارتتى. غېنى ئەپەندى بولسا گەپ - سۆز قىلماي تاماكىسىنى تارتقىنىچە ئولتۇرۇۋەردى. ئابلىز ئۇنىڭ چىرايىنىڭ باياتىنقى ئىشىك تۈۋىدىكى چېغىدىكىدەك تۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى بايقىدى، «بېخىل نەرسە بولسا كېرەك» دېگەن خىيال ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. بۇ خىيالنى ئۇنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۈگۈلدى، قوللىرى تىترىگەندەك تۇيۇلدى. ئوغرىلىقچە ئۆي چۆرىسىگە زەڭ سالدى، ئۆي ئىچىدە چاي ئۇتىلاش ۋە نان چايناشتىن ئۆزگە سادا يوق ئىدى. كاتتىلار ھەققىدە يامان خىيالدا بولۇش ھارام ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ نەزىرى ئىت ئىگىسىنىڭ يۇمىلاق قوللىرىدا توختىدى. «مۇشۇ ئاچكۆز نەرسىمۇ نېمە»

www.uyghurkitap.com

سودىگەر دېگەنگۇ ئاچكۆز، يۈزسىز كېلە-
دۇ، ئەلپازىدىن قارىغاندا بىر ھەپتىلىك
تامىقىنى مەشەدە يەۋالماقچى ئوخشايدۇ
بۇ نومۇسسىز!» دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردى.
ئۆزىمۇ چوڭراق بىر كاللەك ناۋاتنى
«شاقشىدە» ئېلىپلا چىمسىگە سېلى-
ۋالدى. خۇشامەتكە بارغان جايدا قور-
ساقنى ئۇتتۇرۇۋەتسە بولمايدۇ-دە! لې-
كىن شۇ چاغدا غېنى ئەپەندىنىڭ ئۆز
قولىغا قادىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ
قالدى. بۇ قاراش يۈرىكىنى سىغۇرۇۋال-
دىغان قاراشتەك بىلىندى، ئۇ ئەيمەندى،
ئالاقزادىلىكتە چۈشتى، ھاپىلا-شاپىلا
گەپنى باشلىدى:

— ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى مەن
چەكسىز زوق بىلەن ئوقۇيمەن دېسىلە
ئەپەندى،— دېدى ئۇ ئاغزىغا قاپسۇۋالغان
ناننى چالا چايناپلا گېلىغا تىقىۋېتىشكە
ئۇرۇنۇپ، لېكىن نان ئاسانلىقچە قوزغالمى-
دى، ئۇۋاقلىرى ئاغزىدىن چاچراپ چىق-
تى.— ماقالىلىرىدىكى پىكىرلەر شۇنچىلىك
ئۆتكۈركى، ئەقلىنى خىرەلەشتۈرىدۇ، بو-
لۇپمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە،
تاغ جىنسلىرى ئۈستىدە توختالغاندا...

— ئەقلىڭىز قاراڭغۇلىشىپ كېتەمدى-
كەن؟— سورىدى غېنى ئەپەندى تەنە
بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ھى...ھى...ھى. شۇنداقراق، ئۇنى
بىر دېمىسىلە، كەمىنە ئىنىلىرى گەپكە
ناقىسراق، دېھقاندەكىرەك سۆزلەيدۇ.
ئومۇمەن شېئىرىيەت، پەن-تېخنىكا،
ئۆسۈملۈكشۇناسلىق، جانىۋارشۇناسلىق،
ئاتوم تەتقىقاتى، يۇلتۇزلار بىلىمى، تە-
بىئەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ بارلىق
تۈرلىرىدىكى بارلىق تېمىلارنى تىتىپ تاش-
لايدىكەنلا، لوقمانى ھاكىمدەك ھې...
نېمىدى ئىسمى؟— ھە، ئېبىن سانادەك.

— تىتىۋېتىلسە كىم يامايدۇ؟—
دېدى غېنى ئەپەندى سوغۇق مەسخىرە
تەلەپپۇزىدا.

ئابلىز مەڭدەپ قالدى، ئۇ تېخى
ھەممىلا كاتتىغا دەپ يادا بولۇپ كەتكەن
«سىلىگە ھاياتىم، بارلىقىم تەقدىم، سا-
دىق بىر شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ
قويارلا» دېگەن تەييار گەپلىرىنى ئاغزى-
دىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، خىيالى-
نى تۇرلۇك-تۈمەن ئەندىشە كەزدى،
ئۇنىڭغا راستىنلا دۇنيادىكى جىمىكى نەر-
سە مۇشۇ باشلىق ئەرباب بىلەنلا باغلى-
نىشلىق بولغانلىقتىن مەۋجۇت تۇرۇۋاتقان-
دەك كۆرۈندى، يۈرىكى ئورنىدىن قوز-
غىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، شۇ تاپتا
ئۇ غېنى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى نېمىدەپ
ئېلىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدى، ھەر گې-
پىدە بوينىنى بىر ئەگدى:

— مەن، مەن... ئاخمىقانە گەپ قى-
لىپ قويغان بولسام كەچۈرگەيلا، كۆڭلۈمنى
چۈشەنگەيلا، كېچە ياخشى چۈش كۆرگەن-
تىم، شۇ چۈشنىڭ شاراپىتىدىن مانا مۇ-
بارەك دىدارلىرىنى كۆردۈم. دېمەكچىمەنكى،
سىلى ھەقىقەتەن ئەقىللىق، تالانتلىق،
تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئادەم، پەقىر كەمىنىلى-
رى. پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا يۈكسەك
ھېسابلايدۇ، بەكىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ.
ئۆزلىرىگە چوقۇنىمەن، بۇ ھەقتە ئىلگىرى
سىلىگە خەتمۇ يازغان.

— نېمە خەت؟ سىزدىن خەت ئالغى-
نىم ئېسىمدە يوق.

ئابلىزنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر توق-
ماق تەگكەندەك بولدى؛ ئادەتتىكى ئېغىر

بىسىق، غەم يېمەس مىجەزىنىڭ نەلەرگە كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۆزىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىختىيارسىز تىترىلەدى:

— مەن، مەن، بۇلتۇر 15 شەھەر بويىچە ئېچىلغان ئىختىيارىي مۇخبىرلار يىغىنىدا سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرگەن.

— ئېسىمدە يوق.

ئابلىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە قان يۈرىكىگە كېلىپ تىقىلدى، كېيىن يۈزىگە چىقتى، ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ دېدى:

— مەن، مەن بىر ئوغلۇمنىڭ بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم، سىلىنىڭ ئىدارىسىنىڭ باسما زاۋۇتىغا... ئويلاپ باقسىلا ئەسلىرىگە كېلىپ قالار، سىلىنىڭ ژۇرنالغا شېئىر ئەۋەتىشىم مۇمكىنلىكىنى ھەم...

— مەن پەقەت ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، بىز كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرمەيمىز، كەلگەن ئەسەرلەرنى مۇھەررىرلەر بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئىشچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگىمۇ مېنىڭ قول تىقمىقىم قىيىن.

غېنى ئەپەندى ئورنىدىن قوزغىلىپ پەگاغا چۈشتى، بۇ «قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشتى، كەشىڭىزنى كۆتۈر» دېگەنلىكىنى بىلدۈرسە كېرەك، سودىگەر بوۋايغا «دۇئا قىلىپ بەرسىلە!» دېدى، دۇئادىن كېيىن ھەممەيلەن قوپۇشتى. ئابلىزغا بۇ ئىش قىزدىمىسى ئاشقاندا كۆرۈۋاتقان چۈشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇ بۇ قۇرغۇر ئەپەندىنى قاچان، قانداق قىلىپ رەنجىتتىكىن، بولمىسا نېمانداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھېلىقى مۇخبىرلار يىغىنىدا ئۇنىڭ بىر كۈشەندىسىنى ئابلىز يۈز تۇرا ماختاپ ئۇچۇرۇۋاتقاندا غېنى كېلىپ قېلىۋىدى، سوغۇق ھىجايغاندەك قىلىۋىدى، بەلكى بۇ پالاكەتنىڭ بېشى شۇ يەردىدۇر، ئەقلى بولسا توغرا مۇئامىلە قىلسا بولاتتى، ئۇمۇ دىپلوماتىيە ئېھتىياجى-دە! سوۋغاتنىمۇ ئاز كۆردى بەلكىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئابلىز ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى.

ئابلىز ئولتۇرغان يېرىدە تېخىچە لاپچىيىپ يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىردىنلا سەزدى، باشقىلار سۇپىدىن چۈشۈپ بولغاندىلا ئۇ تىرمىشىپ ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇردى، بۇنداق ناباپ سورۇنلارنىمغۇ ئۇ كۆپ كۆرگەن، بىراق بۇ قېتىمقىسى نېمىشقىدۇر ھار كەلمەكتە ئىدى. يېشى چوڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقتىنمۇ ياكى شۇنچە گۆشنىڭ قولدىن بىكارلا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يۈرەك بېغىرىنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرۇپ تارتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ساھىبخانىنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى توڭلۇق ئىت ئىگىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىمۇ دەررۇ ئىنكاس قوزغىدى، ھويلىغا چىققان چاغدا ئۇ سودىگەرلىك سېزىمچانلىقى ۋە قۇۋلۇقىنى ئىشقا سالدى، ساھىبخانىغا ئۆزىنىڭ ئەتىۋالىق ئىتىنىڭ ئادەم گۆشىنى تېتىپ قالغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى، بۇنداق تېتىشتىن بىچارە ئىت غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالارمۇ، دېگەن قايغۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

غېنى ئەپەندى مېھمانلارنى يۆلەككىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئايرىلىش ۋاقتىدا

www.uyghurkitap.com

ئابلىزدىن بالىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە «مەن مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا تاپشۇرۇپ قويای» دەپ قېلىپ قالدى، ئابلىز بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئابلىز گويا ئۆزىنى ئۆي ئىگىسى ئەخلەتكە ئوخشاش كوچىغا ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇشتۇمتۇت كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، تېنى جۇغۇلدىغاندەك بولدى، ئۇلار دەرۋازىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى. ئېلى سودىگەر ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە گېلىنى قىردى، قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ سالپايغان ئابلىزغا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلىنىڭ مال دوختۇردىن تونۇشلىرى يوقمۇ؟ ئىتىنىڭ چىشىنى كۆرۈپ باققۇزاي دېگەن...

بۇ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش ئىدى، ئابلىزنىڭ ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالدى. دوختۇر ئىزدەش ئۇنىڭ خۇشامەتكە گۆش ئېپكەلگەندە ئىت چىشلىۋېلىپ رەسۋاسى چىققانلىقتەك بۇ سەتچىلىكنى يۇرت - جامائەتكە يېيىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمدى ئۇ سېسىيدىغان بولدى - دە! نېمە بولسا بولامدۇ؟ سېسىيدىغانغا ئادەم دېگەن پەمدۇرمىدى؟ داپ يۈزرەك بولۇۋالسا بولغىنى، ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا ھەر رەسۋاچىلىقلار كېلىدۇ، ئابلىز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، «ئىزدەپ باقاي» دېيىشىنى ئۇنۇتمىدى. خورلۇققا چىدىمىسا نەپسكە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ قەلب چاقىرىقى، ھاياتىنىڭ شوئارى!

سودىگەر ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەمدى ئابلىز يالغۇز قالغانىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، قەيەردىدۇر پاقىلارمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بەس-بەستە كۇرۇلدايتتى، غەلىتە بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا يەنە چىرماق سالدى. ئارامبەخش ساپ ھاۋامۇ كۆڭلىنى ئاچالمىدى، بۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۇنى يەر يۇتسا بولماسمىدى؟ ئۇ كىملەرنىدۇ ئىچىدە تىللىدى، غەم - قايغۇ خۇشامەتچىنىمۇ ئاياپ قويمايدىكەن. بەلكى ئالدى بىلەن كېلىپ شۇنىڭغا چېقىلىدىكەن، خۇشامەتكۇي ئادەمغۇ چىداشلىقراق بولىدۇ، ئەجەبلىنەرلىكى، نېمىشقا ھەممىلا ئادەم خۇشامەتچىنى تىللايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئابلىزنىڭ ئۆزىمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ خۇشامەتچىلەرنى تىللايدۇ. ئۇغۇ بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ خۇشامەتچى ئىكەنلىكىنى يېپىش؛ ئىككىنچىدىن، سورۇن كەيپىياتىغا ماسلىشىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، نېمىشقا كۆپچىلىك ئادەملەر خۇشامەتچىنى شۇنچە ئۆچ كۆرىدۇ، خۇشامەتچىنىڭ نېمە گۇناھى؟ نوچى بولسا خۇشامەت قىلغۇزۇۋاتقان ھوقۇقلۇق ئەمەلدارلار بىلەن تۇتۇشسۇن-دە، يولۋاس بىلەن ئېلىشسۇن، يولۋاسنىڭ ئىتىنى بوزەك قىلىشى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بولىدۇ، مانا ئابلىزنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى كەتتە دۇنياخورراق، مەنسەپپەرەسرەك، ئۇ بۇ يولدا ئاز - تولا تەخسكەشلىك قىلسا نېمە بوپتۇ؟ شۇنچە قىلىپ تېخى مەنسەپ بوسۇغىسىغا يېقىنمۇ يولىيالىغىنى يوق، شۇنىمۇ ئۇنىڭ گۇناھى ھېسابلاش ئادىللىق بولامدۇ؟ ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولسىلا دەرىجە پەرقى مەۋجۇت، دەرىجە پەرقى مەۋجۇت بولسىلا خۇشامەتچىنىڭ مەۋجۇت

بولۇشى تەبىئىيغۇ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئابلىز خۇشامەتچى بولسىمۇ ئاق كۆڭۈل خۇشامەتچى، ئادەتتىكى خۇشامەتچىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئومۇمەن خۇشامەتنى ياقتۇرۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئابلىز بۇ نۇقتىنى باشقىلاردىن ئوبدانراق بايقىغان، چۈشەنگەن. ياخشى گەپنى، يۇمشاق مۇئامىلىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىنسان دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟ خۇشامەت قىلىنىشقا ئېرىشەي دېسەڭ ئىشنى خۇشامەت قىلىشتىن باشلا، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن سىرى دېگەن شۇ. ئادەملەر مۇھەببەتنى ھۆرمەتلىشىدۇ، توۋا، مۇھەببەت سەزگۈ ئىكەنۇ، خۇشامەت سەزگۈ ئەمەسمىكەن؟ بەخت بىلەن خۇشامەت يانداش بولىدۇ، خۇشامەت كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە بەختنىڭ گۈلشەنىگە كىرەلەيسەن، ھالبۇكى ئۇلارنى خەتەرمۇ، قورقۇنچمۇ، خۇشاللىقمۇ ئوراپ تۇرىدۇ. سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ شەرمەندىچىلىك، ھالاكەت ھاڭلىرىغا دومىلاپ كېتىسەن، خۇشامەت دېگەن مانا شۇنداق نازۇك نەرسە. راستىنى ئېيتقاندا، يېتىدىغان پايدىنىڭ چوڭراقلىقىنى دېمىسىغۇ ئابلىزمۇ شۇ خۇشامەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى. خۇدا بەندىلىرىگە ئىنساپ بەرسۇن، ئۇلار خۇشامەتچىلەرگىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرسۇن. ئابلىزنىڭ نېمىشقا قەدىر - قىممىتى يوق بولۇشقا تېگىشلىككەن؟ ئۇ خورلۇق، ھاقارەت ئۆچۈنلا يارالغانمىدى؟ مانا، ئۆمرى يۇندىخورلۇق يولىدا پايپاسلاپ ئۆتمەكتە، بۇ يولدا ئۇ قانچىلىك قان يۇتمىدى؟ شۇ خۇشامەت قايغۇلىرى يۈرىكىنىڭ تەگىدىن! تولىسىنى يەپىكەتتىغۇ! ئابلىزنىڭ كۆڭلىدە ئاچچىق بىر ھەسرەت قىمىرلىدى، ئۆمرىدە چاقماقتەك «ۋاللىدە» چاقناپ شولا چاچىدىغان بىرەر ئىشىنىڭ، بىرەر كۈنىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى سەزدى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇ جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە نېمىنى ئەسلەپ، نېمىگە تارتىشىدۇ؟!...

ئابلىزنىڭ پىكىرلىرى شۇنداق چىگىشلەشتى، بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالايمىقانلاشتى، ھەرقاچانقىدەك بۈگۈنمۇ ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى كالتە پەم قىلىپ تۇغقىنىدىن ئاغرىندى. ئۇنىڭ مىجەزىدە زىدديەتلىك تەرەپلەر شۇنداق ئۇرغۇن، نەپ ھېرىسمەنلىكى كۆپ چاغلاردا ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ، بىراق بەزىدە ۋىجدان رول ئويناپ قويىدىغان ھاللارمۇ بار. بەزىدە خورلۇق جېنىدىن ئۆتكەندە ئابلىزمۇ ئىچ - ئىچىدىن يىغلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئۆكۈنىدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. شۇ تاپتا پۇشايمانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى، ئابلىز ئاللىقانداق ئىسسىق بىر نېمىنىڭ بوغۇزىغا قاپلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئامال قانچە؛ بۇ دۇنيا مانا شۇنداق ئۆزىنىلا كۆزلەيدىغان ئادەملەرنى قوينىغا سىغدۇرماي پات - پات سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ تۇرىدىغانمۇ ئوخشايدۇ...!

تەھرىرلىگۈچى: سارەم ئىبراھىم.

ئادىلجان تۇنىياز

# بىر گۈزەل ناخشىغا تولدى ئانا يەر

## ناخشىلىرىڭ تىترىتەر مېنى

مەيىن شامال كەبى لەرزان كۈي،
كىرەر ئۇچۇپ كۆڭۈل خانەمگە.
چېھرىڭ پارلار قەلبىمدە كۈندەك،
يارقىن نۇرلار چېچىپ ئالەمگە.

سۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرى
ئاۋازىڭدىن قالار لال بولۇپ.
ئويناقلىنىپ ئۈزۈلمەس ناخشاڭ،
ئاقار يېڭى كۈيلەرگە تولۇپ.

ئاق كۆمۈش ئاي يورۇتقان سۈتتەك
چىغىريولدا ماڭغاندا تەنھا
ۋە ئولتۇرسام يېگانە، خامۇش،
ناخشاڭ ماڭا بولىدۇ ھەمراھ.

دېرىزەمنى چېكەر تۈنلىرى،
تىۋىشىڭنىڭ تەنتەك تامچىسى.
ئارقىدىنلا كېتىدۇ جىمىپ،
ئۇرۇلغاندەك ھىجران قامچىسى.

ناخشىلىرىڭ تىترىتەر مېنى،
بىھوش قىلىپ سەھەر ۋە ئاخشام.
سەن ئوقۇيسەن بەھۇزۇر، ئەركىن،
لېكىن مېنىڭ بوغۇلار ناخشام.

## ئايدىڭ كۈيى

نۇرلارغا پۈركەنگەن يارقىن ئاق كېچە،
ئاي نۇرى تۆكۈلەر ئىپەك تور تارتىپ.
شاماللار سىلكىنگەن ئاق قۇ قانىتى،
ئۆتىدۇ ئۈستۈمگە مامۇق پەي ئارتىپ.

يېپىلىپ ياتىدۇ كۆمۈش رەڭ دالا،
سادالار دولقۇنى قوغلىشار لەرزان.
ئېرىقتا شوخ سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرى
مۇزىكا ئەۋجىنى تارقىتار ھەريان.

يىراقتا تولۇن ئاي تەبەسسۇمىدا
خىيالچان ئورماننىڭ كۆلەڭگىسى بار.
ئېھ، ئۇندا بىر ناخشا، گۈزەل بىر ئاھاڭ،
شوخ گارمون كۈيىدە چېكىلەر شوخ تار.

ئېيتقىنا، سەن كىمگە ئوقۇدۇڭ ناخشا،
ئويناق سۇ، بۈك ئورمان ۋە كۆمۈش دالا؟
ئېيتقىنا، ئاي، كىمگە بېرىسەن سادا،
نۇرلارنى سەپكەندە تالا ۋە تالا؟

كۈيلەردىن مەي ئىچىپ بولىمەن مەسخۇش،
جىلۋىدار نۇرلارغا پۈركەنگەن ئاخشام.
تەبىئەت سازەندە، يۈرىكىم رەققاس،
تاڭغىچە ئۈزۈلمەي ياڭرايدۇ ناخشام.

## بۇركۇت

تىك قىيا ئۇستىدە تۇرار ئۇ مەغرۇر،
ئالماقچى بولغاندەك ئاسماننى تىرەپ.
ئوينىتىپ شەمشەردەك قاناتلىرىنى،
چوققىلار كۆكسىنى ئۆتىدۇ بىلەپ.

پەر قاقار قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا،
چۆمگەندە شەپەققە پايانسىز ۋادا.
شەپىسى بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ،
جىلغىلار ئىچىدە ياڭرىتار سادا.

تاۋلىنار شىددەتلىك بورانلاردا ئۇ،
شىۋىرغان - جۇدۇندا جەسۇر قەد كېرىپ.
تۈنلەردە مۇزلىغان قورام تاشلارنى
ئىللىتار باغرىدىن هارارەت بېرىپ.

كاماندىن ئۈزۈلگەن شىددەتلىك ئوقتەك،
ئۇچماقتا ئۇ ئەنە شوخ قانات قېقىپ،
يىگىتلىك هېسسىمنى يامرىتىپ سەلدەك،
ئۆتمەكتە جاسارەت چاقمىقى چېقىپ.

كەل، قەيسەر بۇركۇتۇم، ئۇچايلى بىرگە،
زۇمرەتتەك ئاسمانغا يېيىپ تەڭ قانات.
گەر يەردە بولسامۇ، بولسامۇ زىنهار،
غۇرۇرۇم ئەرشتىن تاپىدۇ سۇبات.

## ناخشىچى

مەن گويا دېڭىزغا بولىمەن غەرق،
بۇلۇتتەك دولقۇنلۇق تەلپۈنۈشلەردە.
ئۇندا كۆي دېڭىزى مەۋج ئۇرىدۇ شوخ،
ئاق قۇنىڭ پېيىدەك يەلپۈنۈشلەردە.

ناخشىچى گوياكى دېڭىز ئىلاهى،
ئۆرلەيدۇ ئاق بۇژغۇن كۆتۈرۈپ هەريان.
چاقنايدۇ هۆسنىدىن گوياكى ئاتەش،
شۇ ئاتەش كۆيدۈرەر يۈرەكنى هامان.

قانلىرىم ماگىمدەك تومۇرلىرىمدا
كۆي بولۇپ، ئوت بولۇپ پورۇقلاپ ئاقار.
گىرىمسەن پەردىلەر ئىچرە بىر قۇياش،
كۆرۈنۈپ - كۆرۈنمەي يالقۇنلاپ باقار.

ئېيت گۈزەل ناخشىچى، ناخشاڭنى يەنە،
ئاه، ئۇنى قانغۇچە ئاڭلاي مەن بىر پەس.
كەت لېكىن شۇزامان يىراق، بەك يىراق،
مەن سېنىڭ ناخشاڭدىن بولغىنىمدا
مەس.

## كېپىنەك

سارغۇچ ئاق نۇرىنى ئاداققى قۇياش،
چىمەنلەر ئۈستىگە ئۆتمەكتە چېچىپ.
سۇس قىزىل يالقۇنلار كۆيگەن گۈگۈمدا
ماڭدىڭ، ئەي كېپىنەك، قاياققا قېچىپ؟

قونۇپ گاه ياپېيشىل يوپۇرماقلارغا،
گاه گۈللەر قوينىدا تەۋرەيسەن لەرزان.
كىشىلىك دۇنيانى ئۇنتۇلۇپ شۇدەم،
مەن سېنىڭ ئارقىڭدا بولىمەن سەرسان.

بىغۇبار تەبىئەت ئوينىتار سېنى،
شوخ گۈزەل پەرلىرىڭ، ئاه، ماڭا ئۈلگە.
كېپىنەك، كەل مېنى سۆيۈپ قوي ئاستا،
ئايلىناي سەن ئۇچۇن ئېچىلغان گۈلگە.

مەس قىلغىن شۇ يۇمران لەۋلىرىڭ بىلەن،
بۇلغانغان تۇيغۇمنى ئال تامام شوراپ،
ياتاي مەن قۇچاقلاپ پاك تەبىئەتنى،
ياتاي مەن قەلبىمنى چىمەنگە ئوراپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ياغماقتا يامغۇر

شارقىراپ چۈشمەكتە — ياغماقتا يامغۇر،
بىر گۈزەل ناخشىغا تولدى ئانا يەر.
ئاق تىرەك قەددىنى كۆمۈپتۇ ئاق نۇر،
كۈمۈشرەڭ ياپراقلار سىلكىمەكتە پەر.

گۈللەرنىڭ قەلبىدە يېقىملىق ناخشا،
چىمەنلەر لېۋىدىن تۆكۈلدۇ كۈي.
ساھىلى دەريانىڭ شىۋىرلار ئاستا:
«ئامرىقىم، كەل بۇيان، سۆيسەڭ مېنى سۆي».

يۇيۇنار ئېچىلىپ، يېيىلىپ، لالە،
بەختىيار چېھرىنى قۇچىدۇ شادلىق.
بۇلبۇللار تاڭ سەھەر قىلغاندەك نالە،
ئەتراپقا خۇش سادا تارار بىر تاتلىق.

تەبىئەت نازلىنىپ كۆرسەتتى جامال،
چاچرىدى قەترىلەر، چاچرىدى ئاق نۇر.
ئەركىلەپ ئۆتكەندەك راھەتلىك شامال،
شىلدىرلاپ زېمىنگە تۆكۈلەر يامغۇر.

## سېنىڭ ۋەسلىڭ

يۈزۈڭ گۈلدۇر، لېۋىڭ غۇنچە، ئەگىپ ھەر چاغ كېتەلمەيمەن،
دىدار ۋەسلىڭ گويا گۈلخان، كۆڭۈلدىن يوق ئېتەلمەيمەن.

كۆزۈڭ ئوكيانمىكىن چەكسىز، ياسار دولقۇن نەزەر سالسام،
ئەجەب چوڭقۇر ئۇنىڭ تەكتى غۇلاچ تاشلاپ يېتەلمەيمەن.

جېنىم چىقماي پۈتۈن جىسمىم كۆيەر گوياكى ئوت ئىچرە،
پەرىزاتقا كۆيۈپ قالغان نېمانداق بىر بىتەلەيمەن.

خۇمار ھۆسنۈڭگە ئاي - يۇلتۇز، باقار تىنماي سەھەر - ئاخشام،
نېچۈن بىر مەن بولۇپ سەرسان، دېڭىزەڭنى چېكەلمەيمەن؟

تولۇپ ھۆسنۈڭ تۆكەر شەربەت يېرىپ پىشقان ئانار ئوخشاش،
بىراق قەددىڭ ئەجەب يۈكسەك، قولۇم يەتمەس، ئېگەلمەيمەن.

قۇياشسەنكى، بېشىمدا تىنىك چېچىپ نۇرلار، كۆيۈپ تۇرغان،
سېنىڭ ئوتلۇق جامالىڭغا كۆزۈمنى ھېچ تىكەلمەيمەن.

ئەجەب قىلدىڭ - ئەجەپ قىلدىڭ، مېنىڭ قەلبىمنى رام قىلدىڭ،
سېنى كۆرمەي، سېنى سۆيمەي، بىرەر كۈنمۇ ئۆتەلمەيمەن.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

# سۇبھى چېچەكلىرى

## ئاقارغان دۇنيا

تاڭ شارابى ئىچكەن كائىنات،
مەسخۇش ھالدا جىمجىت ياتىدۇ.
جىرالارنى قۇچاقلاپ سۇبھى،
گۈزەللىككە رۇجەك ئاچىدۇ.

تاتلىق چۈشتىن ئويغانغان زېمىن،
كۆك شاھىغا ئوقۇيدۇ رەھمەت.
قىيغىتىشىپ ئەركە بۇلاقلار،
چۇقانلارغا بېرىدۇ مەدەت.

لېچىكىنى قايرىپ زەر قوياش،
كائىناتقا باقىدۇ قىيا.
ئۇنىڭ ئۇماق زىناقلىرىدىن،
تۆكۈلىدۇ ئالتۇن رەڭ زىيا.

### چېچەكلەر جامىدا سۆيگۈ چايقىلار

سۆبھىنىڭ كۆكسىنى سۆيگەندە قوياش،
قارامتۇل دالىلار كەتتى ئاقىرىپ.
چوغلۇقنىڭ بەرگىنى تەۋرىتىپ شامال،
شىپالىق ھىدىنى كەلدى چاقىرىپ.

شامالغا تويدۇرماي كۆمۈش چېچەكلەر،
ياپراقلار ئاستىغا ئالدى مۆكۈنۈپ.
قىزىل گۈل ئىشقىدا كۈيلىگەن بۇلبۇل،
پەر قېقىپ يىراققا كەتتى ئۈركۈنۈپ.

گوياكى ئاق دېڭىز — ئاق چېچەكلىك باغ،
شاخلاردىن، شاخلارغا ئۇچىدۇ چېچەك.
باغ چېچەك، تاغ چېچەك، كۆكۈلمەرچېچەك،
چېچەكلەر شېئىرىمغا تاقايدۇ بىزەك.

### تاڭ شامىلى

ئېھ، شامالار، مەيىن شامالار،
تاڭ ئەۋەتكەن پەرىمۇ سىلەر.
سۆيۈشۈڭلار ئەجەبمۇ تاتلىق،
جىسمىڭلاردىن گۈل ھىدى كېلەر.

ئېھ، شامالار، مەيىن شامالار،
ھەر يۈرەكنىڭ تەشناسى سىلەر.
سۆيگۈ، ئىلھام، قۇت بېغىشلىغان
شائىرلارنىڭ ئاشناسى سىلەر.

### پەردە

نازلىق نىھال بويلىرىڭغا باققاندا،
قەلبىم ھېسقا كۆمۈلىدۇ، پەردە.
چەكسىز سۆيگۈڭ ئوكيانىدا ئاققاندا،
دىلىم نۇرغا چۆمۈلىدۇ، پەردە.

قىلىقلىرىڭ ئەجەب گۈزەل، نازلىقسەن،
شەپەق خېجىل جىنەستىمدەك لېۋىڭدىن،
ۋۇجۇدۇڭدا پۈتمەس ھەرچاغ باھار، ياز،
پاكلىق ئۇخچار يۈرىكىڭدىن، قېنىڭدىن.

تاڭ چولپىنى جىلۋىلىنەر كۆزۈڭدىن،
باقساڭ ماڭا كىرپىك قېقىپ، شوخ كۈلۈپ.
قەلبىم يايرار شېرىن، شېكەر سۆزۈڭدىن،
ئەللەيلەنسەم نىگاھىڭغا بۆلۈنۈپ.

ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ ئاخشام، پەردە،
ئۆكسۈپ يىغلاپ ماڭا گىرە سالغىنىڭ؟
ئاچچىق ھىجران ئايرىلىشنىڭ دەردىدە،
ياغلىق سىلكىپ شۇ سەھرادا قالغىنىڭ؟

دەردلىك دەملەر خاتىرەمدىن كۆچمەيدۇ،
خىيال بىلەن ئۇزاپ كەتتى نەچچە تۈن.
يۈرىكىمدە ھارارىتىڭ ئۆچمەيدۇ،
ياشلىقىمنى بېغىشلىدىم سەن ئۈچۈن.

تەقدىر ئاخىر ئەگدى بىزگە بويىنىنى،
سەنمۇ كەلدىڭ داۋان ئېشىپ قېشىمغا.
گۈزەل ۋىسال ئاچتى ئىللىق قويىنىنى،
كۈلكەڭ جاۋاب بولدى دەردلىك يېشىمغا.

گۇمان قىلما خىيال كۆزدە قارىسام،
بۇ مەنىدىكى چىن سۆيگۈنىڭ بەلگىسى.
ئەجەبلەنمە چاچلىرىڭنى تارىسام،
گۈزەل شۇنداق سۆيگۈمىزنىڭ كەلگۈسى.

ئۈمىدىم شۇ چىن ھاياتتىن يول ئېلىپ،
قايىنامالاردا چۆمۈلەرمىز، پەردە.
ئىجادىيەت مۇقامىنى تەڭ چېلىپ،
شان - زەپەرگە كۆمۈلەرمىز، پەردە.

مىرزاھمد كېرىمى

# بۈگۈن توغرىلىق يېڭى ناخشىلار

## گۈل ۋە تىكەن

جىغانغا ئۇلىنىپ ئۆسكەن ئەتىرگۈل،
ئېچىلدى گويا قىز لېۋىدەك گۈزەل.
مەيلىلا تىكىنى بولسا بولمامدۇ!
مەن ئۇچۇن ھەممىدىن خۇشھىدى ئەۋزەل.
سانجىلدى دەپ قولغا ئۇندىن كەچكەنگە،
قاقشىتىپ تىكىنى پاتار ھەر مەھەل...

## باھار بۇلۇتى

ئاقۇش بۇلۇت، سۇر بۇلۇت — باھار بۇلۇتى،
ئۈزەر كۆكتە يەلكەندەك ئۈستىدە چوغ بار.
نە چوغ بولسۇن، ئۇ — كۈننىڭ ياندۇرغان ئوتى،
بۇلۇت ئېرىپ پەلەكتىن يەرگە تامچىلار.

قىز يېشىغا ئوخشار بۇ يۆتكىلىپ بارغان —
توي ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئىللىق ئۆيىگە.
جامالىدا باھارنىڭ شۇڭا يوق پىغان،
ئۇ يۇيۇپ داغ چۈشۈرمەس گۈلنىڭ يۈزىگە.

بۇلۇتلاردىن زارلانغان ئادەملەر بۈگۈن،
بايقىسىدى باھارنىڭ بۇ خىسلىتىنى.
زاتىدىكى مەينەتنى يۇيۇپ تەر بىلەن،
داغ چۈشۈرمەي ساقلايتتى نام-ئىززىتىنى.

## بۈگۈن

يەر تېز چۆرگىلەپ، قۇياشقا بېقىپ،
ئاخىر تەۋەللۇت قىلدى بۈگۈننى.
قايغۇرۇپ-كۈلۈپ ھەم پىكىر قىلىپ،
تەر تۆكۈپ ئىنسان بېزەيدۇ ئۇنى.

بۈگۈنگۇ-بۈگۈن، ئەتىمۇ بۈگۈن،
ئۆگۈنمۇ بۈگۈن...بۈگۈن تۈگىمەس.
ھەتتا سەكراتتا قالغان تۇرۇپمۇ،
ئىنسان بۈگۈندىن مېھرىنى ئۈزەلمەس.

## بۈگۈننىڭ قىممىتى

ھاياتنىڭ قىممىتى — بۈگۈندە شەكسىز،
بۈگۈننىڭ قىممىتى — تىرىك ئادەمدە.
دۇنيادا نەرسە يوق ئادەمدىن ئەزىز،
بولسا ئۇ سەممىمىي دادىل، ئالەمدە.

www.uyghurkitap.com

بۈگۈن ئۇ خىسلەتلىك ئاجايىپ زوركان،
بۈگۈننىڭ تەكتىدە ياتار شەرەپ-شان.
بۈگۈننىڭ قەدرىنى بىلگەن كىشىلەر
ياشايدۇ دۇنيادا غالىب ھەر زامان.

## مەن بۈگۈنگە مېھرىمنى بەردىم

تۈنۈگۈن ئۈچۈن بەك قايغۇرۇپ كەتمەي،
بۈگۈننى ياقتۇرۇپ ئىسيان كۆتۈردىم.
دوستلىرىم، مەن ئەتەم ئۈچۈن غەم يېمەي،
بۇ قايناق مېھرىمنى بۈگۈنگە بەردىم.

چۈنكى مەن نۇرغىمۇ، سۇغىمۇ قانماي،
بۈگۈندە مېڭىپ تېز كېتىۋاتىمەن.
يىقىلسام دەس تۇرۇپ، تەرتۆكۈپ ھارماي،
ھاياتىم ئۈچۈن يول سېلىۋاتىمەن.

مەن ئادديي يولۇچى، بەخت يۇلتۇزۇم
ئۆزۈمدە، چولپاندەك ئاسماندا كۈلمەس.
مەن ئادديي يولۇچى چىقساممۇ ئەرشكە،
تۈز بەرگەن زېمىندىن رىشتىم ئۈزۈلمەس.

مۇھەببەت، نەپرىتىم، مېھرىم ۋە قەھرىم،
مۇجەسسەم بۈگۈنگە — قايغۇم، خۇشلۇقۇم.
چارچىسام راھەت بەخش ئېتىدۇ بۈگۈن،
باغرىدىن جاي بېرىپ يارىم-ئوتلۇقۇم.

## بۈگۈنگە تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتىمەن

زەپ جىمىپ كەتتىڭ، دەپ قىلمىغىن تەنە،
بۈگۈنگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالسام مەن.
دوستىمغا يوشۇرۇن ئورا قازغانغا —
ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا قىلغانغا،
تېڭىرقاپ بىر خىيال سۈرۈپ قالسامىمەن.

بۈگۈن دەر: نامەردنىڭ بارارىيېرى گۆر،
مەن دېدىم: لەنەتكە كۆمۈلەر شەكسىز.
سىرى شۇ جىم بولۇپ كەتكەنلىكىمنىڭ،
ھاياتنىڭ تەكتىگە يەتكەنلىكىمنىڭ،
ھالبۇكى مەن ئۈچۈن بۈگۈن بەك ئەزىز.

بىز يۆلەك بولايلى بىر-بىرىمىزگە،
قېنى جۆر! جان دوستۇم بۈگۈننى بويلاپ.
پۈتلىساق بىز ئەگەر بىر-بىرىمىزنى،
بويىساق قان بىلەن يۈز-كۆزىمىزنى،
ئاخىرى ھالىمىز بولمامدۇ خاراب؟

## كۈندۈزۈم

كېتىۋاتىمەن قۇياشقا قاراپ،
ئاينى كۆڭلۈك قىلىپ خىيالچان.
مۇڭلۇق چولپان قالدى كەينىمدە،
ئۇپۇق قىزى قىزىرىپ شۇئان —
باشلاپ ماڭدى باھار پەسلىگە.
پېشانەمدە چاقندى ئاپتاپ،
قەلبىم كۈندەك يورۇدى شۇ تاپ،
قانداق گۈزەل بۈگۈن كۈندۈزۈم؟
مەيلىم تارتار باھاردەك چاقناپ.

ئابابەكرى تۇيغۇن

## ئانا

«ئانا بار، باللار بار» ھە بۇ ئۇدۇم،
يەر — ئانامسەن، سەن ياراتتىڭ تۇغۇلدۇم!

1

ئارقامدا قالدى ھايات بوسۇغىسى،
ئاتلىدىم ئۇنىڭدىن بىر قىرقىراپلا.
تەڭرىنىڭ «ئادىمىلىك» بوپ سوغىسى،
ئىلكىمگە كېلىپ قوندى پىرقىراپلا.
تېخى ھېچ كۆز قارىچۇقۇم سۈزۈلمەستە
كىرپىكلەر يىرىلغىنى يامان بولدى.
كۆرگىنىم كۆپ ۋە لېكىن بىلىنمەستە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇنجى رەت بىلىنگەن يەر ــ ئانام بولدى.
تېنىمنى قۇچاقلىدى سۆيۈپ شۇ چاق،
شۇ هامان بىر جان بولدۇق، بىر تەن
بولدۇق.
ياڭرالدى كۆلكەم تاتلىق، شوخ ۋە ئوماق،
بۆلاقنىڭ ئاۋازىدەك «بۇلدۇق ـ بۇلدۇق!...»
ئۇ بەرگەن ھىدتا قەلبىم غىدىقلىنىپ،
خان بولدى، ئىگە بولدى سەزگۈلەرگە.
تېلىقتى ئوت يۈرىكىم غىدىقلىنىپ،
ئۆزىنى ئېتىپ، يۇمىلاپ سۆيگۈلەرگە.
دېمەككى، قالدى هايات بوسۇغىسى،
ئېپ ماڭدى، قوللىرىمدىن يوللار تۇتۇپ.
چېتىلدى ئارمانلارنىڭ نۇر ـ پانۇسى،
قارىچۇقۇم تۆككەن نۇرغا زەنجىر بولۇپ.

2

هەر سەهەر قۇش ئۈنىدە ئويغۇم تامام،
خوشلاشتىم ئاچچىق چۇچۇك چۈشلەر بىلەن.
يۆلىدى، تۇرغۇزدى تىك زېمىن ــ ئانام،
تۆرەلدى تۈن قوينىدا ئۆلگەن بەدەن.
سۇمۇردۇم گۆپپۆلدىتىپ ئاشۇ نۇردىن،
قورسىقىم تويۇپ تازا كېكىرگىچە.
ۋە يەنە چاڭگىلىمغا ئۇسۇپ ئۈنىدىن،
يۇدۇم پاك، يۈز ـ كۆزۈمنى كۆكسۈمگىچە.
نۇر بولدۇم، كىرسىز بولدۇم، سۈزۈك بولدۇم،
تاۋلىنىپ مۇقەددەسلىك ئوچىقىدا.
نۇر بولدۇم، ئادەم بولدۇم، تۈزۈك بولدۇم،
يېتىلىپ يەر ئانامنىڭ قۇچىقىدا.
سامادا قۇياش ماڭا كۈلۈپ باقسا،
بوينىغا خىيالىمدا سالدىم گىرە.
بەستىمگە تولۇپ تولۇق كامال تاپسام،
نۇر بولۇپ ئېرىپ ئاقتىم نۇر ئىلكىدە.
ئۈندىنمۇ بولماس ئوشۇق پەرزەنت ئۈچۈن،
هاياتنىڭ قۇچىقىدا هوزۇر ۋە قۇت.
شۈكلاشقا تەختىم پۈتۈن، بەختىم پۈتۈن،
غەم بىلەن ئالاقەممۇ ئۈزۈلگەن چورت!

3

ئاي سەپكەن ئاق شولىدا ياتسام ئۇخلاپ،
ئەرشتە يۈرگۈدەكمەن چۈشلىرىمدە.
بىر چاغلار: ئاھ! يەر ئانا كەپسەن يوقلاپ،
پارلىغاچ ئىشقىم ئەكسى كۆزلىرىڭدە.
سۆيۈشتۇق، سۆيۈپتۇق، ئاھ، گىرەلىشىپ،
تۇتاشتى يۈلتۇزغا ئوت لېۋىمىزدە.
زەپ تاتلىق قۇچاقلاشتاق بىز چىرمىشىپ،
ئاي بويۇن قىسىپ قالدى چۆرىمىزدە.
تەسۋىرگە سىغماس شادلىق، هاياجانلار،
بۇ چەكسىز كائىناتقا لىق تولۇپتۇ.
گۈل باسقان كەڭ ئېدىرلار، گىگانت تاغلار،
بېشىمغا چېچەكتىن تاج قوندۇرۇپتۇ.
ئىلكىمدە ئاشۇ بەرگەن شاھلىق قامەت،
شامالدەك كەڭ بوشلۇقنى كەزدىم مەغرۇر.
خەجلىسەم يېتىپ ئاشار بولدى ئامەت
ۋە لېكىن خەجلىمىدىم سېتىپ غۇرۇر.

4

يەر ـ ئانا چىلان تۇپراق، ئانا تۇپراق،
قانىمدىم، ئاھ! سېنىڭدىن ئېلىپ بۆسە.
قونغىنا سېنىڭ ئۈچۈن بولاي قونداق،
تىنىمسىز پەرۋازىڭدىن هاردۇق يەتسە!
دەھشەتتىن غۇلىچىمنى كېرىپ باقتىم،
ئاھ! سېنى تويغۇدەك بىر قۇچاقلاي دەپ.
قۇياشنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ باقتىم،
قۇياش بوپ سېنى مەھكەم باغاشلاي دەپ.
بولمىدى قۇياش بولۇش ماڭا نېسىپ،
(دىلىدىكى ئوت ئالدىدا ئۇ قانچىلىك؟!)
نە كېرەك ئېگىز كۆكتىن تاللاش كەسىپ،
مىڭ ئەلا زېمىندىكى ئادىمىلىك!

* *

يەر ئانا ئامىتىمنى ـ قامىتىمنى،
بۇ يورۇق دۇنيالىقچۇن بەردىڭ ساقلاپ.
ئالارسەن قۇچىقىڭغا يەنە مېنى،
خوشلاشسام هايات بىلەن ئالتە تاقلاپ!

**باۋۇدۇن نىياز**

## ئانامغا تەسەللى

ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ شىپاخانىدا داۋالىنىۋاتقان بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆز يېشى قىلىنىۋاتقان ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ قىلغان سۆزلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇ ۋەجىدىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

جېنىم ئانا: ئەجەل يېتىپ پەيمانەم تولۇپ،
ئۇلۇغ ئاللا دەرگاھىغا كېتەر ئوخشايمەن.
سېنى چەكسىز قايغۇ ئىچرە داغدا قالدۇرۇپ،
جۇدالىقنىڭ «شەربىتى» نى ئىچەر ئوخشايمەن.

تىلىكىم شۇ: ئەزىز ئانا كۆز يۇمسام ئەگەر،
ياقا يىرتىپ نالە قىلما، ئوغلۇڭنى ئەسلەپ.
ئامال قانچە تەقدىر دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ،
گاھى ئانا، گاھى بالا كېتەركەن دەسلەپ.

ئۆرتەنمىگىن، يۈرەك پارەڭ ئەللىك باھارنى
ئەل ئالدىدا ۋىجدان بىلەن ئۆتكۈزدى ياشاپ.
ھەرگىز مېنىڭ پۇشايمانىم قالار يېرىم يوق،
شادلان ئانا، غەيرەتلىك بول، قايغۇنى تاشلاپ.

ئۆتتۇم ئانا بۇ جاھاندىن يۈزۈمدۇر يورۇق،
ئۇلۇغ ئىشنى كەسىپ قىلدىم ئارمىنىممۇ يوق.
شادلىقىم شۇ «مۇئەللىم» دەپ نامىم قېپقالدى.
شاگىرتلىرىم باسار ئىزىم، شۇڭا كۆڭلۈم توق.

مىڭ ئەپسۇسكى: خىزمىتىڭدە بولالماي قالدىم،
ئۆز قولۇمدا يەرلىكىڭگە قويالماي قالدىم.
مېنىڭ ئۈچۈن چەككەن جاپا ـــ ئەجرىڭگە لايىق،
ئۆز بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلالماي قالدىم.

ئانا جانىم، قەرزىم تولا بويىنۇمدا مېنىڭ،
رازى بولغىن بەرگەن ئاپئاق ھالال سۈتۈڭگە.
لايىقىدا بەرسەم جاۋاب بولاتتى سېنىڭ
كېچىلىرى كۆز يۇمماستىن قاتقان كۆيۈڭگە.

بىلسەڭغۇ بىزدە شۇنداق تەسەللى سۆز بار:
«يىغلىماڭلار ئۆلگەنلەرگە، بولىدۇ يامان».
كەتتى، دېمە مېنى تاشلاپ، يېگانە ئوغلۇم،
تەلىم بەرگەن شاگىرتلىرىم بولىدۇ بالاڭ.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇخالىق ئابدۇخۇر

# ھايات رەڭدار گىلەمدەك چاقنار

## سەھەر

ئاقاردى موماينىڭ چېچىدەك ئاپئاق،
ئۇپۇقنىڭ لەۋلىرى نۇرلىنىپ سەھەر.
كۆتۈردى بېشىنى ئالتۇن رەڭ قۇياش،
ئوتقاشتەك تاۋلاندى گۈزەل ئانا يەر.

تىنىك، قارلىق چوققىلار بۆلۈنۈپ نۇرغا،
ئويقۇلۇق كۆزىنى ئاچتى نازلىنىپ.
كۆنگەيدە شۈمشىيىپ ياتقان چىمەنلەر
شادىمان ئۇسسۇلغا چۈشتى تەۋرىنىپ.

ياپيېشىل ئورمانلار جىلۋىلىك كۈلۈپ،
ياساندى زەر لىباس كىيگەن سەنەمدەك.
يىراقتا كۆرۈنگەن باراقلىق باغلار،
ھېس بېرەر دىللارغا رەڭدار گىلەمدەك.

تەپتەكشى سوزۇلغان يىلاندەك يوللار،
مەرمەردىن پۈتكەندەك تۈزدۇ چاقناپ.
ئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ ئاققان دەريالار،
كۆرۈنەر ئۆركەشلەپ ئاققاندەك سىماب.

كېلىدۇ باغلاردىن ئەجەب يېقىملىق،
نەغمىچى قۇشلارنىڭ خىلمۇخىل كۈيى.
شوخ سابا ئۆتىدۇ يۈزلەرنى سۆيۈپ،
ئۇرۇلار دىماغقا گۈللەرنىڭ ھىدى.

تەبىئەت ئۆزگىچە ياساندى رەڭدار،
قۇياشلىق سەھەرنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ.
ئادەملەر چېھرىدە نۇرنىڭ جۇلاسى،
شاد ھايات باشلىدى سەھەردە كۈلۈپ.

## ئارمان بىلەن ياشايمەن

ئارمان بىلەن كۆز ئاچتىم سەھەر،
ئالتۇن قۇياش سۆيدى لېۋىمگە.
ئارمان بىلەن نۇرلاندى كۆزۈم،
ھايات ئىشقى تولۇپ قەلبىمگە.

ئارمان بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدىم،
كاراب بولۇپ ئۈزدۈم دېڭىزدا.
تاغدىن يۈكسەك بولغاچ ئىرادەم،
جاۋاھىرلار سۈزدۈم دېڭىزدا.

گاھ يولۇقتۇم چوڭقۇر قايناமغا،
گاھ ئۇرۇلدۇم چوڭ خادا تاشقا.
يېقىلمىدى ئارمان مۇنارىم،
ئۆلۈم قوتراپ كەلسىمۇ باشقا.

ئارمان بىلەن ياشايمەن شۇنداق،
توسقۇنلارنىڭ باغرىنى سۆكۈپ.
بارلىقىمنى ئاتايمەن ئەلگە،
ئۆمۈر بويى ئىشلەپ تەر تۆكۈپ.

## دەريا سۈيى

ئېشىپ تىنىك قىيالاردىن دەريا سۈيى،
كېلىسەن مېھرىڭ بىلەن سۆيۈپ قىرغاق.
مەخمەلدەك يېشىل چىمەن، ياپراقلارغا،
كۈمۈش رەڭ ئۈنچىلەردىن ئېسىپ مونچاق.

كېلىسەن شاۋقۇن سېلىپ دەريا سۈيى،
چوققىدىن جىرالارغا يامراپ تېشىپ.
چۆللەرگە يېشىللىقتىن گۈل تاقايسەن،
قاتمۇقات يەر باغرىغا ئېقىپ، سىڭىپ.

كېلىسەن ئۆركەش ياساپ دەريا سۈيى،
يالتىراپ ياقۇت كەبى، فونتان ئېتىپ.
ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن پەقەت،
توختىماي مەڭگۈ ـ مەڭگۈ ئېقىپ ـ ئېتىپ،

ئاق، شۇنداق مەڭگۈ تىنماي دەريا سۈيى،
دولقۇنلۇق ئېقىشىڭغا مەن ئاشىنا.
ياشنىسۇن سېنىڭ بىلەن گۈل ۋە گىياھ،
چۆللەردە يېڭى ئورمان بولسۇن بىنا.

پەرھات تۇرسۇن

## ھىجران

ئايرىلدۇق نېچۈن قول ئېلىشماي تېخى،
نەلەرگە يوقالدىڭ ئالدىراپ تېنەپ؟
قەلبىمدە قالدۇرۇپ سۆيگۈ يارىسى،
كىملەرنى سۆيگۈڭگە يۈردۈڭ يار ئەيلەپ؟

كىملەرنىڭ قەلبىگە سېلىپ داغ يانا،
كىم ئۈچۈن كۆلكىدە قىزاردى يۈزۈڭ؟
كىم ئۈچۈن مۈڭلىنىپ ئېيتىسەن ناخشا،
كىملەرگە تەلمۈرۈپ باقىدۇ كۆزۈڭ؟

كىم ئۈچۈن يالتىرار ياشلار كۆزۈڭدە،
قايسى مۇز ئالدىدا يېلىنجاپ كۆيۈپ؟
كىملەرنىڭ ئالدىدا كۈلىسەن مەغرۇر،
رەھىمسىز يۈرىكىڭ مۇز بولۇپ قېتىپ؟

ياش تۆكسەڭ ئەگىشىپ تۆكىمەن ياشلار،
رەھىمسىز بولسىمۇ شاد مەن كۈلكەڭدىن!
نىگاھىڭ يۈرەككە ئۇرسىمۇ تىغلار،
كۆزۈمنى ئۈزمەسمەن مەڭگۈ كۆزۈڭدىن.

## يۈرەككە

تەلپۈن مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم،
قانچە دەردلىك بولسىمۇ سۆيگۈ.
كۈيلە، قېنىڭ قانغا تولسىمۇ،
شۇ قەدىرلىك سۆيگۈنى مەڭگۈ!

پۈچىلىسا مۇھەببەت ئوتى،
كۆيۈۋەرگىن، ئۆچمىسۇن يالقۇن!
مۇزدەك سوغۇق، ئۆلۈك ھالىڭدىن،
دەردلىك كۆيۈش ئەۋزەل مەن ئۈچۈن!

ئەنۋەر ساۋۇت

## كىچىككەن چۈشلەر

### ئامەت

بىر زېمىندا ياشايمىز ھازىر،
بىر ئاپتاپنى ئىسسىنىمىز دائىم.
بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچتۇق ئاخىر،
بىر مەنزىلدىن يېمەيمىز ۋايىم.

بىر تاڭ بىلەن ئويغىنىپ ھەر كۈن،
بىر قۇياشقا باقىمىز ھەمدە.
ئىككىمىزگە بار پەقەت بىر تۈن،
بىر قىزىل قان ئاقىدۇ تەندە.

ئامەت دېگەن بولىدۇ شۇنداق،
ئادەم بىلەن ئادەمدۇر ئادەم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇشاللىق ھەم قايغۇسى ئورتاق،
بولغانلاردىن ياشنايدۇ ئالەم.

### بۇنچە چىن سۆيۈشۈپ قالماسىمىز دېسەم

بۇنچە چىن سۆيۈشۈپ قالماسىمىز دېسەم،
مەڭگۈ قەسىمىز، تۇراقسىز خۇيۇڭنى بىلىپ.
ئاخىرى ھەقىقىي سۆيۈشۈپ قالدۇق،
بۇرۇنقى تۇراقسىز خۇيۇڭدىن يېنىپ.

ھە... تېخى مەڭگۈگە ئايرىلمايمىز دەپ،
قەسەملەر قىلىشتۇق سۆيگۈ توپەيلى.
چۈشىنىپ، ئىشىنىپ سۆيۈشتۇق چىندىن،
چۈشكەچكە ئەبەتكە كۆڭۈلنىڭ مەيلى.

بۇنچە چىن سۆيۈشۈپ قالماسىمىز دېسەم،
تىلىمىز، دىلىمىز بولۇپ كەتتى بىر.
دۇنيادا مەن ساڭا، سەنمۇ ھەم ماڭا،
يارايمىز باشقىسى كېرەكمەس ھېچبىر.

### ئۇننى تەنھا ئۆتكۈزمەك قىيىن

ئۇننى تەنھا ئۆتكۈزمەك قىيىن،
چاپلاشقاندا ساڭا شۇم ھىجران.
تىلەيسەن ھەم شېرىن ئۇيقۇنى،
ياخشى چۈشنى قىلىسەن ئارمان.

ئۇننى تەنھا ئۆتكۈزمەك قىيىن،
تاڭ ئېتىشنى كۈتىسەن زىنھار.
ئەتە ئۇچۇن چېكىسەن پەرياد،
سېغىنىشتا ئىزدەيسەن دىدار.

ئۇننى تەنھا ئۆتكۈزمەك قىيىن،
شۇنچە ئۇزۇن بىلىنەر كېچە.
شۇنداق كېچە ئۆتسە بېشىڭدىن،
كۈننىڭ قەدرى بىلىنەر شۇنچە.

ئەسقەر مۇھەممەتئەمىن

## غەزەللەر

**1**

بىلەمسەن سەن ئۇچۇن چەككەن جاپا راھەت بىلەن ئوخشاش،
سېنىڭ قوينۇڭدا جان بەرسەم، دوزاخ جەننەت بىلەن ئوخشاش.
ھىلال ئايدەك سېنىڭ قاشىڭ، گوياكى ئالمىدەك ھۆسنۈڭ،
قولۇڭدىن گەر زەھەر ئىچسەم، شېرىن شەربەت بىلەن ئوخشاش.
چىرايىڭدىن، ئوماق يارىم، ئىشقىنىڭ نۇرلىرى چاقنار،
سېنى سۆيمەك ماڭا چەكسىز بەخت، ئامەت بىلەن ئوخشاش.
خۇشاللىق شادلىقىڭدىن كىم ماڭا خەت يا خەۋەر بەرسە،
رەقىب بولغاندىمۇ ئەسقەر كۆرەر ئۇلپەت بىلەن ئوخشاش.

2

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ، چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ،
مەن گوياكى بىر بېلىق، ئوكيانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
راستىنى ئېيتسام، ئەگەردە قارىساڭ لىپ-لىپ قىلىپ،
كۆيىدۇ جىسمىم مېنىڭ گۈلخانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
سەن قىزىلگۈل، گۈلنى ئۈزمەك بولسا گەر ياتلار قولى،
دەر غەزەپتە چەكچىيىپ قالغانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
ئۈلگە ئەخلاق بابىدا مىڭ-مىڭلىغان كۆزلەر ئارا،
هۆر-پەرىلەر ئىچىدە سۇلتانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
لەززىتى ئەسقەرگە ئىلهام بېرىدۇ ئالسام قەلەم،
تەرىپى پۈتمەس ئەبەت داستانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.

3

دىلبىرىم گويا قىزىلگۈلدەك ئېچىلغان لەۋلىرىڭ،
تارتىدۇ مەيلىمنى بەك گۈللەرگە سۇلتان لەۋلىرىڭ.
ئېرىتەر قەلبىمنى تەڭداشسىز هارارەت هەر قېتىم،
لەۋلىرىمگە ئۇچرىشىپ قالغاندا گۈلخان لەۋلىرىڭ.
لاپ قىلىپ باقتىڭ، هارارەت قوشتى جان جىسمىمغا زەپ،
بەردى جانىمغا هۇزۇر، گويا بىئارمان لەۋلىرىڭ.
ئەسلىدە راهەت بۇلاقى بولمىسا، سۆيسەم سېنى،
قوزغىيالامدۇ دىلىمدا هېس-هاياجان لەۋلىرىڭ؟
رازى ئەسقەر، سەن گۈزەلنىڭ ئىشقىدا ئۆلسە كۆيۈپ،
هەر كۈنى گەر لەۋلىرىمنى قىلسا مېهمان لەۋلىرىڭ.

**تۇرسۇن مۇسا**

# شېئىرلار

### قىش تەزكىرىسى

بوستانلارنى ئەيلىگەن ئاۋات،
بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى قېنى؟
ئىككىمىزگە قۇت تىلەپ قالغان،
ياپراقلارنىڭ ساداسى قېنى؟

ئاه، يۈرەكلەر كېتىپتۇ يوقاپ،
ياپراقلاردا تىترەيدۇ ياشلار.
شوخلۇقىنى يوقىتىپ دەريا،
مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرار تاشلار.

كۆزلىرىڭنى نەمدىمە، جېنىم،
قاقشال بولغان ئورمانغا قاراپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇنداق،
يوقتۇر ئاڭا تېگىشلىك جاۋاب.

ئۆتمەيدىكەن باھارنىڭ قەدرى،
قىش جۇدۇنى تارتمىسا نەرە.
ھەسرىتىڭنى يۇتقىن ئىچىڭگە،
باھار بىزگە يار بولار يەنە.

## ئورمانلىقتىكى ھايات كۈيى

تىمتاسلىقتا ئەسىر بولغان ئورمانلىق،
مۈگدەپ ياتار ئەللىيىدە شامالنىڭ.
يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن لىرىك كۈي،
سىڭىپ كېتەر قوچىقىغا زاۋالنىڭ.

گۈزەللىكنى كۈيگە قاتقان ياپراقلار،
قىلار ئەسىر كۆكتىن سانسىز كۆزلەرنى.
تولۇن ئايغا خۇشتار بولۇپ يۇلتۇزلار،
سېپەر پۈتكۈل كائىناتقا مېھرىنى.

تولغىنىدۇ مەجنۇنتاللار، ئەسلىتىپ،
ئاشىقنىڭ باغرىدىكى دىلبەرنى.
شىلدىرلىغان پىنھان بۇلاق سۇلىرى،
گويا تاشقان جۇپ يۈرەكنىڭ قىيانى.

## مەن شۇنداق تۆرەلدىم جاھانغا قايتا

چاتقاللار ئىچىدە تۇغۇلدۇم يىغلاپ،
تاڭدىكى شەبنەملەر بولدى ئوغۇز سۈت.
تېنىمدىن كېلىدۇ يالپۇزنىڭ ھىدى،
سۆيۈشتى شاماللار تىلەپ ماڭا قۇت.

ئوخچىغان دولقۇنلار بولدى بۆشۈكۈم،
قىيالار يېتىلەپ ماڭغۇزدى تەمتىم.
چوققىلار ئۆگەتتى ھايات كۈيىنى،
شۇڭىمۇ پەۋەستۇر تۇپراققا سۆيگۈم.

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مەمتىلى قادىر

## «قېلىپسىز خاراكتېر» نەدە بار ئىكەن؟

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانىدا يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا شۇ ژۇرنالنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى «كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن كونا ھەم قاتمال قېلىپلارغا سېلىشنى تەلەپ قىلغان» ماقالە ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ماقالە ئاپتورى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان:

بىرىنچى، ماقالىنىڭ «خىيال ۋە سايە»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «بىسى يانغان شەمشەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي قاراشلىرىنى ئۆزى خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى.

ئىككىنچى، ماقالىنىڭ ئاساسىي ئوي - پىكرىدىكە قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھەتتا ماقالە ئاپتورى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى بولۇشىچە توقۇپ چىقىپ، ماقالىغا زورمۇ زور چاپلاپ يېپىشتۇرۇش ئۇسۇلى.

ئۈچىنچى، ئۆز نۇقتىئىنەزەرى ۋە مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان بەزى «نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر»، مەسىلەن، «ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ مۇتلەق قېلىپقا چۈشمەيدىغانلىقى» مەسىلىسى، يازغۇچىلار تىپ ۋە خاراكتېر ياراتقاندا، «رېئاللىقتىكى باي ۋە مۇرەككەپ ئادەملەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، تاللاش خاراكتېرى، روھىي مەنتىقىسى» نى ئىپادىلەشنى ئاساسىي چىقىش نۇقتا قىلىدىغانلىقى مەسىلىسى، ئەدەبىياتتا ئىجابىي قەھرىمانلار (جۈملىدىن، باش قەھرىمانلار) «كەمچىلىكسىز، مۇكەممەل، كامالەتكە يەتكەن» قىلىپ تەسۋىرلىنىپ قالسا، «تەبىئىيلىككە، چىنلىققا، ئېستېتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ» غانلىقى مەسىلىسى، تىپ ۋە خاراكتېرلارغا

تەۋەلىك، مايىللىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە مۇئامىلە قىلىنسا، يارىتىلغان «تىپ» ۋە «خاراكتېر» لارنىڭ «قېلىپلاشقان»، «فورمۇللاشقان» نەرسىلەردىن بولۇپ قالىدىغانلىقى مەسىلىسى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزىگە مەلۇم «نەزەرىيىۋى ئاساس» پەيدا قىلىش ئۇسۇلى.

ماقالە ئاپتورى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەم «تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە، ھەم ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «قېلىپسىز خاراكتېر نەزەرىيىسى» ئۈچۈن مەلۇم ئاساس تېپىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك شەخسىي قىزغىنلىق ياكى شەخسىي مۇددىئالار ئاساسىدا پەيدا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتلار ئاساسىدا ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيىتى ۋە باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت. ئۇنىڭدا مەيلى قايسى خىلدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرى ياكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە باھالاشتا بولسۇن، دەل بولۇش، ئىلمىي بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش، ھەرگىزمۇ شەخسىي ھېسسىيات ۋە شەخسىي چۈشەنچىلەرنى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان «تىپ» ۋە «خاراكتېر» مەسىلىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئۇمۇ باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرىگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيەتلەر ۋە ئىچكى مەزمۇنلارغا ئىگە. ئاساسىي قەھرىماننىڭ «شۇ دەۋردىكى بەلگىلىك ئىدىيە ۋە خاھىشىنىڭ ۋەكىلى» ئىكەنلىكى مەسىلىسى؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ چىنلىقى، ياخشىلىقى، گۈزەللىكىنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى مەسىلىسى؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان تىپ ۋە خاراكتېرلار قانچە روشەن ۋە ئومۇملۇققا ئىگە بولسا، تۇرمۇشنى شۇنچە جانلىق ۋە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقى مەسىلىسى؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ ئادەتتىكى بەدىئىي ئوبرازلار ۋە خاراكتېرلارغا قارىغاندىمۇ يۈكسەك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدىغانلىقى مەسىلىسى؛ يازغۇچىلارنىڭ ئۆز تونۇشى، مەيدانى، خاھىشى ۋە مۇددىئا-مەقسەتلىرى بويىچە تىپ ۋە خاراكتېرلار ئۈستىدە تەسۋىرلەش ئېلىپ بارىدىغانلىقى مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تىپ ۋە خاراكتېر دېگەن ئۇقۇملار ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئىچكى قانۇنىيەت ۋە ئىچكى مەزمۇنلارغا ياتىدىغان مەسىلىلەردۇر. ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي تىپى ۋە خاراكتېرلىرى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بارغاندا، بۇ خىل ئىچكى قانۇنىيەت ۋە ئىچكى مەزمۇنلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىلىشى لازىم. بۇ خىل ئىچكى قانۇنىيەت ۋە ئىچكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەق-

قىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ مەلۇم تۇراقلىق ۋە مۇقىملىققا ئىگە. ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە ياكى «كونا، قاتمال قېلىپ» لارغا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى قالايمىقان چۈشەندۈرۈپ ۋە ئىزاھلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر دېگەن ئۇقۇملارنى قانداق بولسا بولۇۋېرىدىغان، تۇراقلىقى يوق، قېلىپسىز نەرسە قىلىپ قويۇشقا ياكى ئۇنى يازغۇچىلارنىڭ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ «قېلىپسىزلىقى» بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

خاراكتېرنىڭ قېلىپسىزلىقى بىلەن خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ قېلىپسىزلىقى مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. خاراكتېرنىڭ قېلىپسىزلىقى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ قانداق «خاراكتېر» ۋە قانداق «ئالاھىدىلىكلەر» گە ئىگە بولسا بولۇۋېرىدىغانلىقى مەنىسىنى بەرسە، خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ قېلىپسىزلىقى يازغۇچىلارنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەش جەھەتتىكى ئۇسۇل ھەم شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق فورمىسىنىڭ يوقلۇقى مەنىسىنى بېرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ قېلىپسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرنىڭ قېلىپسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان خاراكتېرلارنىڭ ھەرقاندىقى يازغۇچىلارنىڭ رېئال تۇرمۇش ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئادەملەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى، يازغۇچىلارنىڭ مەقسەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە ئەمەلىي ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە تېخىمۇ تىپىك بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ ھەرقاندىقى يازغۇچىلارنىڭ غايىسى، مايىللىقى ۋە تەۋەلىكىنىڭ باشقۇرۇشى ھەم ئىدارە قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇقەررەر ھالدا مەلۇم تەۋەلىك ۋە مايىللىققا ئىگە بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىغا تەئەللۇق بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى. ئومۇ باشقا ئۈستقۇرۇلما ئامىللىرىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە بويسۇنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا يارىتىلغان تىپ ۋە خاراكتېرلارمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى ۋە مەنپەئەت تەلىپىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق چۆرىدەش نۇقتىسى قىلىدۇ. كۈچلۈك دەۋرىي تۈسكە، سىنىپىيلىك ياكى مىللىيلىككە ئىگە بولۇش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئەدەبىياتتا يارىتىلغان ھەرقانداق تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە رېئاللىقتىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئادەملەرنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر كېلىش مەنبەسى قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا رېئاللىقتىكى تارقاق تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە تەبىئىي ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس، بەلكى يازغۇچىلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىجاد قىلىپ چىقىلغان ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار چىنـ

لىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىرلىككە يەتكەن، مەلۇم شەكىل ۋە ئىدىيەۋى سىنتې-چانلىقتا ئىگە مۇكەممەل بەدىئىي تىپ ۋە مۇكەممەل بەدىئىي خاراكتېرلار سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەم ئۆزىگە خاس ئايرىمىلىقتا، كونكرېتلىقتا (ئىندى-ۋىدۇئاللىقتا)، ھەم مەلۇم ئىدىيەۋى مەنە ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە (ئورتاقلىقتا) ئىگە بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئايرىمىلىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق مە-لۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ؛ بەشىنچىدىن، ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر-لار يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاسىتىلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي تىپى ۋە خاراكتېرىنى مەيدانغا چىقىرىشتا ئاساسلىقى، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالى ھەم تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ مۇناسى-ۋەتلەرگە تايىنىدۇ. ئۆز قەھرىمانلىرىنى باش-ئاخىرى ئېنىق بولغان جانلىق ھەرى-كەت-پائالىيەتلەر ياكى زىددىيەت، كۈرەشلەر ئىچىگە قويۇپ . . ۋىرلەپ، بەلگىلىك تونۇتۇش قىممىتى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە مۇكەممەل، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلاردىن قىلىپ چىقىدۇ.

بۇلار رېئاللىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەلەپلىرى ۋە پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدى-چىلىكىدە رېئاللىزملىق ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە بۇ خىل تەلەپ ۋە پرىنسىپلار-غىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. رېئاللىزملىق ئەدەبىيات تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەدەبى-يات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ تاشقى ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىدىن تاشقىرى يەنە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى «مۇرەككەپ مەنىۋى ھادىسىلەر» ۋە پسىخىك ھەرىكەتلىرىمۇ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىلىدۇ، بىراق بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «مەنىۋى ھادىسىلەر» ۋە پسىخىك ھەرىكەتلەر پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مەلۇم ئامىللىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ پېرسوناژلار خاراك-تېرىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك. ئۇ ھەم پېرسوناژلار-نىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە پسىخىك ھەرىكەت-لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم پېرسوناژلارنىڭ تاشقى ھالىتى ۋە تاشقى پائالىيەت-لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىگە تو-لۇق دىققەت-ئېتىبار بىلەن قارالماي، نوقۇل ھالدا پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ياتىدىغان سۇبيېكتىپ نەرسىلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىلىدىكەن، ئۇ ھالدا يارىتىلغان «تىپ» ۋە «خاراكتېر» لارنى تۇرمۇش پۇرىقى ھەم تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ، يارىتىلغان «تىپ» ۋە «خاراكتېر» لار ئەمەلىي مەزمۇنى بولمىغان، قۇرۇق نەرسىلەردىن، ساپ سۇبيېكتىپ نەرسىلەردىن بولۇپ قالى-دۇ، ئۇ يېزىپ چىقىلغان ئەسەرنى ساپ ئادەم پسىخولوگىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ھەر خىل بەدىئىي تىپ ۋە خاراكتېرلارغا باھا بەرگەندە باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىگىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكىگە يەتكەن-يەتمىگەنلىكى، ئايرىملىق ئارقىلىق مەلۇم ئومۇمىي مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن-بېرەلمىگەنلىكى، يازغۇچىنىڭ ئۇ ئارقىلىق نېمىنى مەدھىيەلەپ، نېمىگە قارشى تۇرۇۋاتقانلىقى، نېمىنى تەرغىب قىلىپ، نېمىنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقى، قىسقىسى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئىگىلەش ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىپ، نوقۇل ھالدا ئادەملەر..«ئىندىۋىدۇئاللىقى»، ئادەملەر «روھىي مەنتىقىسى»، ئادەملەرنىڭ «تاللاش خاراكتېرى» دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بولۇپ كېتىلىدىكەن، باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتىپ ئۈستىدە توغرا ۋە ئەقىلغا مۇۋاپىق باھا-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ، ھەتتا بۇ خىل باھا، قاراشلار باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساختا نەرسىلەر بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار بۇنىڭ مىسالى. ئاپتور ئۆز ماقالىسىدا گەرچە ئەدەبىيات تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تىپ ۋە خاراكتېر دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى يارىتىش ۋە تەسۋىرلەشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنىمۇ توغرا چۈشەندۈرەلمىگەن، ئۇ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسىنى بىر تۇرۇپ پېرسوناژلارنى «ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقى تاللاش خاراكتېرى، روھىي مەنتىقىسى» بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرۇش دەپ چۈشەندۈرسە، بىر تۇرۇپ ئۇنى «تەنقىدچىلەر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان»، «ئىنتايىن مۇرەككەپ»، «ئىنتايىن سىرلىق» مەسىلە قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ قويغان. ئەپسۇسكى، تەنقىدچى بۇ يەردە تىپ ۋە خاراكتېر دېگەنلەرنىڭ رېئاللىزملىق ئەدەبىياتتىكى تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارغا قارىتىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان ئادەملەر تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغان. بۇ مەسىلىدە ئۇ مۇنداق قارىغان: «ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان خىلمۇ خىل قېلىپلارغا چۈشىدىغان جانسىز شەيئىي ئەمەس، بەلكى چەكسىز باي، ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن سىرلىق روھىي دۇنياغا ئىگە، ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جانلىق مەۋجۇدات... ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا باشقىلارغا تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلىمۇ، ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلىمۇ بولمايدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم نازۇك، ئىنتايىن تۇتۇق ھەم چىگىش ھېس-تۇيغۇلارمۇ بولىدۇ...» شۇڭا «ئادەمنىڭ خاراك-

تېرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنساڭمۇ، لېكىن مەقسىتىڭگە تولۇق يېتەلمەيسەن»، «تۇرمۇش چىنلىقىغا، سەنئەت قانۇنىيىتىگە، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئىرىدىك، جانلىق، ھېسسىياتچان ئادەملەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز خاراكتېرى، ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھايات چىنلىقىنىڭ كۆپ قىرلىقى بىلەن مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ»، «ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ۋە ئەركىن تاللاش خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان بۇنداق پېرسوناژلارنى باشقا كىشىلەرنىڭ قاتمال قېلىپلىرىغا چۈشۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنى يارىتىۋاتقان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پىلانلىرىنىمۇ بۇزۇپ تاشلايدۇ...» ئ·نۋەر ئابدۇرېھىم يەنە مۇنداق قارىغان: مەيلى رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەر بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار بولسۇن، ھەممىسى «ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە ياشايدىغان، ئىچكى-تاشقى پائالىيەتلەرگە باي، ئەركىن، مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە شارائىتنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە»، «شۇڭلاشقا كونكرېت پېرسوناژلارنى مەلۇم سىنىپ ياكى مەلۇم كەسىپ ئەھلىنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا، شۇنىڭدەك سىنىپىيلىك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاسلىقىنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ».

رېئاللىقتىكى ئادەملەر خۇددى يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئوتتۇرىغا قويغاندەك «كىشىلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان تەييار قېلىپلارغا چۈشىدىغان جانسىز شەيئىي ئەمەس»، ئۇنىڭ ئۈستىگە، رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، تەربىيىلىنىشى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش شەكلى، ئادىتى، ئارزۇ-تەلىپى ۋە ھېسسىيات قىزىقىشلىرى بولىدۇ. بۇ كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولغان ئاددىي بىر تۇرمۇش ساۋاتى. ئەمما بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، رېئاللىقتىكى ئادەملەر شەخسىي خاسلىق ۋە «روھىي مەنتىقە» جەھەتتىن بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ «مۇرەككەپ مۇھىت» ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، قاتلام، مىللەت ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەيلى قايسى خىل ھەرىكەت، پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزى تەئەللۇق بولغان سىنىپ، قاتلام، مىللەت ۋە گۇرۇھنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقتىن تاشقىرى مەلۇم ئورتاقلىقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئەكس ئەتتۇرۇش ئوبيېكتى رېئاللىقتىكى مانا مۇشۇ خىل «ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن سىرلىق روھىي دۇنياغا ئىگە»، «ئەركىن، مۇستەقىل گەۋدە» ھەم ئۇلارنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئادەم ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈش-

لىرىنى ئاددىي هالدا تۈرمۇشتىكى ئادەملەر ۋە تۈرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەينەن ئۆزى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات ناھايىتى زور ئۇمۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا يېزىلغان ئادەم ۋە تۈرمۇش كۆرۈنۈشلىرى مېخانىكىلىق هالدا نېمە بولسا شۇ بويىچە خاتىرىلەپ قويۇش يولى بىلەن ئەمەس، تاللاش، ئۇمۇملاشتۇرۇش مەركەزلەشتۈرۈش، ئىش قوشۇش، تولۇقلاش ۋە بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلىي تۈرمۇش پاكىتلىرىغا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ هالەتتە ئەمەس، بەلكى بىرلىككە كەلگەن بىر بەدىئىي گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەدەبىياتنىڭ تۈرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدە يازغۇچىنىڭ ناھايىتى زور پائالىيەتچانلىق رواي بولىدۇ. بۇنىڭدا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغىنى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيىتى. يازغۇچى ئۆز قەھرىمانلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى تەسۋىرلەشتە قانداقتۇر باشقىلارغا سالام خەت يېزىپ بېرىدىغان خەتچىلەرگە ئوخشاش خالىسانە پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىدىيىسى، ئۆز تونۇشى، ئۆز هېسسىياتى ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان «مەنپەئەتپەرەسلەر» گە ئوخشاش پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ نېمىنى تېما قىلىشنى ۋە نېمىنى تەسۋىرلىشنى، ھەممىسىدە ئاساسلىقى ئۆز سۇبيېكتىنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئويىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان تېمىلارنى تاللىۋالىدۇ. تاللىۋالغان بۇ تېمىلىرى ۋە پېرسوناژلىرى ئىچىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە سۆيۈنگەن تەرەپلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە گۈزەللەشتۈرىدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ، بۇ تېمىلار ۋە پېرسوناژلار ئىچىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ۋە نەپرەتلەنگەن تەرەپلىرىنى تەنقىدلەيدۇ ۋە سەتلەشتۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ «ئىنتايىن مۇرەككەپ» ۋە «سىرلىق» روھىي دۇنياسى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىلگەن، ئوبيېكتىلىقى بىلەن سۇبيېكتىلىقى، ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئورتاقلىقى زىچ بىرلىككە كەلگەن، خاسلىقى ۋە تەۋەلىكى ئېنىق بولغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. بۇ جەرياندا يازغۇچىلار ئۆز قەھرىمانلىرىغا ئەگىشىش ۋە ئۇلارغا «بويسۇنۇش» پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئىدىيىسىگە ئەگەشتۈرۈش ۋە بويسۇندۇرۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسىگە نوقۇل هالدا رېئال ئادەملەرنىڭ قېلىپسىزلىقىنى چىقىش قىلغان هالدا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ «ئاجايىپ مۇرەككەپ»، «ئىنتايىن سىرلىق روھىي دۇنياغا ئىگە»، «ئەركىن مۇستەقىل گەۋدە» ئىكەنلىكىنى «ئاساس» قىلىۋېلىپ، ئەدەبىياتنىڭ تىپ يارىتىش قانۇنىيىتىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش توغرا ئەمەس.

دەرۋەقە، ئەدەبىياتتا ئالدى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىلىدۇ. چۈنكى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىپادىلەنمىسە، تۈرمۇشتىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتقىلى بولمايدۇ، يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئۆزىگە خاس قېنى ۋە جېنى بولمىغان «ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، فورمۇللاشقان» نەرسىلەردىن بولۇپ قالىدۇ، ئەمما پېرسوناژلارنىڭ ئىندى-

www.uyghurkitap.com

ۋىدىۋىئاللىقىنى ئىپادىلەش ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى كونكرېت سۈرەتلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولغان ئادەملەر تۇرمۇشى، ئادەملەر مۇناسىۋىتى ۋە ئادەملەر بەرپا قىلىۋاتقان رېئال تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش. پېرسوناژلار ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ رولى مانا مۇشۇ رېئال تەرەققىيات جەريانىدىكى خىلمۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۈسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىشتىنلا ئىبارەت. شۇڭا ئەدەبىياتتا تىپ ۋە خاراكتېر ياراتقاندا، پېرسوناژلار ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ رولىغا يولىدا مۇئامىلە قىلىنىشى ۋە ئۇ ئورتاقلىق بىلەن بىرلىشىپ كېلەلىگەندىلا ئاندىن مەلۇم مەنىگە، مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش جەريانىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدىكى كۆپلىگەن ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدا قايسى يازغۇچىنىڭ ئەسىرى دەۋرنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېزىلغان ۋە جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئومۇملۇقىنى چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرۇپ بېرەلىگەن بولسا، ئۇ كىشىلەرگە جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى، جەمئىيەت تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى شۇنچە چوڭقۇر تونۇتۇش رولىنى ئوينىيالىغان، كىشىلەرگە شۇنچە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بەخش ئەتكەن. ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدا قايسى يازغۇچىنىڭ ئەسىرى رېئاللىقتىكى ئايرىم، پارچە-پۇرات، تاسادىپىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ۋە ئاتالمىش «ئادەملەر ئىندىۋىدۇئاللىقى»، «ئادەملەر روھىي مەنتىقىسى» دېگەندەك چاكىنا، خۇنۇك سەنئەت نۇقتىئىنەزەرى بويىچە يېزىپ چىقىلغان ۋە ئورتاقلىقنى چەتكە قاققان بولسا، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنى توغرا تونۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغان ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن كىشىلەر تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى زورايتىۋەتكەن.

ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىغا ياتىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ فورمىسى. جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئىدارە قىلىشىدا بولغىنىدەك ئەدەبىياتنىڭمۇ جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشى ھەم ئىدارە قىلىشىدا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات-سەنئەتتە يارىتىلىدىغان تىپ ۋە خاراكتېرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. مەيلى قايسى دەۋر، قايسى جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتىدا بولسۇن، قايسى ياققا بولسا شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان، ھەممە ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان ۋە ياكى ئورتاقلىقنى قايرىۋېتىپ شەخسىي «روھىي مەنتىقىسى» بويىچىلا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئەمەس، بەلكى

مەلۇم مايىللىقىقا، تەۋەلىك ۋە ئورتاقلىقىقا ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىپ، شۇ دەۋر شۇ جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ياكى مەلۇم ئىدىيەۋى خاھىش ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر مەسىلىسىگە قارىتا نوقۇل «ئادەملەر ئىندىۋىدۇئاللىقى»، «ئادەملەر روھى» دېگەندەك بىر تەرەپلىمىلىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئىجتىمائىيلىق ۋە تەۋەلىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىشى لازىم.

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۆز ماقالىسىدا بۇ نۇقتىلاردىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكەن. ئۇ ئۆز ماقالىسىدا ئادەملەرنىڭ «قېلىپقا چۈشمەيدىغان جانلىق شەيئىي» ئىكەنلىكىنىلا نەزەرگە ئالغانۇ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقىقا، تەۋەلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا يارىتىلىدىغان تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭمۇ ئومۇملۇققا ۋە مايىللىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، ھەتتا ئۇ ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم سىنىپ، مەلۇم تەبىقە، مەلۇم گۇرۇھ، مەلۇم مىللەتنىڭ ئورتاقلىقىنى ئىپادىلىشىنى «ئەدەبىياتنى قېلىپلاشتۇرۇپ قويغانلىق»، ئەدەبىياتتا «مۇكەممەل، بۈيۈك قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشنى دەۋەت قىلغانلىق»، «ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېرلارنىڭ ھەممىسىگىلا سىياسىي مايىللىق ۋە سىنىپىي نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغانلىق» دەپ چۈشەندۇرۇپ، ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ئەمەلىي مەنىسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. ئەدەبىياتتىكى تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسىگە بۇنداق ساددا چۈشەنچە بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولسا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە مۇۋاپىق باھا بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق ساددا، بىرتەرەپلىمە چۈشەنچىلەر ئۆزىمىز باھالاۋاتقان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئوبراز ۋە تىپلىرى ياكى ئوبراز ۋە تىپ مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيەۋى ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى ئۈستىدە خاتا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۆز ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «خىيال ۋە سايە» دېگەن ھېكايىسىدا دىلدار ئىسىملىك بىر ئايال قەھرىماننىڭ ئوبرازى بار. ئۇ ھېكايىنىڭ بېشىدا «ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان چىرايلىق شەھەر» دىن «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئايرىلىپ»، «بەخت ۋە شان-شەرەپ ئىزدەپ»، «ئاتىسى كۆرمىگەن، ئانىسى كۆرمىگەن بىر قۇملۇق چۆلگە» كەلگەن ئايال دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەپسۇسكى، ھېكايە باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەن» لىكى «ئېرى ئابلەتنىڭ كاساپىتىدىن كەپ قالغان» دېگەن ئىككىنچى خىل سەۋەبكە ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ «قۇملۇق چۆلگە كەپ قالغىنىغا بولغان پۇشايمىنى»، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بولغان نارازىلىقى ۋە ئەيىبلەشلىرى ئۇزۇن پىسخىك تەسۋىر شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ نۇقتىلارنى ئوقۇغاندا، كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا «بۇ ئايال زادى يېزىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەنمۇ ياكى ئېرىنىڭ كاساپىتىدىن ئامالسىز كەپ قالغانمۇ؟ ئۇ يازغۇچى تەرىپىدىن

مەدھىيىلەش، ھېسداشلىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان ئەجابىي ئوبراز ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىدىكى قىيىن شارائىتقا ھەرىكەتچان، جانلىق ئادەملەر تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەممىسىدىن زارلاپ، ھەممىسىدىن قاقشاپلا يۈرىدۇ؟ ئۆز ئەتراپىدىكى قىيىن شارائىتلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش پاراسىتىگە ئىگە بولالمىغان بۇنداق پېرسوناژنىمۇ ئىجابىي پېرسوناژ دەپ مەدھىيىلىگىلى بولامدۇ؟» دېگەن سوئاللار پەيدا بولماي قالمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئەدەبىياتتا زادى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بۇ مەسىلىلەرنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان دىلدار ئوبرازىغا جانلىق ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس باي ۋە مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ بەخش ئەتكەن. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارنى يوشۇرۇشنى خالىمىغان... ئېرىنىڭ خارلىشىغا، جاھىل ئادەت كۈچلىرىنىڭ، ئىككى يۈزلىمىچى، سۈيىقەستچى شەخسلەرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە - ھاقارەتلىشىگە ئۇچراۋاتقان بىر ئايالنىڭ روھىي دۇنياسىدا بۇ خىل توقۇنۇشلارنىڭ، داۋالغۇشلارنىڭ، ئازابلىنىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئەمەس». بۇنداق ئىزاھلاشلار بىلەن يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «خىيال ۋە سايە» — بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ يازغان سالام خېتى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن دىلدارمۇ رېئاللىقتىكى «خىلمۇ خىل زەربە ۋە ھاقارەتلىنىشلەرگە ئۇچرىغان» مەلۇم بىر ئايالنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئاددىي كۆچۈرۈلمىسى بولماستىن، بەلكى يازغۇچى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىپ چىقىلغان ۋە مەدھىيىلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بەدىئىي ئوبراز. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يالغۇز «مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى داۋالغۇشلار» غىلا ئىگە ئايرىم بىر «ئالاھىدە» ئادەم تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتتىكى تىپىك پېرسوناژ تەرىقىسىدە، يەنى پىسسىخىك ھەرىكىتى بىلەن تاشقى ھەرىكىتى ئۆزئارا زىچ بىرلىككە كەلگەن، ئۆز روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى، ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىن شارائىتلارنى ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدىغان، خاراكتېر جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئېنىق، جانلىق، بەدىئىي تىپ تەرىقىسىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇشى لازىم. بۇنداق قىلىنىشنىڭ ئۆزى ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆز «ئىندىۋىدۇئاللىقى» دىن، «تاللاش خاراكتېرى» دىن، «روھىي مەنتىقىسى» دىن ئايرىپ تاشلىغانلىق بولمايدۇ، بەلكى رېئاللىقتىكى ئەمەلىي ئادەملەرنىڭ كونكرېت، چېچىلاڭغۇ ھالىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بەدىئىي ئادەم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق تىپىك بەدىئىي ئادەم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن بەلگىلىك ئىدىيىۋى قىممەت ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. لېكىن دىلدار بۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراقتا قالغان. بۇ «خىيال ۋە سايە» ھېكايىسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال، لېكىن ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بۇ خىل ئەھۋالنى رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تىپ

ۋە خاراكتېر يارىتىش پرىنسىپى بويىچە چۈشەندۈرمەستىن، بەلكى ئۇنى ئاددىي ھالدا رېئاللىققا كۆچۈرۈپ كېلىپ، رېئاللىقتا مۇشۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ رېئاللىققا سادىق بولغانلىق، پېرسوناژلارغا «ئۆزىگە خاس باي ۋە مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇ بەخش ئەتكەنلىك» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇنداق چۈشەندۈرۈش بىلەن كىشىنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ.

«خىيال ۋە سايە» ھېكايىسىدا يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئۇلاپلا ئاساسىي قەھرىمان دىلدارنىڭ «ئارمىيە بىرىنچى» ناملىق «يېڭى سورتلۇق» كېۋەزنى سىناق قىلىپ تېرىش جەريانىدىكى پائالىيىتى ۋە بىرمو يەردىن چوقۇم ئالتە يېرىم مىڭ تۈپ كېۋەز شېخى ئېلىش، بىر تۈپ شاختىن چوقۇم ئالتە يېرىم تال غوزا ئېلىش، بىر تۈپ غوزىدىن چوقۇم ئالتە يېرىم گرام ساپ پاختا ئېلىشتەك «ئالىي پىلانى» نى «غەلىبىلىك ئورۇندىغان» لىق پائالىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ بىر قاتار تەپسىلاتلار تەسۋىرى قارىماققا، ئاساسىي قەھرىمان دىلدارنى «يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان»، «يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىنتىزار»، پاختا تېرىقچىلىقى ساھەسىدە «ناھايىتى مول بىلىم، تەجرىبىلەرگە ئىگە» بىر ئوبراز قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئويناۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي قەھرىماننى رېئاللىققا قارىماي ئاتىدىغان، سۇبيېكتىۋىزملىق ئىدىيىسى كۈچلۈك، قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشىغا بەند بولۇپ كەتكەن، ساختا، قۇرۇق قەھرىمان قىلىپ قويغان. رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا يارىتىلغان ئىجابىي پېرسوناژلار چوقۇم قىلغىلى بولىدىغان ۋە قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ھەرىكەت-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلۇشى لازىم. ھېكايىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۈچ ئالتە يېرىم» خۇددى ئالدىنقى ماقالەمدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك پاختا تېرىقچىلىقى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان (بولۇپمۇ دىلدار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سۇسىز، قۇرغاق، چاڭ-توزانلىق مۇھىتتا) بىر خىيالىي، قۇرۇق تەسەۋۋۇر. ئەمما بۇ خىل تەسەۋۋۇر دىلدار تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ قويۇلغان. رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا يارىتىلغان پېرسوناژلار چوقۇم ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانى ئېنىق، رېئال ئادەملەر ئارىسىغا يىلتىز تارتقان تەبىئىي ئادەملەر تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىشى لازىم. ھېكايىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان دىلدار ئوبرازى مەلۇم دەرىجىدە بىلىملەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن پاختا تېرىقچىلىقى خىزمىتىگە قاتنىشىپ باقمىغان، ئەمەلىي تەجرىبىسى يوق بىر ئاددىي شەھەر ئايالى، لېكىن ئۇ ھېكايىدا مول دېھقانچىلىق تەجرىبىلىرىگە ئىگە، دېھقانلار ئاممىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن، «پاختا تېرىقچىلىقىنىڭ پۈتكۈل قانۇنىيەتلىرىنى بىلىدىغان» ئۇلۇغ ئالىم تەرىقىسىدە مەيدانغا چىقىرىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئاتالمىش «ئۈچ ئالتە يېرىم» نى بىراقلا ئىشقا ئاشۇرغان دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ھېكايىدا بېرىلگەن بۇ بىر قاتار ۋەقە، تەپسىلاتلار تەسۋىرى مەيلى خاراكتېرنىڭ سىيۇژېتنى بەلگىلەيدىغانلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بولسۇن، مەيلى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن قارىغاندا بولسۇن، ئاساسىي قەھرىمان دىلدارنىڭ

خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي تەجرىبىسى بولمىغان بىر ياش شەھەر ئايالىنىڭ «سۇسىز، قۇرغاق، چاڭ-توزانلىق» بىر ماكاندا «ئۈچ ئالتە يېرىم» دەك تەسەۋۋۇرنى بىراقلا ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۆز ماقالىسىدا بۇ مەسىلىنىمۇ نىسبەتەن ئەمەلىيرەك قىلىپ چۈشەندۈرەلمەي قالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھېكايىدا تىلغا ئېلىنغان ‹ئۈچ ئالتە يېرىم› ئەسەر قەھرىمانى دىلدارنىڭ ‹ئەمەلىيەتچانلىقى يوق، قۇرۇق تەسەۋۋۇر› ى ياكى ‹ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان خام خىيال› ى ئەمەس، بەلكى ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلانغان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئىلمىي يەكۈن. شۇڭلاشقا ئۇنى ‹پاختا تېرىقچىلىقى تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىيالىي تەسەۋۋۇر›، ‹قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئىپادىسى› دېيىش پەرەزنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىك بولىدۇ...» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىغان: «تارىخ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئالدىن كۆرەرلىك تۈيغۇسىغا ئىگە يازغۇچىلار سەنئەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگىلىگەندە، ھەم رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدۇ. ھەرگىزمۇ رېئاللىقنىڭ، تار ھەم چەكلىك ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالمايدۇ، يەنى رېئاللىق بىلەن بىردەك بولمىغان، ئەمما كېلەچەكنى ئالدىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان غايىۋى ئامىللارنى بايقىيالايدۇ ھەم ئىجادىي تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە، خىيال، فانتازىيە، رىۋايەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى رېئاللىققا ئايلانغان ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنىڭ چەمبىرىكى ئارقىلىق بوغۇپ قويۇشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىدىن تۇغۇلغان غايىۋى ھادىسىلەرنى ‹قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشى› ناملىق قامچىنىڭ ئاستىغا ئېلىشقا بولمايدۇ.»

بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يالغۇز ئۆزىمىز باھالاۋاتقان تىپ ۋە خاراكتېرلار ئۈستىدىلا ئەمەلىي گەپ قىلىپ قالماي، بەلكى بۇ خىل تىپ ۋە خاراكتېرلار بىلەن باغلىنىشى بولغان رېئال ھادىسىلەر ئۈستىدىمۇ ئەمەلىي گەپ قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «خىيال ۋە سايە» ھېكايىسى ھەرگىزمۇ قەدىمكى زامان ئەپسانىسى ياكى چۆچەك ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان تولۇق رېئالىستىك ئەسەر. ئۇنىڭ ئاساسلىق دېمەكچى بولغىنى، ئىلمىي تېرىقچىلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئىلمىي خادىملارنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى مەسىلىسى، بۇنداق بىر مۇھىم تېما بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتىدىن بىرسى قىلىنىشى لازىم. ئەمما بۇنداق مۇھىم تېمىنى ئەدەبىياتىمىزدا زادى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟ ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەبىئىيلىككە، تۇرمۇش پۇرىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى سۈنئىيلىككە، ياسالمىلىققا، فانتازىيە ۋە ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە قىلىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەبىئىيلىككە، تۇرمۇش پۇرىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا يېزىپ

چىقىلغان ئەسەر كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. كىشىلەرگە مەلۇم مەنپەئەت بېرەلەيدۇ، بۇنداق بولمايدىكەن، يېزىپ چىقىلغان ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەلىشى، كىشىلەرگە نەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم مەدھىيىلەۋاتقان ھېلىقى ئاتالمىش «ئۈچ ئالتە يېرىم» پىلانى فانتازىيە تۈسىنى ئالغان بىر خىل خىيالىي نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىمۇ، ئەمەلىي ئاساسىمۇ يوق، شۇڭا ئۇنى «ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن»، «ئاللىقاچان ئىشقا ئاشقان» دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا نىسبەتەن چاقچاق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىق. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوخشاش سخېمىسى، فورمىسى، قېلىپى بار ئىشلەپچىقىرىش بولماستىن، بەلكى ئۇرۇق چېچىپ، تۇپا ئىچىدىن مەھسۇلات ئالىدىغان ئىشلەپچىقىرىش. بۇنىڭدا ھېچكىممۇ مانچە يۈز مو يەرگە مانچە جىڭدىن ئۇرۇق چېچىپ، ھەر بىر موسىدىن چوقۇم مانچە جىڭدىن ھوسۇل ئالىمەن، دېپ ئېيتالمايدۇ. پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. چۈنكى كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەر ۋە ئۇنى مەلۇم كېلىمات بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان ئاتموسفېرانىڭ ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان قۇلىقى يوق. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلارنىڭ بىر قىسمى ئۈنمەي قېلىشى، ئۈنگەنلىرىنىڭ بىر قىسمى قۇرۇپ كېتىشى ياكى ئاجىزراق ئۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز يەر ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى سوراققا تارتالمايمىز. شۇڭا رېئالىزملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىدە، بۇنداق تېمىلارغا دۇچ كەلگەندە، چوقۇم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى لازىم.

رېئالىزملىق ئەدەبىيات — ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ئىگە ئەدەبىيات. ئۇنىڭدا مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن چېتىشىپ كېتىدىغان تەبىئىي ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن، تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ئاساسەن ئىش ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە ۋە ئۇنى خالىغانچە فانتازىيىلەشتۈرۈۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ رومانتىزملىق ئەدەبىياتتىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. رومانتىزملىق ئەدەبىياتتا «تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ھالقىپ كەتكەن»، «رېئاللىق بىلەن بىردەك بولمىغان» غايىۋى شەكىللەرنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن تۇرمۇش ۋە يازغۇچىنىڭ غايىۋى ئىزدىنىشى ئىپادىلەنسە، رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ھالقىپ كەتمىگەن، رېئاللىق بىلەن بىردەك بولغان رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ، دەرۋەقە بەزى «غايىۋى ئامىللار» بېرىلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنداق «غايىۋى ئامىللار» رومانتىزملىق ئەدەبىياتقا ئوخشاش تۇرمۇشتىن زور دەرىجىدە ھالقىتىۋېتىش، زور دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەككە ئوخشاش فانتازىيىلەشتۈرۈۋېتىش شەكلى

بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۇرمۇشلاشتۇرۇش ياكى رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرۇش شەكلى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ.

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۆز ماقالىسىدا تىلغا ئالغان «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» دېگەن پوۋېستتا جامال، پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلار بار، بۇلار پوۋېستنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئەينى يىللارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بولۇشىچە تارتىپ، يۈرىكى لەختە-لەختە قان بولۇپ كەتكەن ئاددىي يېزا ئادەملىرى، ئەمما ئۇلار پوۋېستنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئۆز خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدىغان ئىنتايىن يىرگىنچلىك جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئاساسىي قەھرىمان جامال سېكرېتار بولۇۋېلىپلا ئۆز ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئاممىسى ۋە قىز-ئاياللارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، پاتىمە ۋە خۇماخانلار بولسا، «ھاياتلىق ئۈچۈن» يىگىرمە جىڭ تېرىق، ئون جىڭ تېرىق، بەش جىڭ تېرىق، بىر قاپ سەرەڭگە، ئىككى سەر كىرسىنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىنى تېگىشىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل روھىي ئازابلىرىغا ئېچىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، جامال قاتارلىقلارغا «بۇنى ئىنىسى جىن بىلمىسۇن» دەپ يالۋۇرۇشىدۇ. بۇ بىر قاتار تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىن ئاساسىي قەھرىمان جامالنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاز-تولا پەملىگىلى بولسىمۇ (بۇنى يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىقنىڭ سانسىزلىغان ياشلارنى بۇلغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئىزاھلىغان. ماقۇل، ھازىرچە شۇنداق دەپمۇ چۈشىنىپ تۇرايلى)، لېكىن پاتىمە ۋە خۇماخانلارنىڭ، نېمە ئۈچۈن ھېلىقىدەك يىرگىنچلىك ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېچنېمە دەپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى پاتىمە ۋە خۇماخانلار يازغۇچى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي ئوبرازلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ھېلىقىدەك ناپاك ئىشلارنى قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن يامان ئاياللارنىڭمۇ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى ئاددىي يېزا ئاياللىرى. ئەدەبىياتتا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاددىي يېزا ئاياللىرىغا بۇ خىل يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى يۈكلەپ قويغىلى بولسۇن؟

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «يولداش مەمتىلى قادىر ‹زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە› ناملىق پوۋېستىنىڭ پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ جىنايەتلىك يىللاردىكى ئۆز نومۇسىنى سېتىشتەك چىدىغۇسىز خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى ‹بۇ پېرسوناژلارنى ئۆز تەۋەلىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىغانلىق›، ‹ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان ۋە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەت، ئىدىيىلەردە بولىدىغان غەلىتە پېرسوناژلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق›، ‹مىللىي خاراكتېرنى تولۇق نەزەرگە ئالمىغانلىق› دەپ قارىغان ... ‹زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە› ناملىق پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن پاتىمە، خۇماخان ... قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئاپەتلىك يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن پاجىئەلىك تەقدىرى ئاشۇ يىللارنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم، تاسادىپىي نەرسىلەرمىدى؟! ئەينى يىللاردىكى شەپقەتسىز رې-

ئالىلىقنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان، قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ئۇلارنى ئۆز تەۋەلىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىغانلىق ياكى ئۇلارنى ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان ۋە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەت، ئىدىيىلەردە بولىدىغان غەلىتە پېرسوناژلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق بولامدۇ؟! ... بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردە قانداق تۇرمۇشنى ئىپادىلەش، قانداق پېرسوناژلارنىڭ قانداق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە شۇ ئارقىلىق قانداق باش تېمىنى ئىلگىرى سۈرۈش يازغۇچىنىڭ غايىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» «تەۋەلىك، مىللىي خاراكتېر دېگەن ئاتالغۇلارنى پەش قىلىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرنى، بولۇپمۇ ئاپەتلىك يىللاردا تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتكەن روھىي كېسەللىكلەرنى دادىللىق بىلەن ئاشكارىلاشنى، ئوپېراتسىيە قىلىشنى چەكلەش، ماھىيەتتە سەنئەتكارلانى رەڭۋازلىق قىلىشقا ئۈندىگەنلىك بولىدۇ ... ئەسەردىكى پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلار باشتىن كەچۈرگەن ئاھانەتلىك كەچۈرمىشلەر بىلەن چەكسىز ئېغىر روھىي ئازابلار ئۇلارنىڭ ‹ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان› ياكى بولمىغان ھەرىكەت، ئىدىيىلەرمۇ ئەمەس، بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھ، رېئاللىق گۇۋاھ».

مۇشۇنىمۇ بىر توغرا سەنئەت نۇقتىنەزىرى دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ يەردە يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىياتنىڭ تىپ يارىتىش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەن. ئەسەردىكى پاتىمە ۋە خۇماخان قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ «ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆز نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى» دەك ناپاك ئىشلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا «ئايرىم»، «تاسادىپىي» ئىشلار ئەمەسلىكى بىلەن بۇ خىل ئىشلارنىڭ «مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەر» نى، «روھىي كېسەللىكلەر» نى «ئاشكارىلاش، ئوپېراتسىيە قىلىش» جەريانىدا ئوينايدىغان «رولى» نى كۆرگەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىللەتنىڭ غۇرۇرى، تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەخلاق قارىشىنى بۇرمىلىغانلىقىدەك ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان يامان تەسىرىنى كۆرەلمىگەن، ھەتتا ئۇ بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئۆزىچە «ئەينى يىللاردىكى شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان، قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقانلىق». «ھەرقانداق مىللەتنىڭ خاراكتېرىدا ئىجابىي ئامىللارمۇ، سەلبىي ئامىللارمۇ مەۋجۇت، دۇنيادا پۈتۈنلەي پاك مىللەت مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا بىر پارچە بەدىئىي ئەسەردە يارىتىلغان بىر قانچە پېرسوناژنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئورتاق بەلگىسى دېپ قاراش رېئاللىقنىڭ مەنتىقىسىگىمۇ، سەنئەت قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق ئوبرازلار ھەققىدىكى باھا - قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى كونكرېت ئوبرازلار تەھلىلى ئارقىلىق ماھىيەتنى تېپىپ چىقىدىغان، ماھىيەتنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ئوبيېكتنى باھالايدىغان بىر خىل ئىلمىي پائالىيەتتۇر. ئۇنىڭدا دېيىلمەكچى بولغان ئوي - پىكىرلەرنى توغرىدىن-

توغرا، بىۋاسىتىلا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ كەپ ئۇينىتىشقا بولمايدۇ. سۇبيېكتىپ قاراش ۋە سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلەرنى ئوبرازنىڭ، سەنئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاتىمە ۋە خۇماخانلار ۋەقەسى (ئۇلارنىڭ بىر نەچچە جىڭ تېرىق، بىر نەچچە قاپ سەرەڭگە، بىر نەچچە سەر كىرسىنگە ئۆزلىرىنىڭ نازۇك يەرلىرىنى تېگىشىش ۋەقەسى) تۇرمۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئەينى يىللاردا يۈز بەرگەن ۋە ئېتىراپ قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر» بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئايرىم، تاسادىپىي ھادىسىلەردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ «پاتىمە ۋە خۇماخانلارغا ئوخشاش» ئاددىي يېزا ئاياللىرى ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن تارىخىي پاكىت، رېئال پاكىت ئەمەس. سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئورتاقلىقىنى، ئىجتىمائىي ئورۇن، پسىخىك ئادەت، ئەخلاقىي قاراش، ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئارزۇ-تەلەپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ خىل مىللىي ئورتاقلىقىنى ئىپادىلەش — شۇ مىللەت خەلقى ئىچىدىكى سان جەھەتتىن مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ئاددىي پۇقرالارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش كۈرىشى جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى، ئەقىل-پاراسىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىيجاناب ئوبرازىنى تىرىشىپ يارىتىش يولى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ.

پاتىمە ۋە خۇماخانلار جاپالىق يىللار ۋە شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بولۇشىچە تارتقان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەپقەتسىز رېئاللىققا نەپرەتلەنمەسلىكى، غەزەپلەنمەسلىكى ۋە قارشىلىق بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلىنىڭ بۇ ئاساسىي تەرىپى بىر ياققا قايرىۋېتىلىپ، ئۇلار پەقەت «ھاياتلىق ئۈچۈن» بىر نەچچە جىڭ تېرىق، بىر نەچچە قاپ سەرەڭگە، بىر نەچچە سەر كىرسىنگە ئۆز نومۇسىنى تېگىشىشكە رازى بولغانلار قىلىپ تەسۋىرلەپ قويۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەسەرنى قايىل قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ ھەم ئەسەرنىڭ مىللىي تۈسى ۋە ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلغان، ھېچقانداق ئېستېتىك پۇرىقى يوق غەلىتە نەرسىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشنى يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قانداقتۇر «ئەدەبىياتقا قېلىپ بەلگىلەپ بەرگەنلىك»، «يازغۇچىلارنى بۇرۇنقىلار ماڭغان يولدا مېڭىشقا مەجبۇرلىغانلىق» دەۋالغان. ئۇ بۇ مەسىلىدە مۇنداق دېگەن: «ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىق، بۇرۇنقىلارنىڭ تەييار پىكىرلىرىنى تەكرارلاشنى خالىماسلىق، بۇرۇنقىلارنىڭ قېلىپىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاش، باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىش، يول يوق يەردىن يول ئېچىش، تۇرمۇشنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تېخى يورۇتۇلمىغان تەرەپلىرىنى يورۇتۇش،

ئاپەتلىك يىللارنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان
قىلىپ سىزىش — ھەقىقىي يازغۇچىلارغا خاس ئىجادىي روھ». ئەدەبىيات - سەنئەت ئەل-
ۋەتتە يېڭىلىق يارىتىدىغان ساھە، ئۇنىڭدا يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش بولۇپ تۇرماي-
دىكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى يېتىپ بېرىۋاتقان سەنئەت جەھەتتىكى تەلەپلىرى-
گە ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ ماڭغىلى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بېرىۋاتقان تۇر-
مۇش مەزمۇنىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ
يەردە دېيىلىۋاتقان يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەرگىزمۇ ئەدەبىي مىراس ۋە ئەدەبىي
ئەنئەنىلەردىن بىراقلا ۋاز كېچىپ، تارىخنى ئۈزۈپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى
«كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» ۋە «كونىلىرىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدى-
غان پايدىلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش» دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «كونا»
لار ئىچىدە، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي شەكىل ياكى
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىن بولسۇن، ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن نەرسىلەر بار. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان ئاق كۆڭۈل، تىز پۈكمەس ۋە ساپ ۋىجدان قىز - يىگىتلەر ئوبرازىنى يارىتىش
ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتى، مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئار-
زۇ - ئىستەكلىرىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىشتەك ئېسىل يېزىقچىلىق ئىستىلى مانا
مۇشۇ پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ بىرى. باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ
خىل پايدىلىق نەرسىلەر يالغۇز ئەينى دەۋرلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۈچۈنلا قىممەت-
لىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىشلىرىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك. بۇ خىل پايدىلىق نەرسىلەر «كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن
ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن كونا ھەم قاتمال قېلىپلار»، «كونا يول» ۋە «كونا ئاسا-
رەتلەر» قىلىپ ھاقارەتلىنىپ، خالىغانچە چەتكە ئىتتىرىۋېتىلىدىكەن، يېڭى ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىشلىرىمىزنى بۇرۇنقىلار ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئە-
سەرلىرىنى كىشىلەرنىڭ لەززەتلىنىش، قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەن-
قىدچىلىكىدە قەدىمكىلەر بەرپا قىلىپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەنئەنىلەر ۋە ئەدەبىي
مىراسلار قارا قويۇق چەتكە قېقىۋېتىلمەسلىكى، ئۇلار «كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئاللىقا-
چان چۈشۈپ كەتكەن كونا قېلىپ، كونا يول» دەپ ھاقارەتلەنمەسلىكى لازىم.

يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» سەرلەۋ-
ھىلىك ماقالىسىدا يازغۇچى زۇلپىقارنىڭ «بىسى يانغان شەمشەر» ناملىق پوۋېستىدىكى
ئاساسىي قەھرىمان ئابلەت ئۇستىدىمۇ مۇشۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك باھا، قاراشلار
ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

پوۋېستنىڭ بېشىدا ئاساسىي قەھرىمان ئابلەت ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق، تەمكىن،
ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك بىر شەخس تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئاسا-
سىي سيۇژىت ئىچىگە كىرىپ كېلىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، تەمكىن، ئىقتى-

دارلىق، تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خاراكتېرىنى بىراقلا يوقىتىشى خۇددى نېرۋا سىستېمىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ساراڭ ئادەمدەك ئۆز ئالدىغا يولۇق-قان زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىگىلا قالايمىقان ئۇسۇپ يۈرىدۇ. ئۆزى يالغۇز يەككە-يېگانە چېپىپ يۈرۈپ، مائارىپ ساھەسىدىكى خىلمۇخىل نامۇۋاپىق ھادىسىلەر-نى بىراقلا تۈگىتىۋەتمەكچى، مائارىپ ساھەسىدە ئۆزى يالغۇز يېڭىچە بىر قىياپەت پەيدا قىلماقچى بولىدۇ. مائارىپ ساھەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئو-قۇتقۇچى، كادىرلارنىڭ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىقتىدارسىز، ئارقا ئى-شىكتىن ئورۇنلىشىپ قالغانلار، دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «مەسىلىسى» نى ئۆزى يال-غۇز بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا يۇقىرى رەھبەرلىك ياكى ئامما بىلەن بىر قېتىممۇ كېڭىشىپ كۆرمەيدۇ (بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئالدىنقى ماقالەمدە تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدىم)، مەيلى ئېتىراپ قى-لايلى ياكى ئېتىراپ قىلمايلى، بۇ پوۋېستىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى. چۈنكى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەزەلدىن شەخسىي قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلەش ۋە تەرغىب قىلىشقا قارشى تۇرۇلۇپ كەلگەن. چۈنكى بۇنداق شەخسىي قەھرىمانلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇ-لى ئاساسىي قەھرىمانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينىيالايدۇكى، بۇنىڭدىن باشقا رولنى ئوينىيالمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە بۇنداق ئىجادىيەت مەسىلىلىرىگە، باھا بەرگەندە يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغىلا قارىۋالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پەيدا قىلىدىغان ئۈنۈمىگىمۇ قاراش لازىم. لېكىن يولداش ئەنۋەر ئاب-دۇرېھىم بۇ مەسىلىلەرنى قانداقتۇر «پېرسوناژلارغا ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرغا ئىگە جانلىق ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانلىق»، «ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، زامانى-ۋىلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى رەسمىيەت، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، ئەنئەنىۋى تەدبىرلەر، توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر ۋە يې-ڭىلىنىشلار يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىدىغان ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇل ھەم رەسمىيەتلەر كىشىلەر تەرىپىدىن بە-رىبىر چۆرۈپ تاشلىنىدۇ»، «ئىسلاھات روھى بۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتې-رىگە ئىگە. شۇڭلاشقا ئۇ كونا ئادەت ھەم كونا تەرتىپلەر بىلەن ھەرگىز سىغىشالماي-دۇ. نەتىجىدە، ئىسلاھ قىلىش روھى بىلەن ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئادىتى ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل توقۇنۇشلار يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلاھاتنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە، مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس روھىي مەنتىقىگە ئىگە ئادەملەر ئېلىپ بارىدۇ. ‹بىرىنچى يانغان شەمشەر› دىكى باش قەھرىمان ئابلەت رېئال تۇرمۇشتىكى ئاشۇنداق جانلىق ئادەملەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەسۋىر-لەنگەن. يازغۇچى ئۇنى روھىي دۇنياسىدا ھېچقاندا توقۇنۇش ياكى داۋالغۇش يۈز بەرمەيدىغان، ھەممىلا زىددىيەتنى قىلچە نۇقسانسىز ھەل قىلىۋېتەلەيدىغان، قىلچە ئەيىبى يوق، پۈتۈنلەي مۇكەممەل، كامالەتكە يەتكەن، دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمگە

ئايلاندۇرۇپ قويمىغان، ئەكسىچە ئۇنى زامانىمىز كىشىلەرگە خاس ئىزدىنىش، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بۆسۈش روھىغا باي، ناھەقچىلىكلەر ئالدىدا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان، مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان... لېكىن مىجەزى چۈس، تەرسا، كاچ، قوپال... ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.» بۇ «ئىسلاھات» ۋە «ئىسلاھ قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئەمەلىي مەنىسىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىك. ئىسلاھات دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئەمەلىي مەنىسىچۇ؟ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆزنىڭ ئەمەلىي مەنىسى ئاڭلىق ۋە تەشكىللىك ھالدا يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەلىپى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بارلىق نامۇۋاپىق قۇرۇلما، تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئىقتىسادىي بازىس ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى قۇرۇلما ۋە يېڭى تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلاھاتنىڭ بۇ مەقسىتى، نىشانى ئابلەتكە ئوخشاش ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يەككە - يېگانە چېپىپ يۈرۈشى، ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل پادىشاھ، ھۆكۈمەت بولۇۋېلىشى ۋە ئۆز ئالدىغا «سىياسەت، بەلگىلىمە» لەرنى تۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىگە تايىنىش، توغرا، قىزغىن خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

بىزنىڭ پارتىيىمىز مول ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىگە ئىگە پارتىيە. ئۇ ئۆز تارىخىدا ئادەملەر مەسىلىسى ۋە باشقا سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كۆپلىگەن تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئىگە بولغان. بىزنىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆز تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش، يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ئىپادىلەش، كۆچلۈك بەدىئىي تۇسكە ئىگە بەدىئىي تىپ ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مول سەنئەت تەجرىبىلىرى ۋە سەنئەت ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولغان. مەيلى پارتىيىمىز ئۆز تارىخىدا بەرپا قىلغان مول ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى بولسۇن، مەيلى يېڭى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بولسۇن، ھەممىسى ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە بۇ خىل تەجرىبە - ساۋاقلارغا تولۇق دىققەت ئېتىبار بىلەن قارىلىشى، ئۇلار يەڭگىللىك بىلەن «ۋاقتى ئۆتكەن»، «ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى، ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى» دەپ چەتكە ئىتتىرىۋېتىلمەسلىكى لازىم. ئەگەر بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە بۇ خىل تەجرىبە ۋە ئەنئەنىلەرگە تولۇق دىققەت - ئېتىبار بىلەن قارالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتالمىش «خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىنمۇ قورقماي-

دىغان»، ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز «دادىل بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان» قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش دېگەندەك ناتوغرا سەنئەت قارىشى دەسسىتىپ قويۇلىدىكەن، بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى توغرىلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ، دەۋرىمىز كىشىلىرى ۋە دەۋرىمىز ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. يارىتىلغان ئوبرازلار ھەتتا ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەرغىب قىلغان ھېلىقى «روھىي مەنتىقە» نەزەرىيىسىنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن. تېلېۋىزىيە تىياتىرى «يېڭى يۇلتۇز» دىكى لى شاڭنەنچىلىكمۇ تەسىر پەيدا قىلالمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزى يالغۇز چېپىپ يۈرىدىغان، تەشكىللىي پرىنسىپى، رەھبەرلىكى يوق، قارىغۇ «ئىنقىلابچىلار» غا، ئۆلگۈدەك ئىچىۋېلىپ، ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغان ساراڭ مەستلەرگە ئوخشاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق «ئىسلاھاتچىلار» ئوبرازىنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى؟

بىز، ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتتا «كەمچىلىكى بار» ئىجابىي قەھرىمانلارنىمۇ يارىتىشنى رەت قىلمايمىز. چۈنكى ئىجابىي قەھرىمانلارمۇ ئۆسۈپ، چوڭىيىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئۇلارمۇ روھىي جەھەتتە بەزى زىددىيەتلىك ھالەتلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «كەمچىلىكى بار ئىجابىي قەھرىمان» دېگەنلەر ھەرگىزمۇ ئىجابىيلىقىدىن سەلبىيلىكى ئېشىپ چۈشكەن ياكى «ئىجابىي» نامى بىلەن مەيدانغا چىقىرىلىپ سەلبىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلىدىغان قەھرىمانلارغا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئارقىلىق ئۆز خاراكتېرىدىكى ئاجىز ھالقىلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان، خاراكتېر جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئېنىق قەھرىمانلار ئوبرازىغا قارىتىلغان. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپكى مەنپەئەت تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى. ئۇنىڭدا مەيلى قايسى خىلدىكى بەدىئىي ئوبراز ياكى خاراكتېرلارنى يارىتىشتا بولمىسۇن، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەت تەلىپى ۋە يېڭى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلماي بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەرخىل نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىشتا ئۇنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىنى چىقىش قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى زور. نەزەرىيىۋى تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلارنىڭ ئىلمىيلىكىگە دىققەت قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساغلام قانات يېيىشىغا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى ياللانما ئەدىبلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە

ئۈيغۇن كەلمەيدىغان خىلمۇخىل خاتا نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلارنى بازارغا سېلىپ ۋە ئۇنى يازغۇچىلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى ناھايىتى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرى خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا تەشەببۇسلىرىنى بازارغا سېلىش ۋە ئۇنى يازغۇچىلارغا تېڭىشتا ئاساسلىقى «ئىنقىلاب قىلىش مېھمان چاقىرىش ئەمەس» دېگەن قاراشنى سۇيىئىستېمال قىلغان. يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بۇ يەردە تەرغىب قىلىنىۋاتقان «خاتالىق ئۆتكۈزۈۋېتىشتىنمۇ قورقمايدىغان» ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز «دادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان» قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش دېگەن بۇ قاراش ئېيتىلىش جەھەتتىن «ئىنقىلاب قىلىش مېھمان چاقىرىش ئەمەس» دېگەن گەپكە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئانچە زور پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» غا ئوخشاش «قەھرىمانلىق بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈش»، «دادىللىق بىلەن ھەممىگە قارشى تۇرۇش، ھەممىنى ئىنكار قىلىش»، «ھەممىگە ھۇجۇم قىلىش، زومىگەرلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش» دېگەن مەنە يوشۇرۇنغان. بۇ خىل ئىدىيە مەيلى ھازىرقى ئىسلاھات نۇقتىسىدىن قارىغاندا بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بولسۇن، ھەممىسىدە خاتا. بىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز «قىزىل قوغدىغۇچى، ئىسيانكارلار» تىپىنى ئەمەس، بەلكى توغرا ھەرىكەت شەكلى ۋە توغرا مۇددىئا، مەقسەتكە ئىگە ئاڭلىق ئىسلاھاتچىلار تىپىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق تىپلار يالغۇز ئىسلاھاتنىڭ مەقسەت، نىشانىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە كىشىلەرنى سۆيۈندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئىسلاھاتچىلار ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەر ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بارغاندا ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلار ۋە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مايىللىقنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگىمۇ دىققەت قىلىنىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يالغۇز يازغۇچىنىڭ نېمىنى يېزىۋاتقانلىقىنىلا كۆزىتىپ قالماستىن، بەلكى قانداق يېزىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆزىتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يازغۇچىنىڭ نېمىنى يېزىۋاتقانلىقىغىلا يېپىشىۋېلىپ، قانداق يېزىۋاتقانلىقى ۋە نېمىنى تەرغىب قىلىۋاتقانلىقىغا قارىمايدىكەن، باھالىنىۋاتقان ئوبيېكتقا توغرا باھا بەرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا بۇنداق ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى ھېچقانداق پايدىلىنىش قىممىتى ۋە قايىل قىلىش كۈچى بولمىغان قۇرۇق نەرسىلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» سەرلەۋھىلىك تەنقىدىي ماقالىسىدا مەيلى «تەپسىلاتلار تەسۋىرى-

(داۋامى 137 - بەتتە)

mahmurkitap.com



# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## تالانتلىق شائىر ئۇسمانجان ساۋۇت



ئۇسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى 10 - ئايدا ماناس ناھىيىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1966 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1968 - يىلى 10 - ئايدىن 1973 - يىلى 12 - ئايغىچە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ سۆگەتبۇلاق (توغىچى) دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەۋە جىگدەبۇلاق دېگەن جايدا قايتا تەربىيە قوبۇل قىلدى ۋە شۇ يەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ يېزىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەر، ئانا تەبىئەتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى، بۇ يەردە ئەسىرلەر بويى تەر تۆكۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سەممىمىي، ساددا، پاك مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ھەر بىر تال ياپراق، ھەر بىر چىراي، ھەر بىر ھەرىكەت، قىياپەت ئۇنىڭ يۈرىكىدە قايناق لىرىكىغا ئايلاندى.

ئۇسمانجان ساۋۇت 1973 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ساۋەن ناھىيىلىك 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ساۋەن ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ھەم ئىلمىي مۇدىر بولۇپ، ئىز باسارلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت نۇرىنى تۆكتى. 1981 - يىلى لۇشۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقىدى. 1986 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئالمىشىپ كېلىپ، 1988 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1989 - يىلى 1 - ئايدىن ئېتىبارەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئەڭ دەسلەپكى ھەۋىسى ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانىدى. ھەقىقىي ھەۋەس دېگەن ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ قۇدرەتلىك ۋە مۇقەددەس بولىدۇ. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا نەشر

قىلىنغان ئەدەبىي كىتابلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي دېگۈدەك ئوقۇيتتى، بولۇپمۇ تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇلھەي روزى، تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇيتتى، ئوقۇغانسېرى شېئىرىي چۈشكە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تىلسىماتلار دۇنياسىغا كىرىپ كېتەتتى. ئانا تىلىمىزنىڭ ھېكمەتلىرى، مۆجىزىلىرى، قۇدرەتلىكلىكى ۋە ئىپادىلەشچانلىقى ئۇنىڭ سەبىي قەلبى بىلەن چاقناق ئېڭىدا نامايان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بۈيۈك شائىر ناۋائىينىڭ شېئىرىي دۇردانىلىرىدىن لەززەتلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى ھەمدە جۇڭگو ۋە چەتئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە تونۇشتى. پۈشكىن، گوگول، لېرمونتوۋ، تولستوي، چېخوۋ، ماكسىم گوركى، ماياكوۋسكىلارنىڭ ئەدەبىيات مەكتىپى شېئىرىيەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بۇ ياش ھەۋەسكارنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قوينىغا ئالدى. ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئۇنى مىخائىل شولوخوۋ، سېرگېي يېسېنىن، گېنرىخ گېيىنى، بايرون، شېللېر ئەسەرلىرى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقى ئارقىلىق تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شولوخوۋ ئەسەرلىرى ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالدى. شولوخوۋنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان سەنئەتكارلىقى، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەدىئىي تالانتى، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى شۇ قەدەر ئىنچىكە ھەم جانلىق تەسۋىرلەش ماھارىتى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ ناۋائىي، پۈشكىن، لېرمونتوۋ، سېرگېي يېسېنىنلاردىن تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى، بولۇپمۇ تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ يادروسى بولغان ئۇلۇغ ئىنسانىنى ھەمدە ئۇنىڭ قەلب دېئالېكتىكىسىنى قانداق تەسۋىرلەشنى ئۆگەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا يازغۇچى، شائىرلىرى — ئايبېك، خەمىت ئالىمجان، غاپۇر غولام، ئۇيغۇن، مىرتېمىر، زۇلپىيە، ئەسقەر مۇختار، مۇختار ئاۋېزوۋ، خەمىت ئىرغالىيېۋ، سىرباي مەۋلانوۋلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىيات يولىغا چۈشۈش ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئەركىن ۋاھىدوپ، ئابدۇللا ئارىپوۋ، مۇقاغالى ماقاتايېۋ، جۇمەكەن نەجمىدىنوۋ، ئولجاس سۇلايمانوۋلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ، ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ئوزۇق تەييارلىدى.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «شىخەنزە» ناملىق تۇنجى شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1961 - يىللىق 27 - ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنىدى. شائىرنىڭ شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى 300 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ «ھېلال ئاي»، «قەنت يېمەس بالا»، «چېچەك»، «ئەركىلە، بالام» ناملىق شېئىرلىرى ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. ۋەتەن ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن بۇ شېئىرلار خاھىشى يوشۇرۇن، ھېسسىياتى تېپىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شائىر ئۆزىنىڭ «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا»، «تال - تال

www.uyghurkitap.com

ئاق چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا»، «ياشاش لوگىكام»، «دەرەخلەر»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «كۆكلەم لىرىكىلىرى»، «قورۇق تام»، «توزان قەسىدىسى»، «يېڭى كۈن ــ يېڭى سۆيگۈ، يېڭى ئالەم»، «ئۈرۈمچى، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم»، «شائىرغا»، «ناخشىچى»، «قاشلىق بۇلبۇلغا»، «سۆيگۈ كۈيى»، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك پرىنسىپلارغا ئىمكان قەدەر ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى روشەن ئىپادىلىدى. شۇڭا بۇ شېئىرلار كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شائىرنىڭ «ياڭرا، ئەجەم» ناملىق تۆت پارچە شېئىرى 1979 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ناملىق شېئىرى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەمدە 1981 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر شېئىر مۇكاپاتىغا، «توزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى 1984 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر شېئىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە نالەمچە سۆيگۈ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شائىرنىڭ «تاڭ لىرىكىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى.

ئوسمانجان ساۋۇت ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا بەيخۇا، گۇڭلىيۇ، جياڭشۆمىن، جىيۇ، شىيچېڭرىن قاتارلىق خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى، ئىنۋارداس مىژىلايتىسنىڭ «ئادەم» ناملىق چاتما شېئىرىنى، شولوخوۋنىڭ بىرقانچە ھېكايىسىنى ۋە ئۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلارنى، سېرگېي يېسېنىننىڭ مەشھۇر «پارس لىرىكىلىرى» ناملىق چاتما شېئىرىنى، سوۋېت گرۇزىن يازغۇچىسى نودار دۇمبادزىنىڭ «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» ناملىق رومانىنى ۋە يەنە كۆپلىگەن سوۋېت شائىرلىرى بىلەن شائىرەلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ ھەمدە نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك ئەمەلىي تۆھپە قوشتى. ئۇ يەنە يازغۇچى زوردۇن سابىر بىلەن بىرلىشىپ «سىرلىق ئارال» نىڭ 2 - تومىنى تەرجىمە قىلدى. 1984 - يىلى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمە مۇكاپاتى پائالىيىتىدە ئۇنىڭ «قورشاۋ بۇزۇش ناخشىسى» ناملىق شېئىرىي تەرجىمىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ جۇشقۇنلۇق ئىجادىي ھاياتى ۋە خەلقىمىزگە تەقدىم قىل-

غان مول ھەم سۆپەتلىك شېئىردي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ تالانتلىق، ئۇمىدلىك، ئىستىقـ
باللىق شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن جۇشقۇن لىرىكىنى
يۇغۇرۇۋېتىش، يارقىن شېئىردي تىل ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق مىسرالار ئارقىلىق گۈ-
زەل شېئىردي مۇھىت يارىتىش شائىرنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى شەكىللەنـ
دۈرگەن. بۇ خىل بەدىئىي پرىنسىپ ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» نامـ
لىق مەشھۇر شېئىرىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. شائىر شېئىر ھەم مەزمۇندار
(پىكىرلىك) ھەم شەكىلدار (چىرايلىق، توق قاپىيىلىك، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلـ
غان) بولۇشى كېرەك، تەييار ئىبارىلەر، كۆپ چاينالغان كېسىم سۆزلەر، باشقىلارنىڭ
قەلىمىگە تەئەللۇق ئوخشىتىشلار شېئىرغا ئەسلا جۇلا بەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە
ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىجاـ
دىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر قەلەمكەش ئۆچۈن
ئۆگىنىش ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى دېگەنلىكتۇر. ئۆگىنىشتىن ئايرىلغان قەلەمكەش سەنـ
ئەت ھاياتىدىنمۇ جەزمەن ئايرىلىدۇ. قەلبى ئويغاق، ئىدرىكى ئويغاق قەلەمكەشكە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنىڭ ئۆزى پوئېزىيە، ھاياتنىڭ ئۆزى
شېئىر، ھاياتنىڭ ئۆزى مۇھەببەت. كىشىدە شائىرانە كۆز ۋە
شائىرانە يۈرەكلا بولىدىكەن، شېئىرىيەت بۇلىقى مەڭگۈ سۇغالمايدۇ. ھاياتنى ھەقـ
قىي سېزىنىشنىڭ ئۆزى قەلەمكەشنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلھام مەنبەسى، سۇغالماس
ھېسسىيات بۇلىقى. ھەرقانداق قەلەمكەش ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان دەۋرداشلىرىـ
غا مەڭگۈ قەرزدارلىق تۇيغۇسىدا تۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا،
شۇنداق سەزگۈدە بولغاندىلا، ھەقىقىي ئۆلمەس شېئىرلارنى يازالايدۇ.
مەن شېئىرىيەت ياش چەكلىمىسىگە بەكمۇ روشەن ئۇچرايدۇ، دېگەن گەپلەرگە ئىشەنـ
مەيمەن. شائىرنىڭ ۋەتەن، خەلق، ئادەمگە بولغان مۇھەببىتى ئۆچمەيدىغانلا بولسا،
ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمۇ مەڭگۈ قېرىمايدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!»

---

(بېشى 133 - بەتتە)

نىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىنى چۈشەندۈرۈشتە بولسۇن، مەيـ
لى «خىيال ۋە سايە»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «بىسى يانغان شەمشەر» قاتارلىق
ئەسەرلەرنىڭ ئوبراز قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىشتا بولسۇن، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ دەل
بولۇش ۋە ئىلمىي بولۇش پرىنسىپىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە چەتنەپ كەتكەن.
ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان «قېلىپسىز خاراكـ
تېر» نەزەرىيىسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ شەخـ
سىي، بىر تەرەپلىمىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي
قالغان. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى يولداش ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
تەنقىدىنىڭ ۋەزىپىسى، رولى ۋە خاراكتېرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ دېگەندەك چوڭقۇر
بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ ھال كىشىنى «تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ». ئەـ
دەبىيات - سەنئەت تەنقىدى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق كىشى ئالدى بىلەن
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، رولى ۋە خاراكتېرىنى توغرا چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشى زۆرۈر.

www.uyghurkitap.com



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

**فېي شەنيا**

## مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بوۋىسى — ھامسۇن

كنۇت ھامسۇن ھازىرقى زامان ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى. ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى سىنگېر ھامسۇن توغرىلىق توختالغاندا: «ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئالغاندا، ئۇ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بوۋىسى ئىدى، XX ئەسىردىكى مودېرنىزملىق پروزا ھامسۇندىن باشلانغان» دېگەنىدى. خېرمان خېسسې، ئېرنىست ھېمىڭۋاي، ك. مانسفېلد قاتارلىق بۈيۈك يازغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنىڭ ھامسۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كنۇت ھامسۇننىڭ ئەسلى ئىسمى كنۇت فېدېرسېن بولۇپ، 1859-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى نورۋېگىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى گودبرانسدالدا تۇغۇلغان. ئۇ يەردىكى دېھقانلار تەرسا ۋە چىدامىلىق كەلگەچكە ھامسۇندىمۇ بۇ خىل خاراكتېر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانا جەمەتى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ئىدى. دادىسى پېدېر فېدېرسېن سكوپاكېن ئەسلى تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان، ئەمما رومانتىك ئادەم بولۇپ، سەيلى-ساياھەتكە ئامراق ئىدى. ھامسۇن مەكتەپتە ئوقۇماي، 14 يېشىدىن باشلاپ موزدۇزلۇق قىلىدۇ، كۆمۈر توشۇغۇچى، يول ئاسرىغۇچى بولۇپ ئۆز كۈنىنى ئالىدۇ. تۇنجى ئەسىرى «ئاچارچىلىق» نى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئون يىل ئىچىدە، ئۇ ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ ۋە ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىدۇ. 1879-، 1880-يىللاردىكى قىش كۈنلىرى ئوسلودىكى كەمبەغەللەر لېۋىنى چىشلەپ دېگۈدەك ياشىغان ئەڭ قىيىن ۋاقىتلار ئىدى. «ئاچارچىلىق» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بابتا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ئىدى. ئۇ 23 يېشىدا نورۋېگىيىدىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئىشلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قالىدۇ، دوختۇر: «ئۆپكە كېسىلىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، يەنە ئۈچ ئايلا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىسەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوست-بۇرادەرلىرى يىغىش قىلىپ بەرگەن پۇل بىلەن پاراخوتقا ئولتۇ-

روپ، نورۋېگىيىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۆز كېسىلىنى ئۆزى داۋالايدۇ. كېيىنچە ئۇ-
نىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ نوسلۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە يېرىم
ئاچ، يېرىم توق يۈرىدۇ، قورساقنىڭ غېمى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ. مەتبۇئات
ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغاندىن
كېيىن، تۇرمۇشنىڭ غېمى بىلەن شۇ يىلى كۈزدە يەنە ئامېرىكىغا بېرىشقا مەجبۇر
بولىدۇ. 1888 - يىلى كوپېنھاگېنغا قايتىپ كېلىپ «ئاچارچىلىق» نىڭ دەسلەپكى
نۇسخىسىنى يېزىپ تاماملايدۇ. 1890 - يىلى 31 ياشقا كىرگىنىدە تۇنجى رومانى
«ئاچارچىلىق» نى ئېلان قىلىدۇ.

«ئاچارچىلىق» نىڭ ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇ-
نىڭدا ئۇن يىللىق ھەقىقىي ۋە ئېغىر تۇرمۇشنىڭ قىسقىغىنە بىرنەچچە ئايغا يىغىنچاق-
لانغانلىقىدۇر. قورساق تويغۇدەك تاماقتا ئىگە بولالماي ئۆتكۈزگەن ئون يىللىق جا-
پالىق تۇرمۇش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى بېيىتتىدۇ، ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇر-
لۇقىنى ئاشۇردۇ. روماندا، ئاساسەن ئاڭ ئېقىمى ئۇسلۇبى قوللىنىلغان بولۇپ، ئاپ-
تورنىڭ ئىچكى ھاياجىنى سىڭگەن، ئەسەر ئىنتايىن راۋان، ئۇنىڭدا ئاچ قالغۇ-
چىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تۇيغۇسى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. XX ئەسىرنىڭ ئاخىر-
لىرى ياۋروپالىقلارنىڭ ئوي - پىكرى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىچكى دۇنياغا بۇ-
رالغانىدى. «ئاچارچىلىق» تىمۇ شۇنداق يېزىلدى. ئەمما، ھامسۇننىڭ باشقىلاردىن
ئۈلۈغلۈقى شۇ يەردىكى، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئىچكى كەيپىياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنى-
چىكىلىك بىلەن كۆزىتەلىگەن ۋە ھېس قىلالىغان ھەمدە بۇ خىل ئۆزگىرىشچان كەي-
پىياتنى سالماقلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەپ چىققان، بۇ «ئاچارچىلىق» نىڭ
ھازىرغىچە نۇرغۇن كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى-
دىن بىرى بولسا كېرەك. ھامسۇن «ئاچارچىلىق» نىڭ ئۈچىنچى بابىدا باش قەھرى-
مان بىلەن پاھىشە ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىبسېن قاتار-
لىق يازغۇچى، دراماتورگلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەخلاق قارىشىدىن زور دەرىجىدە
ھالقىپ ئۆتكەن. پاھىشە ئايال بىر كېچە بىرگە بولساق دەپ باش قەھرىمانىنى تار-
تىدۇ. باش قەھرىمان ئەخلاقىزىچىلارنىڭ پاك مۇخلىسىغىمۇ، نەپسى تاقىلداپ تۇر-
غان شەھۋەتپەرەسكىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا بۇ ھاياجانلى-
نىشنى دەگسەپ كۆرىدۇ، ھەتتا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئايالغا قارايدۇ. ئاخىرىدا
چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بۇ ئىشنى بولدى قىلىدۇ. «ئاچارچىلىق» نىڭ كىتابخانلار-
نى ئۆزىگە تارتىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدىكى چەبدەسلىك ۋە ئاچچىق
كىنايىدۇر. ھامسۇن بۇ روماندا نورۋېگىيە تىلىنى ئىنتايىن جانلاندۇرغان، ئەسەر-
نىڭ راۋانلىقى جەھەتتىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. «ئاچارچىلىق» نىڭ ئەڭ
قىزىقارلىق يېرى يوقسۇزچىلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش: ئاچارچىلىق ئەسلى ئازابلىنار-
لىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئەسەردىكى كەيپىيات ئىنتايىن يەڭگىل. ئەسەردىكى پېر-
سوناژلار شۇنچە پەم - پاراسەتلىك ھەم ئەركىن، ھەتتا پېرسوناژلار چوڭقۇر بوھران

www.uyghurkitap.com

ئىچىگە پاتقان ھالەتتىمۇ شۇنداق. روماندىكى باش قەھرىمان ئۆزىگە قىلچىلىكمۇ
كۆيۈنمەيدۇ. كىتابخانلارمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئەسەرگە باشتىن-
ئاخىر مۇنداق مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن: ئۇنىڭ ئاچارچىلىقىنى ئاڭسىزلىقى كەلتۈرۈپ
چىقارغان، ئۇنىڭ مۇنداق ئازابىنى تاللىۋېلىشى، مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
ياخشىلىنىشىدىكى ئۇسۇل. ئاپتورنىڭ رومانىدا كىشىلەرنى قوزغىلىپ بۇ ئاچارچىلىق
چەكتىن ئاشقان جەمئىيەتكە قارشى چىقىشقا چاقىرماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ
ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە ئىشىنىپ كېتەلمىگەن. گەرچە ئاپتور جۇش-
قۇن يېڭى تۇرمۇشقا ئىنتىلسىمۇ لېكىن ئىددىيىدە پىشىپ يېتىلگەن يازغۇچى بولۇش
سۈپىتى بىلەن، بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ھالاك قىلغۇچىسى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە دەپ
قارايدۇ، ئەمما بۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈمىدىنى ئۇلارغا باغلىمايدۇ. «ئاچار-
چىلىق» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھامسۇننىڭ ئەسەرلىرى كەينى-كەينىدىن
ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەدەبىيات ساھەسىدە نام چىقىرىدۇ، لېكىن يۇقىرى
تەبىقىدىكىلەر ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم باشلايدۇ.

1898-يىلى ھامسۇن يېڭى توي قىلىپ شېرىن ئاينىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان
ۋاقىتلىرىدا «ۋىكتورىيە» نى يازىدۇ. بۇ كىشىنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلىدى-
غان مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئىدى. تۈگمەنچىنىڭ ئوغلى يوھانس يېزا ئاقساقلى-
نىڭ قىزى ۋىكتورىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. قىزمۇ ئۇزۇندىن بېرى باي تە-
سەۋۋۇرلۇق بۇ يىگىتكە كۆيۈپ-پىشىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئۇلار
ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم سىنىپىي توسۇقمۇ پەيدا بولىدۇ. يوھانس بۇ توسۇقتىن بۆ-
سۈپ ئۆتۈپ يازغۇچى بولماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئىنتايىن ئاز
بولغان ئەھۋالدىمۇ بىر-بىرىنى قاتتىق ياخشى كۆرىدۇ. ۋىكتورىيەنىڭ دادىسى
ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. ۋىكتورىيە ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار
قىز بولغاچقا، نائىلاج دادىسى تاپقان باي يىگىت ئوتتوغا ياتلىق بولۇپ، ئائىلى-
سىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ. يوھانس ۋىكتورىيە بىلەن ئوتتونىڭ ھەشە-
مەتلىك توي مەرىكىسىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ. ۋىكتورىيە بۇ سورۇندا سا-
ھىبجامال كامىلانى يوھانسقا تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ. كامىلا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى
يوھانس سۇدىن قۇتقۇزۇۋالغان قىز بولۇپ چىقىدۇ. گەرچە ۋىكتورىيەنىڭ يو-
ھانسقا يەنىلا كۆڭلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كامىلا بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى باغلاپ قو-
يۇشنى ئويلايدۇ. كامىلانىڭمۇ ئىچىگە ئوت چۈشۈپ، ئولتۇرسا، قوپسا يوھانسنى
ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يوھانس ئاخىرى ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قو-
يىدۇ. شۇ كۈنى ئوۋغا چىققان ئوتتو قازا تاپىدۇ. ئائىلىنى يۆلەۋاتقان تىرەكنىڭ
سۇنۇشى بىلەن ئىگىلىكنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىدىن كۆزى يەتكەن ۋىكتورىيەنىڭ
دادىسى مال-ۋارانلىرىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ، ئۆزىنىمۇ ئوتتا ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ۋىكتورىيە
ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ. ئۇ يوھانسنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى
ئىزھار قىلىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا يوھانس كامىلا بىلەن پۈتۈشۈپ بولغانىدى.

خۇددى بەزى ياشلارنىڭ شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، كامىرا ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ-دە، بىر كۆرۈشىدىلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا يوھاننىڭ كەچۈرۈم سورايدۇ. يوھانس قىلچە ئېغىر ئالماي ۋىكتورىيە بىلەن توي قىلىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ كېچىككەنىدى. ۋىكتورىيە ئېغىر ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا بىرسى يوھانسقا قايغۇلۇق ۋەسىيەتنامە ئېلىپ كېلىدۇ. ھامسۇننىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىققان بۇ لىرىك رومانى يۇقىرى تىراژدا بېسىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىبسېن ۋە بىئۆرنسۇننىڭلا ئەسەرلىرى شۇنداق يۇقىرى تىراژدا بېسىلغانىدى. «ۋىكتورىيە» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەينى ۋاقىتتىكى تەقرىزچىلەر ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىدۇ. ئەمما يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە مەنسۇپ بولغان «سەھەر گېزىتى» تەتۈر مۇقام تۇۋلاپ: «بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر ئەمەس. چۈنكى ھامسۇن يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرىنى تاسۋىرلەشتە ھېچقانداق تەجرىبىگە ئىگە ئەمەس» دەيدۇ. بۇنىڭ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك قارىشى، يەككە-يېگانە، رەزىل ھۇجۇمى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ھامسۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ «مەلىكە» سىنى قوغدايدۇ. ئۇ دوستىغا يازغان خېتىدە: «يېقىندىن بېرى بەزىلەر تەربىيىلىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا ھەددىن چوڭ گەپ سېتىۋاتىدۇ. ‹تەربىيە كۆرۈش› ئالدى بىلەن بىر ئادەمنىڭ قانچە قېتىم سەيلە-ساياھەت قىلغانلىقىغا، قانچە قېتىم كۆرگەزمە كۆرگەنلىكىگە ۋە قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىغا قاراش كېرەك دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ‹تەربىيىلىنىش› دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمدىم-بىلمەمدىم ئۆزۈممۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما مەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ قارايمەن» دەيدۇ. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ھامسۇننىڭ بۇ نادىر ئەسىرى نورۋېگىيە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىپتىخارى بولۇپ قالماي، بەلكى جاھان مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىباھا بايلىقى بولۇپ قالدى ھەمدە رادىئو دراممىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 80-يىللاردىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ «ۋىكتورىيە» يەنە باللېت ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلىپ، پايتەخت ئوسلودا تۇنجى قېتىمدىلا بىر ئايدىن ئوشۇق ئوينالدى. چەت ئەللىكلەر، نورۋېگىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى كىشىلەر كېلىپ ئويۇننى بەس-بەستە كۆرۈشتى.

ھامسۇن يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر يازغۇچى. ئۇ ئۆزى: «مەن ئۆز ئۇسلۇبىم بويىچە ئەسەر يازىمەن، لېكىن ھەرقانداق ئادەمدىن ئۆگىنىۋېرىمەن» دېگەنىدى. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭمىدى ياكى ھەر خىل ئېقىمدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلارغا ۋە نوپۇز ئىگىلىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنمىدى. ئۇ «ئاچارچىلىق» نى ئېلان قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز مەملىكىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەچ سەيلە-ساياھەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا نورۋېگىيىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىئۆرنسۇن، كىلاند، يۇناس. لى ۋە ئىبسېندىن ئىبارەت «تۆت ئەزىمەت» بار ئىدى. بۇ تۆت يازغۇچى نورۋېگىيىنىڭ دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلىرى ئىدى. ھامسۇن بۇلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى

بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي بىئانسوننىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەن ۋە ئاسانلا زىددىيەت پەيدا بولىدىغان قاراشلىرىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئۇ يەنە يوناس. لى ۋە كلاندىنىڭ مۇجمەل ئۇسلۇبىنى تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭ تەنقىدىي نۇتۇقلىرى ھەرقايسى جايلارغا تارقالدى. ھامسۇن ئەڭ ئاخىرىدا نۇتۇق سۆزلىگىلى ئوسلوغا كەلگەندە جەنۇبىي ياۋروپادا 20 يىلدىن كۆپرەك تۇرغان ئىبسېن ئەمدىلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئىبسېن بۇ نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە سەل خاپا بولغان ھالدا ئالدىنقى رەتتە قاراپ ئولتۇردى. ھامسۇن يۈز قاراپ ئولتۇرماي ئىبسېننىڭ ئەخلاقىي قائىدە شەكلىدىكى پەند-نەسىھەت ۋە مۇنازىرە شەكلىدىكى دراممىلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇ ياراتقان پېرسوناژلار تاماشىبىنلاردىن ئانچە ئەقىللىق ئەمەس، دېدى.

ئىبسېن ھامسۇننىڭ كىشىنى ئازابلايدىغان نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا «بىناكار» نى يازدى. درامىدا ئىبسېن باش قەھرىمانى ئارقىلىق: «مەن بۇ ئاددىي كىشىلەر ئۈچۈن سالغان ئۆي بەك كۆپ بولۇپ كەتكەندۇ، بىرنەچچە چوڭ چېركاۋنى ئارتۇق سالدۇرغىنىم گۇناھىم بولۇپ قالغاندۇ» دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ سۆزدىن «ئاچارچىلىق» نىڭ «چېركاۋ» دېيىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ھامسۇننىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىددىيىسى يەنە مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ئۇ ھەرقانداق يېڭى شەيئىي كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالدىنقى دەۋردىكىدىن ئېشىپ كېتىشى شەرت دەپ قارايدۇ. ئۇ 1917-يىلى «زېمىننىڭ نېمەتلىرى» نى يېزىپ تاماملايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە ساغلام، روھىي جەھەتتە كۆتۈرەڭگۈ بولغان شىمالىي نورۋېگىيىلىك بىر دېھقاننى تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلغۇچى دېھقاننىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرغان ۋەقەلىرى كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئارىدىن 70 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئەسەر ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەر دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. «زېمىننىڭ نېمەتلىرى» 1920-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا ھامسۇن: «ستوكھولمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان شان-شۆھرىتى ۋە بايلىقى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. ئەمما مەندە ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نەرسە كەم، ئۇ بولسىمۇ ياشلىق... شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلارىمنى بىلمەيۋاتىمەن... ئەمما مەن شۋېتسىيە ياشلىرى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىمەن! بارلىق ياشلار ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىمەن!» دېگەنىدى. يېرىم بەتتىن ئوشۇقراق كېلىدىغان جاۋاب خەت شۇنداقلا ئاخىرلاشقانىدى. ھامسۇننىڭ بۇ قىسقا سۆزى ئولتۇرغانلارنىڭ قەلب تارىنى چېكىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى بىر ئەۋلادلارغا باغلىغانىدى.

ھامسۇن بۇرۇنلا نىتسىنىڭ ئىددىيىسىگە چوقۇناتتى ھەم ئۇرۇقداشلىق باشلىقلىق سىياسىتىنى تەرغىب قىلغانىدى. XX ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى ئۇ گېرمانىيىگە

چوقۇندى. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ناتسىزمنى ئاشكارا ماختاپ، ناتسىستچىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيىنى ئۇرۇقداشلىق باشلىقلىق سىياسىتىنىڭ ئۆلگىسى دەپ قارىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ ماقالە يېزىپ گىتلېرنى ئاشكارا قوللىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ۋەتىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالغاندىمۇ ئۇ فاشىستلار تەرەپتە تۇرۇپ، فاشىست ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ دېپىنى چالدى.

1945 - يىلى ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ خەلقنىڭ سورۇقىغا تارتىلدى. كېيىن كېسەللىك تۈپەيلىدىن قويۇپ بېرىلدى.

1952 - يىلى 93 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئەدەبىيات پېشۋاسى 70 يىل ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. 90 يېشىدا يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كىتابىنىڭ سۆز - جۈملىلىرىمۇ ئىنتايىن ئىخچام، قىزغىن ۋە تەبىئىي چىققان. ئۇ، ئىجادىيەتتە كۆپ قىرلىق بولۇپ، شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى يازدى. «ئاچارچىلىق»، «سىر» قاتارلىق بىر قاتار مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مۇشۇنداق ئىنتايىن مۇھىم بىر يازغۇچى ئۆز دۆلىتى ئىچى ۋە سىرتىدا بىر مەزگىل سەل قارالدى. ئەمما ھامسۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن دۆلەتلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. سوۋېت روسىيىسىدىكى كىتابخانىلار ئىلگىرىلا ئۇنى ل. تولستوي، دوستويېۋسكىي قاتارلىق يازغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا قويغانىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى خېلىلا نامى بار بەزى يازغۇچىلار ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياكى شاگىرتلىرى ئىدى. بۇ مەملىكەتلەردىكى ھامسۇننى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرغۇنلىشان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەزىلىرى ھامسۇننىڭ ئەسلى ئەسىرىنى ئوقۇپ، تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قانچىلىك چىقىمغا ئۇچرىشىغا باقماي نورۋېگىيە تىلىنى مەخسۇس ئۆگەندى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىزدە ھامسۇننىڭ «ئاچارچىلىق»، «چوپانلار ئىلاھى»، «زېمىننىڭ نېمەتلىرى»، «ۋىكتورىيە» قاتارلىق رومانلىرى ۋە بەزى ھېكايىلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. بۇ مەملىكىتىمىز ئەدەبىيات ساھەسىنى ۋە كەڭ كىتابخانلارنى بۈيۈك يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

(«ئەدەبىيات ـ سەنئەت» گېزىتىنىڭ 1988 - يىلى 20 - ئاۋغۇستتىكى سانىدىن)

**كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

## ☆ روزى قادىرى ☆

تالانتلىق شائىر روزى قادىرى 1925 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كېيىن غۇلجىغا چىقىپ كېتىپ، شۇ يەردە ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن. ئۇنىڭ «خەلقىم» ناملىق شېئىرى 1945 - يىلى 5 - ئايدا شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى «باھار» تەخەللۇسى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. روزى قادىرى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدىن قەشقەرگە قايتىپ، «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھازىرغىچە ئۇنىڭ «ئۈچقۇن»، «سادالىرىم»، «غۇرۇرۇم»، «قەشقەر قوشىقى»، «گۈلنار»، «قەلبىم سەندىكى»، «دوستلۇق نەشىدىسى» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرى نەشىر قىلىنىدى. روزى قادىرى ھازىر ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيغۇر سېكسىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

### ئۇنتۇمايمەن

(مۇخەممەس)

ئەي، قەشقەر، ئانا ماكان ئۇنتۇمايمەن،
چىقمايسەن ئەستىن ھامان، ئۇنتۇمايمەن،
ئۇنتۇما دەيدۇ ۋىجدان، ئۇنتۇمايمەن،
دىل شۇنداق بېرەر پەرمان، ئۇنتۇمايمەن،
ئۇنۇتسام، دېمە ئوغلان، ئۇنتۇمايمەن!

ئەسلەيمەن قاتار رەستە، گۈزەرىڭنى،
يىپەك ۋە گىلەم يايغان بازارىڭنى،
رەڭمۇ رەڭ گۈللىرىڭنى، گۈلزارىڭنى،
چىرايىدا قىياسى يوق ئۇزارىڭنى،
ئۇنتۇسام، دېمە ئىنسان، ئۇنتۇمايمەن!

ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلىرى، مۇرەببەسى،
بەشكىرەم ھۆسەينىسى ھەم چاراسى،
پەيزاۋات ئاق ناۋاتى، تەم - شىرنىسى،
قاغىلىق ئانارلىرى ۋە گىلاسى،
تىلىمدىن كەتمەس ھامان، ئۇنتۇمايمەن!

ئەسلەيمەن، يادىمدىدۇر يېشىل گۈلباغ،
كۆزلەرنى قاماشتۇرار لالە چىراغ،
لالىلەر ئارا قۇرغان سۆھبەت ئىناق،
كۆزۈمدىن ئۆتەر بىر-بىر، ئۆتەر ھەرچاغ،
يادلىتار مېنى ھامان، ئۇنتۇمايمەن!

ئۇندا بار قىشى قەلەم، گۈلدەك قىزلار،
تىكىلسەم، ئۇيالغاندەك باقار كۆزلەر،
چېچىنى ئوريناپ ئۈلار شېرىن سۆزلەر،
جىلۋىدە ئەقلىم ئالار ئانار يۈزلەر،
«ئېلىك!» دەپ تۇتار ئاق نان، ئۇنتۇمايمەن!

يۈرىكىم ساداسىنى ئاڭلا، قەشقەر،
دوستلۇقنىڭ مېھرى بىلەن قەلبىڭ ياشنار،
قەلبىمگە خۇرسەنلىكىم تىنىماي تاشار،
كۆپ چۇلغاپ، مەنزىل بويلاپ داۋان ئاشار،
تەلپۈنەر ساڭا بۇ جان، ئۇنتۇمايمەن!

## قارا كۆز

(مۇسەددەس)

سۆيگۈ جەۋھىرىن تەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
جەۋھەر بەردىم، قول بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
مېھرىمنى پۈتكۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
دىل قىتىغا يول بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

بىقىپ ئۇزاق، ئۇزاقتىن، چەكتىم سۆيگۈ راۋابىن،
دەپنە قىلدى بەرداشىم ھىجران دەردىن، ئازابىن،
ئىچىپ قانماق خۇمارىم مۇھەببىتىڭ شارابىن،
يازاي دەيمەن ئۆمرۈمچە ۋەسىل دەملەر كىتابىن!
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

ئوتلۇق قەلبىم ئەمرىدە بولدۇم ئىشقىڭ ئەسىرى،
ساڭا كۆيگەچ ئۆمرۈمدە، بولدۇم ئىشقىڭ ئەسىرى،
سېنى سۆيگەچ ئۆمرۈمدە، بولدۇم ئىشقىڭ ئەسىرى،
سەن ياندۇرغاچ مېھرىڭدە، بولدۇم ئىشقىڭ ئەسىرى،
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

ئىشقىمغا بولسۇن گۇۋاھ خەلقى — ئالەم سەن ئۈچۈن،
چىن ۋاپا گۈلزارىغا قويدۇم قەدەم سەن ئۈچۈن،
گۈل ئاشىقى بۇلبۇلدەك سايراي ھەردەم سەن ئۈچۈن،
ۋاپادارغا ۋاپا دەپ كۈيلەي ھەردەم سەن ئۈچۈن!
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆيگۈمىزگە مۇناسىپ بۇ دىيانەت گۈلشىنى،
ئىخلاس گۈلىن ئېچىتمۇ بۇ ساداقەت گۈلشىنى،
جىلۋىلەرگە تولۇپتۇ بۇ نازاكەت گۈلشىنى،
بىزنى چىللار باغرىغا بۇ سائادەت گۈلشىنى!
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

ئىزهار ئەتتىم سىرىمنى، سەرۋى قامەت گۈليارىم،
تۆكتۈم دىلدا بارىمنى، گۈلئۇزارىم، دىلدارىم،
ئېيتتىم يۈرەك بۇيرۇغىن، خېرىدارىم، نىگارىم،
تۇتتۇم ساڭا ۋەسلىمنى، ئىپتىخارىم، گۈلنارىم!
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

بەختىمىزدىن يارالغان ئەجەب قۇتلۇق بۇ زامان،
پەخرىمىزدىن يارالغان ئەجەب قۇتلۇق بۇ زامان،
ئۆمرىمىزنىڭ غۇرۇرىن ئۇلغايتۇرار بۇ ماكان،
قادىرىي دەر: ئەبەدى ياشىسۇن، بولسۇن ئامان!
گۈليار دېدىم، گۈل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟
گۈل ئارقىلىق دىل بەردىم، بىلدىڭمۇ، جان قارا كۆز؟

## چېچەكلەر

چېچەكلەر، چېچەكلەر، زىبا چېچەكلەر،
سىزگە باقسام، كۆڭلۈم تويماس ھېچ قاچان.
سىزدەدۇر نازاكەت، سىزدە، بېزەكلەر،
سىز بىلەن كۆركەمدۇر بۇ ئانا ماكان!

ئىشقىڭىز شۇ تاپ كۆكسۈمدە ئىسيان،
مېھرىڭىز تۆپەيلى توقۇيمەن قوشاق.
مەن سىزنى كۆرمىسەم ئەگەر بىرەر ئان،
يۈز يىل كۆرمىگەندەك بولىمەن مۇشتاق.

ئادەملەر يۈرىكىن مەپتۇن قىلغانسىز،
خەندە ۋە تەبەسسۇم سىزدە مۇجەسسەم.
سىزدىدۇر بىغۇبار، مۇنەۋۋەر يۈزلەر،
شەپەق ھۆسنى سىزدە تاڭنىڭ ئەكسى ھەم.

مەن سىزگە پاسىبان ھەر كەچ، ھەر سەھەر،
كۆزۈمنى يۇمماستىن كۆزىتىپ يۈرەي.
تاڭ ئېتىپ قۇياشتىن تۆكۈلگۈچە زەر،
پەپىلەي، يۈز - كۆزۈم سىزگە تەگكۈزەي.

كۆز ياشنار سىزلەرگە باققان چاغلاردا،
تۈگەر دىل ئاغرىقى ۋە زەخمەتلىرى.
شىپا كۆپۈلدەيدۇ سىز بار تاغلاردا،
تۈگەيدۇ كۆڭۈلنىڭ غەمۇ - دەردلىرى.

چېچەكلەر، چېچەكلەر، زىلۋا چېچەكلەر،
سىزگەدۇر ئەقىدەم، سىزدىدۇر قەلبىم.
سىزدىدۇر نازاكەت، سىزدە بېزەكلەر،
سىزنى ھېچ سولدۇرماس گۈل سۆيەر خەلقىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت.

## خېلىل ھەمرايېۋ

شائىر خېلىل ھەمرايېۋ 1928 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت (ھازىرقى پانفىلوۋ) شەھرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ، 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدا ياشىغان. ئۇ 1944 - يىلى ئىلى گىمنازىيىسىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىن قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئىلى گىمنازىيىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ۋە «ئازاد زامان» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇنىڭ «يۈرەك سىرلىرى»، «ئىلى بويىدىكى ناخشىلار»، «دالا يۇلتۇزلىرى»، «جاسارەت»، «گۈلەمخان» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنىدى. ئۇ ھازىر ي س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

1988 - يىلى 17 - ئىيۇندا قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن شائىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى خاتىرىلەندى.

### شېئىرىيەت

مەن سېنىلا ئويلايمەنغۇ، ئويۇم يوقتەك،
باشقا ياققا بۇرۇلمايمەن، يولۇم يوقتەك.
يارىلىشتىن چىرماشقانغۇ ساڭا رىشتىم،
سەندىن ئاجراپ قالسام ناخشا - كۈيۈم
يوقتەك.
سەن قانىتىم، سەنسىز ئىككى قولۇم يوقتەك،
سەن گۈلزارىم، سەن بولمىساڭ گۈلۈم
يوقتەك.
بەختىم ئۈچۈن ئويۇمدا سەن دائىم بولغاچ،
بىلىنىدۇ ماڭا مەڭگۈ ئۆلۈم يوقتەك.

### ئانا يۇرت

مېھرىڭ بىلەن، يۇرتۇم، ئەلنى كولدۇرىسەن،
ئىشقىڭ بىلەن سىڭدۇرۇپ، كۆيدۈرىسەن.
نېمىدېگەن قۇدرەتلىك سەن، ئەزەلدىنلا
ئالقىنىڭدا قانچە تاغنى كۆتۈرىسەن.
سەن بىر تارىخ، ئەجدادىمنىڭ ئۆمۈرى سەن،
سەن بىر دەريا، زور دېڭىزنىڭ تومۇرى سەن.
ئەي، ئانا يۇرت، يۈرەكتىكى شېئىرىمنىڭ
ئىلھامى سەن، چاقمىقى سەن، يامغۇرى
سەن...

### ئانا تىلىم

مەن تىرىك مېھرى قۇياش ئىلىم بىلەن،
مەڭگۈ سولماس ئىجادىيەت گۈلۈم بىلەن.
شېئىرىيەت — گۈزەللىكنىڭ زەر تاجىسى،
يۆگەشكەنمەن ئاڭا ئانا تىلىم بىلەن.

مەن تىرىك، تىلىم كۈيلەر شېئىر دېيەتتى،
كۈيگە قوشۇپ قەلبىمدىكى ھارارەتنى.
ئانا تىلىم ــ مېنىڭ يۈرەك تەرجىمانىم،
ئۇلۇغلايمەن ئاڭا بولغان مۇھەببەتنى.

مەن تىرىك ئانا تىللىق يۇرتۇم بىلەن،
شېئىرىمدا يېنىپ تۇرغان ئوتۇم بىلەن.
ئاشۇ ئوت ئۆچكەن كۈنى مەنمۇ ئۆچۈپ،
كۆمۈلەرمەن يەرگە قەلەم - قۇتام بىلەن.

## روزى تەمبۇر

ئوت ئىدىڭ، يالقۇن ئىدىڭ ئۆچمەيدىغان،
تاغ ئىدىڭ، دەريا ئىدىڭ كۆچمەيدىغان.
باغدىكى بۇلبۇل ئىدىڭ خۇش دىلرەبا،
گۈل ئىدىڭ گۈل شېخىدىن چۈشمەيدىغان.

مەن ساڭا ئاشىق ئىدىم سازىڭ ئۈچۈن،
سازغا جان بەرگەن ناخۇن - نازىڭ ئۈچۈن.
تاڭ بىلەن چالساڭ «ناۋا» مۇقامىنى،
ئېگىلەر تاغلار ساڭا تەزىم ئۈچۈن.

چالغىنىڭدا زوق بىلەن «ئەجەم» نى سەن،
بەند قىلىپ قويغان ئىدىڭ ئادەمنى سەن.
كۈي بىلەن باشلاپ «بايات» مۇنبەرىگە،
گۈل قىلىپ تۇتقان ماڭا ئالەمنى سەن.

«پەنجىگاھ» مۇقامىنى ئېيتىپ گۈزەل،
مەرغۇلى، مەشرىپىنى قىلدىڭ تۈگەل.
كۆتۈرۈپ چىڭ ئەۋجىگە «ئىراق»نى ھەم،
«چەببىيات» داستانىغا قوشتۇڭ غەزەل.

سەن مېنى ئويغا سېلىپ «چارگاھ» بىلەن،
مەست قىلىپ قويغان ئىدىڭ «سىگاھ» بىلەن.
سەگىتىپ قويغان ئىدىڭ سەن ئاخىرى،
سەنمۇ چۈش ئۇسسۇلغا دەپ ئاگاھ بىلەن.

ياڭرىتىپ «ئۆزھال» ۋە «راك» مۇقامىنى،
كۈي بىلەن تۇتتۇڭ كۆڭۈلنىڭ جامىنى.
«مۇشاۋىرەك» نەغمىسىگە داستان يېزىپ،
«روزى» دەپ قويدۇم ئۇنىڭ مەن نامىنى.

## يەرگە مۇھەببەت

ئاتا دېھقان نەقىشلەپ يۇرت دالاسىنى،
تۆكتى ئاڭا تەر ۋە يۈرەك ناۋاسىنى.
كۈندۈزى كۈن، تۈندە ئايىنى ھاپاش قىلىپ،
ھەر كۈزلۈكى ئېقتار دان دالاسىنى.

ئۆمۈر بويى يەرگ. ئىشلەپ، داننى ئاسراپ
كەچرەك يېتىپ قالغانىدى ئۇ ھالسىراپ.
بۈگۈن مانا ئۇنى يوقلاپ كەلدى ئەل- يۇرت،
دۈركۈن - دۈركۈن كىرىپ چىقتى ئەھۋال
سوراپ.

قولنى تىرەپ، كۆتۈرگەندە ئۆز قەددىنى،
بايقاپ قالدى ئۇ چايقالغان بىر سېدىنى.
«ئاچقىن، ئوغلۇم، دېرىزەمنى، ئېلىپ كىرسۇن
قىر شامىلى ماڭا يەرنىڭ خۇش ھىدىنى.

ياپما، ئوغلۇم، دېرىزەمنىڭ قانىتىنى،
راھەتلىنەي سۈمۈرۈپ تاڭ ئاپئېقىنى.
ئاق قۇش بولۇپ داللارنى ئايلىناي مەن،
قانات قىلىپ كۈننىڭ قىزىل شەپىقىنى.

ياپما، ئوغلۇم، دېرىزەمنىڭ قانىتىنى،
يۇلۇپ تاشلا ئۇنىڭ ياغاچ قاپقىقىنى.
ئانا يەرگە ئاققان مېھىر - مۇھەببىتىم
ئاق لەيلىدەك ساقلىسۇن ئۆز ئاقلىقىنى.»

دېدى ئالماي كەڭ دالادىن جۇپ كۆزىنى،
ئاڭلىدى يەر شۇندا ئۇنىڭ چىن سۆزىنى.

شۇ مۇھەببەت كۈچى بىلەن دېھقان ئاتا
ئەجەلدىنمۇ غالىب كۆردى بىر ئۆزىنى.

## تېلېگراف سىملىرى

زوقلىنىپ قارايمەن يولنىڭ چېتىگە،
تېلېگراف سىملىرى شۇۋىرلار پىنھان.
يېزىنى شەھەرگە، قىزىلى يىگىتكە،
يۈرەكنى يۈرەككە باغلار ئۇ ھامان.

تېلېگراف سىملىرى — خەۋەرچى سىملار،
مىليون دىل ئارزۇسى ئاقار ئىچىدە.
ئۇ، ئانا قەلبىنىڭ تاردەك بىدار،
ئۇيقۇنى بىلمەيدۇ ھەتتا كېچىدە.

شېئىرىم ئېقىپ شۇ سىملار قېنىدىن،
نۇر كەبى قۇيۇلسۇن بارچە دىللارغا.
بۇلاقلار يىپ بولۇپ ئاققاندەك قىردىن،
قىلىچلار ئايلانسۇن يۇمران سىملارغا.

## رۇبائىلار

بۇ جاھاندا ئىككى دوست بار ئۆلمەيدىغان،
جان تېپىلماس ئۇلار بىلەن كۈلمەيدىغان.
بىرى قۇياش، بىرى ئەزىز ئانا يەردۇر،
يا قېرىشنى، يا ھېرىشنى بىلمەيدىغان.

* *

ياخشىدىن نام قالار، ياماندىن داغ،
ياخشىنىڭ نىيىتى مېۋىلىك باغ،
ياخشىلىق قويۇلسا تارازىغا،
باسالماس ئۇنى تاش بولسىمۇ تاغ.

* *

ئاتا - ئانا ئۆلۈپ، قانات قايرىلسا،
يىغلار ئادەم ئىككى ئۈچ يىل كۆپ بولسا.
بىلگىن ئوغلۇم، ئۆمۈرۋايەت ياش تۆكۈپ
ئۆتەر كىمكى ۋەتىنىدىن ئايرىلسا.

* *

ئاچقىن، ئوغلۇم، ئىشىكلەرنى يوغان ئاچ،
بايقا، ئۈركۈپ كەتمىسۇن ئۇ نېرى قاچ.
ئەزىز ئانا يۇرتۇمنىڭ بىر گىياھسەن
ئەكەلگەندۇ، بەلكى بىزگە قارلىغاچ...

* *

ۋەتەن ئىشقى خىسلەتلىكتۇر، بۈيۈكتۇر،
ئۇ ئەبەدىي - مەڭگۈ ئۆچمەس كۆيۈكتۇر.
شائىر ياشار شۇ ئىشقتىن ئوت ئېلىپ،
بىل، ئۇنىڭسىز شائىر ئۆلۈكتۇر.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەت رەھىم.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

نىمەت ئەمىنوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## ئىككى ھەجۋى ھېكايە

### جىگەرى ئېزىلدى

دەرد — ئېغىر، دەردمەنلىك ئۇنىڭدىن ئېغىر. مانا، ئۈچ ئايدىن بېرى بوۋام بىچارە قىلتاماق كېسىلىگە گىرىپتار. گېلىدىن سۈت ۋە سۇدىن باشقا نەرسە ئۆتمەيدۇ. بوۋامنىڭ ئۆزى بولسا: «شۇ كۈنۈمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، كاشكى، تېزرەك ئامانىتىنى ئالسا ئىكەن!» دەپ زارلىنىدۇ. سودا باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان ئاتامنىڭمۇ «چوڭ دوختۇر» دەپ نام ئالغان ئانامنىڭمۇ باشلىرى تەشۋىشتىن خالىي بولمىدى. ئۆيىمىزگە تېۋىپ ۋە ۋراچلار ئۈزۈلمەي كېلىشىپ تۇردى، لېكىن پايدىسى بولمىدى. ئاقىۋەت بوۋام...

يۇرتتىن چىقساڭ چىق، يولدىن چىقما، ئاتام بىلەن ئىككىمىز بوۋامنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ تون كىيىپ قارا باغلىدۇق. دەرۋازا ئالدىدا ھازىغا كەلگەن يار - دوستلار، قەۋم - قېرىنداشلار قول قوۋۇشتۇرۇپ، سەپ تارتىشتى. ئىچ-كىرىدىن ئاياللارنىڭ پەريادى ئاڭلىنىدۇ. يېڭى كەلگەنلەر مەن بىلەن ئاتامنى بەزلەپ قۇچاقلىشىدۇ. «ئاجىز بەندە» دەپ مەدەت بېرىشىدۇ. ساراي ئۆيدە بوۋامنىڭ تەگتۇشلىرى — بىر توپ قېرىلار دەۋرە قىلىشتى: رەھمەتلىك بوۋام يەتمىش يەتتىگە كىرگەنىكەن. تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى. كۆزلىرىمگە ياش تولدى. ئىختىيارسىز بوۋامنىڭ بۇنىڭدىن ئون ئالتە يىل ئاۋۋال مېنى دەسلەپ مەكتەپكە يېتىلەپ بارغانلىقىنى ئەسلەيمەن. شۇچاغدا ئۇنىڭ ساقىلى چالا - بۇلا ئاقارغان، قامىتى تېخى ئېگىلمەپتىكەن ئىدى. ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ھەيدەر ئاشپەز بىلەن چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەنىدى. ھەيدەر ئاشپەز: «قېنى، ئىشان، بۇ قوزىچاقنى گۆشىنى سېتىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسىلەر؟» دېگەندە، بوۋام «ھەي، ياق، ئاشپەز ئۇستام، تۇۋا، ھازىرقى مۇئەللىملەر ئانچە گۆشخومار ئەمەس. نېسىپ بولسا سۆڭىكىمۇ، گۆشىمۇ ئۆزىمىزگە تەن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. تۈنۈگۈنلا ئىنىستىتۇتتىن دىپلوم ئېلىپ كەلگىنىمدە بۈگۈن...

— ۋاي، قەدىردانىم ئاتام!!! — جاراڭلىق ۋارقىراشتىن ئېسىمگە كەلدىم. يولنىڭ چەترەكىگە كېلىپ توختىغان ھاۋارەڭ «ۋولگا» دىن ئۇزۇن بەقەسەم تون

كىيگەن، قامەتلىك بىر كىشى چۈشۈپ، پەرياد كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە كېلەتتى.

— ۋاي، مېھرىبانىم ئا... تا...م غەنىمىتىم ئاتام!...«بۇ كىم بولىدىكىن؟» تاغام دەي دېسەم، تاغامنىڭ قورسىقى ئۇنداق يوغان ئەمەس. بەلكىم، ئاچامنىڭ ئېرى جوراۋاي ئاكام بولسا كېرەك. كۆزۈمنى قول ياغلىقىمغا ئېرتىپ، سەپسېلىپ قارىدىم. پۈتۈنلەي ناتونۇش. كۆمتۈرۈلگەن تەگنىدەك قورسىقىنىڭ ئاستىدىن ئاق شايى پوتا باغلىۋالغان، يوغان بېشىغا دوپپىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن بۇ كىشى قولىدىكى ياغلىق بىلەن كۆزلىرىنى توراپ، ئاتامغا ئۆزىنى تاشلىدى.

— پەرمان خەلىلوۋىچ، ئاتىدىن ئايرىلدۇقمۇ، ھە! — دېدى ئۇ مۆرىسىنى تەۋرىتىپ يىغلاۋېتىپ، — ۋاي، غەنىمىتىم ئاتام...مېھرىبانىم ئاتام!

كەلگۈچى ئادەم شۇ ئەلپازدا مەن بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەنمۇ ئۇنى سىلىپ يىغلىۋېتىپتىمەن:

— جېنىم بوۋا!...

ھېلىقى ئادەم ئاتام ۋە مەن بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، شۇنداق يىغلىدىكى، ھازىغا كېلىۋاتقان ئادەملەر بىزلەرنى تاشلاپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى.

— يېتىم بولدۇق، ئاكا! — دەيتتى ئۇ ھەركىمگە ئېسىلىپ، — بىزلەرنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭىز، ئاتا...!

تاۋۇت چىقىرىلىشقا يېقىن ئۇنىڭ پەريادى كۆككە ئۆرلىدى. ئۇ ئۇڭ قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئەتكىنچە، سول قولى بىلەن يۈگلۈق مەيدىسىگە مۇشتلاپ يىغلايتتى.

— ۋاي، جېنىم ئاتام...قېنى ئەمدى ئىلاج بولسا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندەك سىزنىمۇ مومىيالاپ قويساق ئىدۇق. ئاتام... پەرزەنتلىرىڭىز ھەر كۈنى دىدارىڭىزغا تويياتتى. ئاتام...ئاتا...م!

ئۇنىڭ بوزلاپ يىغلىشى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. چەترەكتە تۇرغان بىر ئادەمنىڭ ھىجىيىۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ھېلىقى «ھازىدار» بولسا بىزنىڭ سېپىمىزدە تۇرۇپ «ئاتام» دەپ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

— بىزلەرنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز ئاتا...ئاتا...م! جىگىرىم ئېزىلدىغۇ، يۆلەنچۈكسىز ئىدىڭىز ئاتام...ئەمدى پەرمان خەلىلوۋىچ كىمنى ئاتام دەيدۇ، ئاتام؟!....

مەن يېنىمدىكى ئاتامدىن ئاستا سورىدىم.

— ئاۋۇ ئادەم كىم، ئاتا؟

ئاتام ئۇڭ كۆزىنى قىسىپ، كۈلگەندەك بولدى.

— چاتىقىڭ بولمىسۇن، ساپائەت ماللىرى مۇدىرى قايماقوۋ.

— بىزگە تۇغقان بولامدۇ؟

ئاتام تەرىنى سۈرتۈپ:

— ياق، شۇنداق، — دېدى بىپەرۋالىق بىلەن، — ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرماقچى ئىدۇق...

بىرسى غىدىقلىغاندەك كۈلكۈم قىستىدى. ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. قايماقوۋ بولسا، يوغان گاراڭ - گۇرۇڭ قوپال ئاۋازى بىلەن ھامان پەرياد قىلاتتى. ئۇنىڭ يىغىسى بوۋامنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇۋاتقاندا تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ۋاي، ئاتامنىڭ ئورنىغا مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆمۈڭلار! ــ دەپ ئۆزىنى يەرلىككە تاشلى‑
ماقچى بولدى ئۇ. ئۇنى ئەم توپا ئۇستى‑
دىن ئاران كۆتۈرۈپ ئېلىشتى. ئەتراپتا
پىق ‑ پىق كۆلكە ئاڭلاندى. ئاتام ئۇنىڭغا
يېقىن كېلىپ:
ــ قاي ‑ ما قوۋۇ! ــ دېدى ئاچچىق
بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا. قايماقوۋ چۆچۈپ
ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىندى ۋە يىغى‑
دىن هاپىلا ‑ شاپىلا توختىدى، قارىشىمچە،
قايماقوۋنىڭ ئەمدى جىگرى ئېزىلگەنىدەك
بولدى. ئۇ بىر چەتكە بېرىپ، مۈڭلىنىپ
ئولتۇردى.
مازاردىن يېنىشتا قايماقوۋ تاۋۇتقا
يېپىلغان كورپە ۋە گۈللۈك ئەدديالنى
قولتۇقىغا قىسقان پېتى هەممىنىڭ ئالدى‑
دا بېشىنى سېلىپ، غەمكىن باراتتى.
كىمدۇر بىرسى:
ــ بىچارە قايماقوۋ، تاس قالدى ‑
دە، يەرلىككە چۈشۈپ كەتكىلى! ــ دېدى
كىنايە قىلىپ.
ــ تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ــ
دېدى شىلەپە كىيگەن ئورۇق بىر كىشى،ــ
قويۇپ بەرگىنىڭىزدە، ئۆزىنى يەرلىككە
تاشلىسىلا، ئۈستىدىن توپا تاشلايتتۇق،
بىر خۇشامەتچى كېمىيەتتى...
ئىتتىك مېڭىپ بېرىپ قايماقوۋنىڭ
قولىدىن كۆرپە ‑ ئەدديالنى ئالدىم.
ئۇ ماڭا قاراپ بىچارە قىياپەتتە
ھىجايدى.
بىچارە ئىنسان.

## ماندارىن پۇلى

هەممە گەپ ماندارىنىدىن چىقتى.
مەھەللە كومىتېت رەئىسى يېڭى يىل زى‑
ياپىتى ئۈچۈن ماندارىن ئەكەلمەكچى
بولۇپ خادىملاردىن پۇل يىغىشقا كىرىش‑
تى. مەتبۇئات خادىملىرىدا پۇلنىڭ سانى
تالانت، ئەمگەك ۋە قىزىقىش بىلەن ئۆل‑
چىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىدە كەمرەك،
بىرسىدە كۆپرەك ئانچە ‑ مۇنچە قېقىۋالىدىغان‑
لاردا بولسا ئاي ئاخىرغىچە هېچنەرسە قالماي‑
دۇ. لېكىن ماندارىن هەممە كىشىگە كې‑
رەك. تۈنۈگۈن كەلگەن پراكتىكانت يىگىت‑
مۇ قىزىققان هالدا:
ــ ماندارىن... بۇ ئاپېلسىنمۇ؟ ــ
دەپ سورىدى.
ــ ياق، ــ دېدى خەت ‑ چەكلەر بۆ‑
لۈمىنىڭ مۇدىرى بىلەرمەنلىك قىلىپ، ــ
ماندارىن دېگەن ئاپېلسىندىن كىچىكرەك،
لىموندىن تاتلىقراق، سىتروس دەرىخىنىڭ
مېۋىسى.
بىردەمدە هەممە تەرەپكە «ماندارىن،
ماندارىن» دېگەن گەپ تارقالدى. يانچۇق‑
لار كولاندى. خىزمەتداشلاردىن قەرز
ئالغانلارمۇ بولدى. ئادەتتىدەك يېزا ئىگى‑
لىك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ــ كوررېكتوردىن،
سانائەت بۆلۈمى مۇدىرى ــ باش مۇھەررىر‑
نىڭ شوپۇرىدىن، مەسئۇل كاتىپ ماشى‑
نىستكىدىن قەرز ئالدى.
مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىي
خادىمى، يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان دۇسمەت
قوزى بۆلۈمدە بىللە ئىشلەيدىغان كىشىگە
يۈزلەندى:
ــ مائاش چىققۇچە ئون بەش سوم
بېرىپ تۇرالامسىز؟
ــ كاشكى بولسا! ــ دېدى بۆلۈمدە
بىللە ئولتۇرىدىغان كىشى ئالقانلىرىنى
ئېچىپ. ــ تۈنۈگۈن خوتۇنىغا پەلتو ئالغان‑

دۇق. پەلتۇدىنمۇ ياقىسى قىممەت ئىكەن.
بولسا، جېنىم بىلەن بېرەتتىم. ئۆزۈمگىمۇ
بەش سومدەك كەملەۋاتىدۇ.

بۇ كىشى قىپقىزىل يالغان ئېيت-
تى. بۇلى ھەر ئىككىلىسى سېزىپ تۇرۇ-
شاتتى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ دۇس-
مەت بۇ كىشىدىن بىرنەچچە قېتىم قەرز
ئالغان، ئەمما ۋاقتىدا قايتۇرالماي، خىلى-
غىچە خىجالەت بولۇپ يۈرگەنىدى.

— مەندىمۇ ئۈچيۈز سومدەك بار ئىدى-
يۇ، — دېدى دۇسمەت يالغان سۆزلەپ،—
تۈنۈگۈن بازار كۈنى خوتۇن ئۆزىگە ھالقا
ئېلىپ كەپتۇ. خېلى ئۇرۇشتۇق. «ئۇنى
ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟» دېسەم «تىللانىڭ
باھاسى يەنە ئۆسىدىكەن» دەيدۇ. تازا
خاپا بولدۇم. ئەسلىدىچۇ، پۇلنىڭ بەرىكىتى-
نى شۇ خوتۇنلا ئۇچۇرىدۇ. مانا ئەمدى
نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن. چۈشلۈك
تاماققا سەۋرى ئاچىدىن بىر سوم ئالدىم،
يېقىندىن بېرى قەلەم ھەققىمۇ ئىشلە-
مەيۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— كىم بىلىدۇ دەيسىز، ھېرىپ قېلى-
ۋاتىمەن. كەچتە ئۆيگە ئاران - ئاران سۆ-
رىلىپ بارىمەن - دە، «خەلقئارا خەۋەر» نى
كۆرۈپلا ئۇيقۇغا كېتىمەن.

بۆلۈمدە بىللە ئولتۇرىدىغان كىشى
نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئادەم ئادەتلىنىش كېرەك، قالايمى-
قان لەلەڭشىپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق.
ھەر شەنبىدە ئىككى - ئۈچتىن لەتىپە يا-
كى دانا سۆزلەرنى يازسىڭىزمۇ چاي پۇلى-
ڭىز چىقىپ قالىدۇ.

— توغرا، — دېدى دۇسمەت قوزى ئۈچ
كۈندە بىر ئالىدىغان ساقىلىنى سىلاپ، —
بۇرۇن بەك كۆپ قىزىق لەتىپىلەر، ھەج-
ۋىلەر يازاتتىم، ھېكايىلىرىممۇ چىققان.
ھازىرمۇ كېچىلىرى بەزەن ئۇيقۇم قېچىپ
كېتىپ، قىزىق - قىزىق تېمىلار، لەتىپىلەر
خىيالىمغا كېلىدۇ - يۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ
يېزىشقا ئېرىنىمەن. ئەتىسى ئېسىمدىن
چىقىپ كېتىدۇ.

— ياستۇقىڭىزنىڭ ئاستىغا قەلەم،
قويۇن دەپتەر قويۇپ يېتىڭ. ئېسىڭىزگە
كەلگەن ھامان دەرھال تۇرۇپ يېزىڭ.

— ئورۇندىن تۇرۇپ چىراغنى ياق-
ماق بىر ئاۋارىچىلىق - تە؟

— ئۇنداقتا باش تەرىپىڭىزگە ئۈس-
تەل چىرىغىنى قويۇپ يېتىڭ. ئىسسىق
ئورۇندىن تۇرۇپ ئاۋارە بولمايسىز.

دۇسمەت قوزى يەنە جىمىپ قالدى.

— يېقىندا ئۈستەل چىرىقى ئۈچۈن كار-
ۋاتنىڭ باش تەرىپىگە توكقا ئورنا تقۇزدۇم، —
دېدى ئۇ خۇرسىنىپ، — يەنە بولمىدى.
خوتۇن «ئۆچۈرۈڭ چىراغنى، يارمەت ئوي-
غىنىپ كېتىدۇ!» دېدى، ئوغلىمىز يارمەت
ئۈچ ياشقا كىردى. بەك قارغىش. شۇنداق
قىلىپ، ئورغۇنلىغان تېما، كۈلكىلىك گەپ،
لەتىپە ۋە قالتىس پىكىرلىرىم يېزىلماي
ئېسىمدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

بۆلۈمدە بىللە ئولتۇرىدىغان كىشى
دۇسمەت قوزىغا قارىدى. ئۇنىڭ قاپىقى
سېلىنىپ، بىر نۇقتىغا ئويچان تىكىلىپ
تۇراتتى.

— خوتۇنىڭىز بىلەن بىللە ياتامسىز؟

— قايسى مەنىدە؟ — دەپ سورىدى
دۇسمەت.

— بىر كارىۋاتتىمۇ؟

— ھە، كارىۋىتىمىز يانمۇيان
قويۇلغان.

بۆلۈمدە بىللە ئولتۇرىدىغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالقىنىنى بىر - بىرىگە سۈركىدى - دە:

— ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلىسىز، دۇسمەت قارىي، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — ئېسىڭىزگە بىرەر تېما، لەتىپە، ئاجايىپ پىكىر كېلىپ قالسا، چىراغنى يېقىپمۇ، يېزىپمۇ ئولتۇرماڭ. چۈنكى بالائى يىغىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ياخشىسى، ئاستا تۇرۇپ خوتۇنىڭىزنى ئويغىتىڭ.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن ئاشۇ مېڭىڭىزگە كەلگەن پىكىرلەرنى خوتۇنىڭىزغا پىچىرلاپ ئېيتىپ بېرىڭ. ئەتىسى ئېسىڭىزگە سالىدۇ.

دۇسمەت قوزى غەلىتە ھىجايدى.

— شۇنىمۇ قىلىپ باقمىغانمىز، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ئۇستەلگە تىرەپ، — دەسلەپ خوتۇنۇمنى نوقۇپ ئويغىتىش خېلى قىيىن بولدى. كېيىن پايدا - زىيىنىنى چۈشەندۈرگەندىن، كېيىن ئاران كۆندى. يېڭى گەپلەرنى ئۇنىڭغا پىچىرلاپ، ئېيتىپ بەردىم...يەنە بولمىدى.

— نېمىشقا؟

— خوتۇنۇم ئۇخلاپ قالدى.

بۆلۈمدە بىللە ئولتۇرىدىغان كىشى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قورسىقىنى تۇتۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى ھەجۋى ئەسەر تەييار بولغانتى.

بىر ئازدىن كېيىن دۇسمەتمۇ قوپۇپ قەزز سورىغىلى رەسساملار بۆلۈمىگە ماڭدى. بۆلۈمدە بىللە ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان كىشى بولسا يېنىپ كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئاپئاق قەغەز يۈزىگە «مانادارىن پۇلى» دەپ يېزىپ، ئۈستىنى سىزىپ قويدى.

(«چىنارلار قوشىقى» توپلىمىدىن ئېلىندى)

ئا. خەلپەت تەرجىمىسى

**3 - سانغا تۈزىتىش**

| بەت | كاتونكا | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 65 | — | 10 | — | سالىم | سايىم |
| 92 | 1 | — | 11 | قورۇلملار | قورۇمىلار |
| 115 | — | — | 2 | سىياسىتى | سىياسىتى |
| 118 | — | — | 7 | دەرۋىنىڭ | دەۋرىنىڭ |
| 143 | 1 | — | 10 | مىڭ يىل تـ يىل | مىڭ يىل تـ |
| 143 | 1 | — | 8 | مىڭ ياشىساڭ | مىڭ يىل ياشىسام |
| 151 | — | — | 15 | پايامى ساپ | پاپامى ساپا |
| 152 | — | — | 14 | ئەنىس بوخچ | ئەنىس بەھچ |
| 153 | — | — | 3 | جاھىت سىدىق | جاھىت سىدىقى |
| 154 | — | 11 | — | بەھچەت نەجاتىگىل | بەھجەت، نەجاتلىگىل |
| 156 | — | 13 | | سەرۋەتى پوتۇن | سەرۋەتى پۈتۈن |

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئەدەبىيات گېزىتى» 1988 - يىلى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئون چوڭ خەۋەرنى باھالاپ چىقتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) لىيۇ زەيفۇ بىر سۆھبەت خاتىرىسىدە «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياۋشۆيىن بۇ ماقالىنى قىلىنغان ھاقارەت ۋە تۆھمەت، دەپ قارىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بەس - مۇنازىرە كۆتۈرۈلدى.

(2) ئەدەبىي خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان رومان «تاجسىز پادىشاھ» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تالاش - تارتىش كۆتۈرۈلۈپ، ئەسەر ئاپتورى سوت تەكشۈرۈشكە يوليولۇلدى.

(3) تېلېۋىزىيە فىلىمى «لاتقا» تېلېۋىزوردا قويۇلغاندىن كېيىن قىزغىن تەسىر ۋە بەس - مۇنازىرە قوزغالدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ فىلىمنى قايتا كۆرسەتتى.

(4) ئون نەچچە نەشرىيات شەھۋانىي مەزمۇندىكى كىتابلارنى نەشىر قىلغانلىقتىن، ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاپقان پايدىسىنى مۇسادىرە قىلىش، جەرىمانە قويۇش ياكى ئىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش جازاسى بېرىلدى.

(5) ليۇشۇنىڭ ئوغلى جۇخەيىڭ دادىسىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتى ئۈ - چۈن خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى بىلەن دەۋاغا چۈشتى.

(6) «گۈلىستان» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانى تىككىي خىل چىقتى. بىر - سىگە سۈشاۋكاڭ، لى شىشۇ، چىن جىڭخېلار بىرلىشىپ يازغان «ئوتتۇپىيە تەزىيىسى» بېسىل - دى. يەنە بىرىگە لى خۇيىڭنىڭ «ئەدەبىيات پاجىئەسى — خۇفىڭ ناھەق دېلوسىنىڭ باش - ئاخىرى» بېسىلدى.

(7) دەي چىڭيى «ۋاڭ شۈيى ۋە ياۋا پىياز گۈلى» نى يېزىپ، يەنئەن دەۋرىدىكى ئەسەر «ۋاڭ شۈيى دېلوسى» ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئوخشىمايدىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى زات - لارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

(8) خۇچىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت - لىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتقا ۋەكالەتەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، مۇنازىرە ئەركىنلىكىنى قايتا تەكىتلەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى كونكرېت ئىشلارغا ئارىلىشىشى لازىم، رەھبەر بولغۇچى كىتابخان ۋە تاماشىبىن سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئۆز پىكرىنى بەرسە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمە ۋە بۇي - رۇق بولۇپ قالماسلىقى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ مېڭمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى يولداشلارنىڭ «يارلىق چۈشۈرۈپ» ئارى -

www.uyghurkitap.com

لمشۇالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى.

(9) 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى يېڭى ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ئىسمىلىكىنى ماقۇللىدى.

(10) 108 ئەدەبىي ژۇرنال قاتناشقان «جۇڭگو دولقۇنى» بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئەدەبىي ئاخباراتلارنىڭ باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. كۆچلۈك تۇرمۇش بۇرنىقىغا ۋە تەنقىد ئېڭىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى.

△ 1988 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا لىيۇزەيفۇ شۋېتسىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پروفېسسور مايۇرەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇ بۇ مۇراسىمغا رەسمىي قاتناشقان تۇنجى جۇڭگولۇق. ھازىر مەملىكىتىمىزدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىشقا نىسبەتەن ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت.

لىيۇزەيفۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى «ئەدەبىيات گېزىتى» مۇنبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ قارىشىمچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش خېلى ئادىل بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شولوخوۋ، پاستېرناك، سولژېنىتسىن، برودزىسكى، ئامېرىكىدىن سىنگېر، سائول بېللوۋ، ياپونىيىدىن چۇەن دۇەن كاڭچىڭ، لاتىن ئامېرىكىسىدىن گارسىيا مارىكىز قاتارلىقلارغا مۇكاپات بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق مۇشكۈلاتلىرى سۆزلەنگەن، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈلگەن. جۇڭگودىكى بەزى چوڭ يازغۇچىلارمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىمىگەندى. ئۇلاردىن باجىن، بىڭ شىن، ئەيچىڭ، چيەن جۇڭشۇلار ھېلىمۇ ھايات.

جۇڭگو يازغۇچىلىرى ھازىرغىچە بۇخىل ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشەلمىدى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى رېئال ۋەزىيىتى ناھايىتى ئېغىر، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار ئىچىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش قىيىن بولغان، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشلىنىشى بىلەن بۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈشكە قەدەم قويۇلدى. ئۇنى يەنە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. مەن يازغۇچىلاردىن بۇنىڭدىن كېيىن تاشقى ئامىل تۈپەيلىدىن بۇخىل مۇلاھىزىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن».

△ مەملىكەتلىك فرانسۇز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى يېقىندا بېيجىڭدا «زولا مەسىلىسى» مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئاز بولمىغان يولداشلار: ئۇزۇندىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە رېئالىزم كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ناتۇرالىزم كەمسىتىلدى. بۇ، ناتۇرالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تونۇشنىڭ كەم ـ كۈتىلىكى ۋە ئېنىكېلىسنىڭ خاركىنىسقا يازغان خېتىدىكى ئۇزۇن خېتىدىكى ھۆكۈملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زولا ۋە ناتۇرالىزمنىڭ ماھىيىتىنى، بۇ ئېقىمنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە ئەسەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆزىتىشىمىز زۆرۈر. ھەرگىزمۇ ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ بىر زامانلاردىكى گەپ سۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇن قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، دېيىشتى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات گېزىتىنىڭ خەۋەر بېرىشىچە قارىغاندا، يېقىندا 1988 ـ يىللىق دۆلەت ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىلغان. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئادەم ۋە ئەسەرلەر: بالىلار

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى «كوكوتىسى ۋە
ئۇنىڭ دوستلىرى» نىڭ ئاپتورى ۋاڭمىڭ،
«ئەدەبىي ئەسەردىكى باش قەھرىمان توغرىـ
سىدا» ۋە «ئەدەبىيات رېئاللىقنى ئىزدىمەكتە»
نىڭ ئاپتورى جىززىبورك، «ھالسىرىغان ئۇمىد»
نىڭ ئاپتورى دۇدىنتسوۋ، «تۈنەپ قالغان ئالاـ
تۇن رەڭلىك بۇلۇت» پوۋېستىنىڭ ئاپتورى
پىرستاۋكىن ھەمدە «تاغ ئارقىسىدىكى سادا»
ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى مامولوۋـ
لاردىن ئىبارەت.

△ يۈەن كېجيا «جۇڭگو مودېرنىزم
ئەدەبىياتىنىڭ ئون يىللىق يېڭى تەجرىبىسى»
ناملىق ماقالىسىدە 1988 ـ يىلدىن بۇيانقى
ئون يىل ئىچىدە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتـ
سەنئىتىنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەسىرىنى خۇلاـ
سىلىگەن: 1978 ـ يىلدىن بۇيان، مەملىكەـ
تىمىزدە چەت ئەلنىڭ 400 پارچىدىن ئارتۇق
كىتابى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرـ
قى زامان ۋە مودېرنىزملىق تەسەرلەر بولدى. شۇنىڭ
بىلەن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى يېڭى دەۋردىكى
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر
قىلدى. شېئىرىيەت زېمىنىدا گۇڭگا شېئىرلار
مەيدانغا كەلدى. گۇڭگا شېئىر يازغۇچىلاردا
رايى يېنىش تۇيغۇسى بولغىنى بىلەن ئۈمىدـ
سىزلىك ئىدىيىسى بولمىدى. نارازىلىق تۇيـ
غۇسى بولغىنى بىلەن ھەممىنى يوققا چىقىرىدىـ
غان ئىدىيە بولمىدى. پروزىچىلىقتا ئاڭ ئېقىـ
مى پروزىسى مەيدانغا كەلدى. ۋاڭ مېڭ
پروزىدا يەنىلا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىـ
نى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، ئاڭ ئېقىمىنىڭ
بەزى ماھارەتلىرىنى قوللىنىپ بىرقەدەر يۈزە
قاتلامدىكى پىسخىك پائالىيەتلەرگىچە يازدى.
مايۈەن «گاندىسىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى» دا ئېكىزـ
لىكتىكى مىللەتنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، تەـ
بىئەت بىلەن ئادەمنىڭ يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە

بولۇپ كەتكەنلىكىدەك چوڭقۇر قاتلامدىكى
پىسخىك ئاڭنى ئەكس ئەتتۈردى.

نەزەرىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭى
تەنقىد مەيدانغا كەلدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى
تارتىدىغىنى ئۈچ قېتىملىق چوڭ بەس ـ مۇنا ـ
زىرە بولدى.

بىرىنچى، 1980 ـ يىلدىكى گۇڭگا شېـ
ئىرلار توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە؛ ئىككىنـ
چىسى، 1982 ـ يىلى شۈچىنىڭ «زامانىۋىلاشـ
تۇرۇش ۋە مودېرنىزم» ناملىق ماقالىسى قوزغىـ
غان مۇنازىرە؛ ئۈچىنچىسى، 1985 ـ يىلى
ليۇزەيفۇنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىلىقى
توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى
قوزغىغان مۇنازىرە. بۇ ئەھۋاللار مودېرـ
نىزم ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان
ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ
ۋە چوڭقۇر بولغانلىقىنى، ئاساسىي جەھەتتىن ئىجابىي
ۋە پايدىلىق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
يۈەن كېجيا مۇنداق ھېسابلىغان: ھازىرقى زاـ
مان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بىرقەدەم ئىلگىرىـ
لىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مودېرنىزم
ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا
قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگوـ
نىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو مودېرـ
نىزمىنىڭ مۇناسىۋىتى، مودېرنىزمنىڭ مىللىي
ئەنئەنە، دۆلەت ئەھۋالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
ئەقلىچىلىك بىلەن غەرب مودېرنىزمىدىكى غەيـ
رىي ئەقلىچىلىك خاھىشىغا قانداق مۇئامىلە
قىلىش ھەمدە غەيرىي شەكىلچىلىك بىلەن
غەرب مودېرنىزمنىڭ شەكىلچىلىك خاھىشىغا
قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ھەل قىـ
لىش كېرەك.

△ ئامېرىكا كېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە
قارىغاندا، ئالېكساندىر سولژېنىتسىننىڭ «گۇـ
لاگ تاقىم ئاراللىرى» ناملىق رومانى سوۋېت

ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 10-سانىغا بېسىلغان. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن شۇ سان ژۇرنال تارقىتىلمىغان، ئۈچ قىسىملىق بۇ رومانىدا گۇلاگ تاقىم ئاراللىرىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىنىڭ ھەققىي ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن.

△ يېقىندا خىبېي ئۆلكىسى شىجاجۇاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يازغۇچى ليۇجىن ۋاڭ فايىڭنىڭ ئابرويىغا داغ تەككۈزگەنلىكتىن ۋاڭ فايىڭغا 1400 يۈەن پۇل تۆلەپ بېرىشى كېرەك دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار سوراق قىلىنىۋاتقاندا مۇنازىرىلەشكەن. دەۋاگەر ۋاڭ فايىڭ: ليۇجىن «قاراڭ، بۇ ئەپتەر گۈلگە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ ۋە بىرنەچچە ژۇرنالدا كۆچۈرۈپ باستۇرۇپ مېنىڭ شەخسىيىتىمگە تەگدى. ئابرويىمنى تۆكتى، دەپ شىكايەت قىلغان.

جاۋابكار ليۇجىن ۋاڭ فايىڭنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ: مەن ۋاڭ فايىڭنىڭ ھەققىي ئىشلىرىنى يازدىم. يالغان يېرى يوق، دېگەن.

سوت مەھكىمىسى مۇنداق قارىغان: ليۇجىن ئۆز ئەسىرىدە ۋاڭ فايىڭنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تۆككەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسىرىنى بىرنەچچە ژۇرنالدا باستۇرۇپ ناچار تەسىرىنى كېڭەيتكەن. دەۋاگەرنى مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچراتقان. جاۋابكار «ئاياللار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرغان ۋاقتىدا، ئەسەردىكى ھاقارەت خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلارنى قىسقارتىۋەتمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، تېما ۋە قىستۇرما رەسىملەر بىلەنمۇ دەۋاگەرنى سۇندۇرغان. «قانۇنچىلىق ئەدەبىياتىدىن تاللانما»، «جاڭخې ئەدەبىياتى»، «ۋېنخۇي» ژۇرناللىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋاڭ فايىڭنىڭ ئابرويىغا داغ تەككۈزدى. ئۇلارمۇ بەلگىلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ليۇجىن بۇ ھۆكۈمگە رازى بولماستىن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنماقچى بولغان.

ئەزىم ناسىر

# چېچەكلەر ۋە غۇنچىلار

## ھېسلىرىمنى ئويغىتىدۇ دەريالار

ھېسلىرىمنى ئويغىتىدۇ دەريالار،
يۈرىكىمنى قۇچار ئىلھام چايقىلىپ.
سۈزۈك زۇمرەت بولۇپ دىلغا شىپالار،
سىڭىپ كېتەر كۆكرىكىمدىن جاي ئېلىپ.

شەپەق رەڭگى ئەكس ئېتەر كۆزۈمدە،
دولقۇنلارغا تۇرسام ئۇزاق تىكىلىپ.
بەخت نۇرى جىلۋىلىنەر يۈزۈمدە،
كۆڭلۈم گويا زەڭگەر كۆكتەك ئېچىلىپ.

سۇ تەكتىدە جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار،
نازۇك ئىلھام يىپلىرىمنى تىترىتىپ.
خىيالىمدا كۈلەر چېچەك قۇندۇزلار،
يۈرىكىمنى بۆشۈك كەبى تەۋرىتىپ.

ئىللىق سېزىم ئوراپ ئالار تېنىمنى،
يىراقلارغا مەغرۇر نەزەر تاشلىسام.
سىياھ قىلىپ پۈتكۈل يۈرەك قېنىمنى،
ئويناق ـ جۇشقۇن لىرىكامنى باشلىسام.

ئاي تۆكىدۇ يۈزلىرىمگە كۈمۈش نۇر،
شوللىلارغا ئوراپ كىرسىز قەلبىمنى.
بېغىشلايدۇ ماڭا چەكسىز كۈچ ـ غۇرۇر،
ئىجادىمدىن تاپسام تەلەي ـ بەختىمنى.

ھېسلىرىمنى ئويغىتىدۇ دەريالار،
شاۋقۇنلىنىپ، ئۆركەش ياساپ، كۆۋەجەپ.
مەنزىلىمنى توسار قاپتال ـ قىيالار،
يامىشىمەن قىيالارغا تىرەجەپ!...

## تاڭ پەيتىدە

سۈزۈك شەبنەم چاقنار گۈلنىڭ بەرگىدە
جۇلالىنىپ كىرىستالدەك پارقىراپ.
شەپەق نۇرى سۆيۈپ سەھەر پەيتىدە،
چاقار كۆزنى ياقۇت كەبى يالتىراپ.

زۇمرەت چاچقۇ چاچار قۇياش زېمىنگە،
گۈل ـ گىياھلار ياشنار ھايات چانلىنىپ.
گۈلنىڭ ھىدى قۇۋۋەت بېرەر زېھنىگە،
نازۇك بەرگى گۈلگۈن بولۇپ رەڭلىنىپ.

بۇلبۇل كۈيى ئەسىر قىلار كۆڭۈلنى،
ئوينار يۈرەك لەززەتلىنىپ سۆيگۈدىن.
ئىزگۇ ھېسلار بېسىپ دىلغا مۆھرىنى،
يېڭى ئىلھام قاينار بۇنداق سەزگۈدىن.

سالقىن شامال ئۇچۇپ ئۆتەر شەپىسىز،
تىترەر گۈلنىڭ ياپراقلىرى دىرىلداپ.
كۈلەر زېمىن گۈزەللىشىپ مىسلىسىز،
كۆڭۈل يايرار تاڭ پەيتىدىن سۆيۈن دەپ.

شەپەق نۇرى يېيىپ ئۆتەر تۇماننى،
ياقۇت رەڭلىك تاج كىيدۇرۇپ تاغلارغا.
گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرۇپ جاھاننى،
سۈزۈك زۇمرەت ئېقىپ كىرەر باغلارغا.

## جەڭگاھلاردىن ئاختۇرىمەن بەختىمنى

جەڭگاھلاردىن ئاختۇرىمەن بەختىمنى،
مېنىڭ بەختىم قىلىچلارغا بۆلەكلىك.
جەڭ قىلىمەن ئۈستۈن تۇتۇپ قەددىمنى
كويىقاپقا ئاتلىنىمەن يۈرەكلىك.

ئانام ماڭا بەخت قوشۇپ تۇغمىغان،
تەقدىرىمنى بەرگەن جەڭگە تاپشۇرۇپ.
تۆشەك سېلىپ ئىززىتىمنى قىلمىغان،
تۇلپار قىلىپ باققان مېنى تاڭشۇرۇپ.

ئەزان چىللاپ «باتۇر» قويۇپ ئىسمىمنى
ئىقبالىمنى جەڭگاھلاردىن تىلىگەن.
تاۋلاش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ جىسمىمنى،
يۈرىكىمنى شەمشەر قىلىپ بىلىگەن.

كەمەر قىلىپ بەرگەن ئاينى بېلىمگە،
يۇلتۇزلارنى پىستان قىلىپ سوقتۇرغان.
چوققىلارنى تىرەپ قويۇپ تىنىمگە،
بۇلۇتلارنى چاقماق قىلىپ چاقتۇرغان.

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرى ھەيۋەتلىك،
تومۇرۇمدا ئاقار قېنىم ۋىشىلداپ.
بىلار ھامان يىگىت جەڭدە شۆھرەتلىك،
جەڭ پەيتىدە ئولتۇرمايمەن مىشىلداپ.

جەڭگاھلاردىن ئاختۇرىمەن بەختىمنى،
مېنىڭ بەختىم جەڭگاھلارغا كۆمەكلىك.
جەڭگاھ ھامان ئەسىر قىلار قەلبىمنى،
بولۇپ ئۈستۈم مەنمۇ جەڭگە كىرەكلىك.

## گۈلگە قارا

گۈلگە قارا، سەن گۈلنى پۇرا،
گۈل چىرايلىق گۈل زەپ پۇراقلىق.
گۈلنى سۆيسەڭ مەندىن گۈل سورا،
يۈرىكىمگە لىق گۈل ئوراقلىق.

گۈلگە قارا، گۈلنىڭ بەرگىدىن،
سۈزۈك شەبنەم ئاقار تامچىلاپ.
مەھرۇم قىلىپ ۋىسال پەيتىدىن،
سەن بۇلبۇلنى قويما قامچىلاپ.

گۈلگە قارا، سەن گۈلنى ئاسرا،
نازۇك بەرگى توزۇپ كەتمىسۇن.
گۈلنى سۆيسەڭ ئوغرىدىن ساقلا،
يۇمران گۈلنى نابۇت ئەتمىسۇن.

گۈلگە قارا، بولۇپ گۈل سۆپەت،
بىلسەڭ گۈلدە بار ئەجەب خىسلەت.
گۈل بەرگىدە باردۇر خاسىيەت،
گۈل ئەتىۋار، شۇڭا گۈل قىممەت.

گۈل تېرىغىن، سۆيسەڭ گۈلنى سەن،
مېنىڭ قەلبىم گۈلنىڭ تۇپرىقى.
گۈل ئۆستۈرگىن، ئاسرا گۈلنى سەن،
چەيلەنمىسۇن گۈلنىڭ ياپرىقى.

## چۇقان

سوققىنىدا دەھشەتلىك بوران،
غازاڭلاردىن چىقار بىر چۇقان.
تاغلار ھۇۋلاپ گويا بۆرىدەك،
ئەكس سادا قايتۇرار شۇئان.


زېمىن قاتتىق تەۋرەپ ـ سىلكىنىپ،
ئويقۇسىدىن ئويغىنار ئورمان.
ئۇۋىسىغا قايتىدۇ بۈركۈت،
دالىلارنى قاپلايدۇ چۇقان.

ھەمراھ بولۇپ مال پادىسىغا،
جىلغىلاردىن ئۆتكەندە چوپان.
ئېرىشمەكچى بولۇپ ئولجىغا،
ئاچ بۆرىلەر سالىدۇ چۇقان.

چۇقان بىلەن پۈتكەن بۇ ئالەم،
چۇقانلاردىن تىنجىماس قۇلاق،
چۇقانلارغا بۆلەنگەن زېمىن،
چۇقان سېلىپ يىغلايدۇ بوۋاق...



ئەدىبلىرىمىز. ئوڭدىن سولغا 1 - رەت: مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا، ئىبراھىم بارات (سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى)، زۇ - نۇن قادىر. 2 - رەت: رەھمىتۇللا جارى، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئاب - لىمىز نازىرى.




《塔里木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1989 - يىل 3 - سان (337 - سان)، 39 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010/I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.